国家出版基金项目
دۆلەتلىك نەشر فوندى تۈرى

«قەشقەر» مەجمۇئەسى (1)

# چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى

# قەشقەر

( ئىككىنچى قىسىم )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

外国人眼里的喀什噶尔. 2：维吾尔文/阿迪力·穆罕默德，台来提·吾布力哈斯木编译. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.4

(喀什噶尔系列丛书)

ISBN 978-7-5373-1773-3

I. 外… II. ①阿… ②台… III. 喀什地区—概况—维吾尔语（中国少数民族语言）IV. K924.52

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第043830号

责任编辑：欧斯满江·祖农

责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

《喀什噶尔》系列丛书

# 外国人眼里的喀什噶尔

## （下）

主编：阿迪力·穆罕默德

编译：阿迪力·穆罕默德<br>台来提·吾布力哈斯木

---

喀什维吾尔文出版社出版

（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）

各地新华书店经销

新疆新华印刷厂印刷

880×1230 毫米 1/32 开本 11.625 印张 插页 2

2009 年 5 月第 1 版 2009 年 5 月第 1 次印刷

印数：1—3000 定价：30.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998-2653927

# «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى

باش پىلانلىغۇچى: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇدىرلار: لىيۇ چاڭمىڭ
مىجىت قادىر

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ شىنتەي
گۈلشەن تۇراخۇن
ئىمىن ئەھمىدى
جاۋ شىنيۇ
مۇتەللىپ توختى

ھەيئەتلەر: ئابدۇكېرىم راخمان
ئادىل مۇھەممەت
نىي گۇاڭيۇ
كېرىمجان ئابدۇرېھىم
ئابلاجان سىيىت
ئەركىن ئەمەت

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

# 《喀什噶尔》系列丛书编委会

总策划：　司马义·铁力瓦尔地

主　任：　刘长明
　　　　　米吉提·卡德尔

副主任：　张新泰
　　　　　古力先·吐拉洪
　　　　　依明·艾合买提
　　　　　赵新尉
　　　　　木太力甫·托合提

委　员：　阿布都克力木·热合曼
　　　　　阿迪力·穆罕默德
　　　　　聂光玉
　　　　　克力木江·阿布都热依木
　　　　　阿布拉江·色依提
　　　　　艾尔肯·艾麦提

主　编：　阿迪力·穆罕默德

# كىرىش سۆز

قەشقەر — ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر ۋىلايىتىگە 12 ناھىيە (شەھەر) تەۋە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 690 مىڭدىن كۆپرەك.

قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر رايونى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. XV ئەسىردە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر ئىزچىل تۈردە قەدىمىي «يىپەك يولى» دىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىلاسسىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قەشقەردە بارلىققا كەلگەن «سۇلى نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نەغمە ۋە ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن: «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تارىخى رەشىدىي»،

«ئون ئىككى مۇقام» قاتارلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت - سەنئەت جەۋھەرلىرى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. قەشقەرنىڭ شارائىتى ئەۋزەل، بايلىقى مول، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «مېۋە - چېۋە ماكانى» ۋە «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن ئېسىل نامى بار. قەشقەر ئۆزىنىڭ مول ۋە كۆپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخى، مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىگە سىمۋول بولۇپ قالغانىدى. «قەشقەرگە بارمىسىڭىز شىنجاڭغا بارغان بولمايسىز» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز قەشقەرنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان سىرلىق بىر جايغا ئايلاندۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ۋە ساغلام بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان قەشقەرنىڭ قىياپىتىدە مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھازىر قەشقەر مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ ئاشلىق جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى؛ نېفىت، توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ مول ۋە رەڭدار ساياھەت بايلىقى، چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق تارىخي

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھەيۋەتلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قايناق زېمىنغا ئايلاندۇردى؛ قەشقەردە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغان، ئىشىك سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دۆلەتنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. مەن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەردە كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، قەشقەردىن ئىبارەت «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» نى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى — قەشقەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر مول مېۋىسى بولۇپ، بۇ مەجمۇئەدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، قەشقەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، مەدەنىيەت - سەنئىتى، سىياسىي - ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار ئوبيېكتىپ ۋە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ بۇ مەجمۇئەدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قەلبداش، ھەمنەپەس،

تەقدىرداش بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىققانلىقىدەك شانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ مەزمۇنى مول، ماتېرىياللىرى ئەينەن، سان - سىپىرلار توغرا بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىش ۋە قەشقەرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قەشقەرنىڭ يەرلىك تەزكىرە — قامۇسى ھېسابلانغان بۇ مەجمۇئەنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق يەرلىك تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش» تىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى

2009 - يىل 1 - يانۋار، بېيجىڭ

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

# نەشرىياتتىن

«يىپەك يولى، دىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭق چىقارغان. قەشقەر بوستانلىقى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز جۇغلانغان، ئىزچىللاشقان ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن جاي.

قەشقەرنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق، تولۇق تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم. تەخىرسىز خىزمەت بولۇپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلماقچى بولغان «قەشقەر» مەجمۇئەسى مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان، قەشقەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مەجمۇئە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى جەمئىي 30 خىل (31 دانە) كىتاب بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيىسى، ئېكسپېدىتسىيىسى، قەدىمكى ئەسەرلىرى، مائارىپى، سەنئىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، مىللەتلەر، دىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى، تەنتەربىيىسى، قاتنىشى، ساياھەتچىلىكى، يەر ناملىرى، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى، تەبىئىي بايلىقلىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مىللەتلەر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر شەخسلەر، چوڭ ئىشلار

خاتىرىسى، ئىلمىمىز مەنبەلىرىدىكى قەشقەر ۋە چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇتۈن مەجمۇئەدىن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە قەشقەرنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قەشقەر» مەجمۇئەسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە پىلانلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى باشلىقلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى، بىر تۈركۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا چىققان ئەل رايى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىدىغان، قەشقەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، «شىنجاڭ مەدەنىيەت ئامبىرى»دىكى نۇقتىلىق تۈردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتىدىكى رەھبەرلەرگە، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئاپتورلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 - يىل 1 - ماي، قەشقەر

# تۈزگۈچىدىن

قەشقەر تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى بوستانلىق. قەدىمكى زاماندىن باشلاپ قەشقەر بوستانلىقىدا ئاھالىلەر ياشاپ كەلگەن ھەم ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي جەريانلاردا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مانا شۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىي مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىپ، بىزنىڭ قەدىمكى قەشقەر ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چۈشەنچىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان غەرب ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئارخېئولوگلارنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، بۇ بوستانلىقنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىرگە نامايان قىلدى ھەم چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. گەرچە، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر بوستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان چەت ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلىرى بىزنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشلىكگە سەۋەب بولغان. ۋەتەن، مىللەت نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلاردىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خاتىرىلىرى، كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى — ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدىكى

تونۇشىمىزنى ئۆستۈردى، بولۇپمۇ مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىم ئارخېئولوگىيىسى ــ قەشقەر ئارخېئولوگىيىسىدە غايەت زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. شۇ سەۋەبتىن، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيىسىدە پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مەخسۇس قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاپ، مەخسۇس ئەسەر قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسمىلىرى مەخسۇس كىتاب بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان، بىر قىسمىلىرى خەنزۇچە نەشر قىلىنغانىدى. بۇ نۆۋەت، بىز ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىكى قەشقەرگە ئائىت مەخسۇس مەزمۇنلارنى تاللاش بىلەن بىرگە يەنە خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىكى قەشقەرگە ئائىت مەزمۇنلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىلگىرىكى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا ۋە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان قەلەم ساھىبلىرىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2008 ـ يىل 1 ـ ئۆكتەبىر، بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


قەشقەردە..........سۋېن ھېدىن 1

قەشقەر خارابىلىرى.......... مارك ئاۋرېل ستەين 34

قەشقەر — تۇمشۇق خارابىلىرى........پائول پېللىئوت 170

قەشقەرگە سەپەر..........ئالبېرت فون لېكوك 276

ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى..........چوقان ۋەلىخانوف 291

# قەشقەردە

## سۋېن ھېدىن

## قۇملۇق ھەققىدە رىۋايەت

دۇنيا جۇغراپىيىسىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، سۇيى قۇرۇپ كەتكەن، ئىنتايىن كەڭ دەريا قىنىغا ئوخشايدىغان، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ قىيپاش سوزۇلغان، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ئافرىقا قىتئەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر قۇملۇق بەلۋاغ بار. بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو ۋە ئىچكى موڭغۇل تەۋەسىدىكىسى گوبى چۆلى[1] دېيىلىدۇ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى (گوبى چۆلىنىڭ غەربىي چېتىدىكىسى) تەكلىماكان



سۋېن ھېدىن

[1] گوبى چۆلى – بۇگۈنكى «بادانگىلىن» قۇملۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

دېيىلىدۇ؛ روسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكىسى قىزىلقۇم ۋە قاراقۇم دېيىلىدۇ؛ پارس[1] زېمىنىدىكىسى دەشتى كەبىر؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئوتتۇرا شەرقتىكى قۇملۇق؛ ئاخىرقىسى شىمالىي ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدۇر.

بۇ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن قۇملۇق بەلۋاغ ئىچىدە ئەڭ قاقاس جاي يەنىلا تەكلىماكاندۇر. بۇ قۇملۇق ياركەنت دەرياسى ياكى تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، شىزاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسى بولغان ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىغىچە بارىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولمىغان بىپايان قاقاس رايونىكەن. مەن 1895 - يىلى ئەتىيازدا، بۇ ئورۇننى ئەلمىساقتىن بۇيان تۇنجى قېتىم كېسىپ ئۆتتۈم.

1894 - يىلى يازدىن باشلاپ قەشقەرنىڭ «خەنچىلىڭ» — يېڭىشەھەردە قىسقا ۋاقىت تۇردۇم، ئۇ جۇڭگونىڭ تارىم رايونىنىڭ مەركىزىكەن.

مەن پامىر ئېگىزلىكىدە تۆت ئاي تۇردۇم، يەنە كېلىپ مۇز تاغ ئاتىدا[2] كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان قىرغىزلار بىلەن بىللە تۇردۇم. شۇ مەزگىلدە بۇ تاغنىڭ 7880 مېتىرلىق چوققىسىغا تۆت قېتىم چىقىشقا ئورۇنۇپ ھېچقايسىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم.

1895 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا بارگاھىمنى ياركەنت دەرياسى بويىدىكى لايىقلىق دېيىلىدىغان مەينەت، مالىمان بىر جايغا يۆتكىدىم، مەقسىتىم كېيىنكى قەدەمدىكى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ئىدى.

يەرلىكلەر ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلدار مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش پىلانىمنى

① پارس — بۈگۈنكى ئىراننى كۆرسىتىدۇ.

② بۇ يەردە سۆزىن ھېدىن «مۇزتاغ»نى «مۇز تاغ ئاتا» دەپ خاتىرىلىۋالغان.

ئاقمايدىغان پىلان دەپ قارىشاتتى. بىراق، ئۇلار شۇنى بىلمەيتتىكى، ئاڭلىسا كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان ئاشۇ گەپلەر ئەكسىچە ماڭا ئىلھام بەرگەنىدى. تەسەۋۋۇرۇمنى كىشىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغانىدى، مەن ئۇ گەپلەر بىلەن قۇملۇق ئالدىدا مۇشكۇلاتلاردىن قورقۇپ ئارقىغا چېكىنمەيتتىم.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياركەنت دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسى ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا قەدىمدە بىر چوڭ شەھەر بولغانىكەن، بىراق بۇ شەھەر ئۇزاقتىن بۇيان قۇملۇق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىكەن، «تەكلىماكان» ئەسلىدە شۇ شەھەرنىڭ نامى ئىكەن، كېيىن پۈتكۈل قۇملۇقنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا جىن - شاياتۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئارىسىدا ئالتۇن - كۈمۈشلەر كۆمۈلۈپ ياتىدىكەن. مۇبادا بىراۋ كېلىپ ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتمەكچى بولسا، جىن - شاياتۇنلار تۇشمۇتۇشتىن قوتراپ چىقىپ ئۇ كىشىگە چاپلىشىۋېلىپ كەتكىلى قويمايدىكەن. ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاشلىۋەتسە، ئاندىن جېنىنى ساقلاپ قالالايدىكەن.

بىرنەچچە تېرىقچى ماڭا قۇملۇق ئارىسىدا نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى راستتىنلا دەپ بەردى. 80 ياشلىق بىر بوۋاي پىلانىمنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا مۇنداق گەپلەرنى دەپ بەردى: ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى بىر تونۇشى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەندىن ئاقسۇغا بېرىش سەپىرىدە قۇملۇقتا ئېزىپ قېلىپ، بىر قەدىمىي شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئۆيلىرىدە نۇرغۇن جۇڭگوچە ئاياغلارنى كۆرۈپ شۇنداق تۇتۇپ بېقىشىغا، ئاياغلار شۇ ھامان كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ؛ يەنە بىر كىشى ئاقساقمارال دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ قۇملۇققا كىرىپ، بىلىپ - بىلمەي بىر قەدىمىي شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ، ۋەيرانە ئۆيلەردىن نۇرغۇن كۈمۈش

ئىپىۋاپتۇ. خالتىسى ۋە يانچۇقلىرىنى كۇمۇشكە تولدۇرۇپ، بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەي دەپ ماڭغىنىدا، بىر توپ ياۋا مۇشۇك ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ كىشى كۇمۇشلەرنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، باي بولۇش خىيالى قوزغىلىپتۇ ـ دە، قۇملۇققا يەنە كىرىپتۇ. بىراق، ئۇ ھېلىقى سىرلىق قەدىمىي شەھەرنى زادىلا تاپالماپتۇ. قۇم ئۇ شەھەرنى كۆمۈۋېتىپتۇ.

خوتەندە بىر ئىسلام مۇرىتىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنىكەن. ئۇ خەققە جىق قەرزدار بولۇپ قاپتۇ. ھەقدار قەرزنى سوپلەپ ئۇنىڭ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. ئۇ بەخىرامان ئۆلۈۋېلا كېتەي دەپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ قۇملۇقتىن



قەشقەردىكى مەدداھ (1923-يىلى سىكرايىس تارتقان)

دۈۋە ـ دۈۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تېپىۋاپتۇ، ھازىر ئۇ بىر كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ، سانسىزلىغان كىشىلەر شۇ كىشىدەك باي بولۇپ كېتىش ئارزۇسىدا قۇملۇققا كىرىشىپتۇيۇ، شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەپتۇ.

مېنى يوقلاپ كەلگەن بوۋاي مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتتى: كۆمۈكلۈك بايلىقنى تاپىمەن دېگەن كىشى ئالدى بىلەن جىن ـ شاياتۇنلارنى قويماي قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ جىن ـ شاياتۇنلار يولۇچىلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى ئۇيان يۈرۈپ، بۇيان يۈرۈپ يەنە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بېسىپ ئۆتكەن يولىغا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، ئاخىر مادارىدىن كېتىپ يىقىلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

لايقىلىقتا يەنە بىر كىشى مۇنداق گەپنى دەپ بەردى: ھېلىقى غايىب بولغان سىرلىق قەدىمىي شەھەر (يەرلىكلەر ئۇنى «سايچاتاق» ياكى «جىنقىلتاق» دەيدىكەن) بۇ يەردىن 15 كىلومېتىر نېرىدا، لايقىلىقنىڭ غەربىدە ئىكەن. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بەزىلەر ئۇنى كۆرۈپتىكەن. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم تاپالماپتۇ. پەقەت ھەممىگە قادىر خۇدالا ئادەمنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارالايدىكەن. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا پاركەنت[1] دېگەن يەردىن 12 كىشى بايلىق ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ كېتىپتۇ، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر ئەتىيازدا يولغا چىقىشنى راۋا كۆرىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار شۇ چاغدا قۇملۇقتا چىققان بوراننىڭ بايلىقنى ئېچىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. بىراق، يەنە بىر كىشى بىر ئاي ئىلگىرى بايلىق ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتىكەن، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

پاركەنت شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن بەزىلەردىن يەنە مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم: قۇملۇقتا سەپەر قىلىۋاتقان كىشى كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى

[1] پاركەنت ـ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەكەن ناھىيىسى.

ئاڭلايدىكەن، ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭسا ئېزىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ رىۋايەتنى ئوتتۇرا قەدىمكى ئەسىردە ياۋروپاغا مەشھۇر ساياھەتچى، ۋېنېتسىيىلىك ماركوپولو لوپنۇر قۇملۇقى ئۈستىدىكى خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: ساياھەتچىلەر كېچىدە سەپەر قىلىۋاتقىنىدا، ئۇلاردىن بىرەر ھەمراھلىرى كەينىدە قېلىپ ئۇخلاپ قالسا، ئويغانغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا، جىن - شاياتۇنلارنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلايدىكەن، جىن - شاياتۇنلار ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايمۇقۇپ كېتىپ ئېزىپ قالىدىكەن - دە، ھەمراھلىرىنى زادىلا تاپالمايدىكەن. نۇرغۇن ئادەم ئەنە شۇ تەرىقىدە قۇملۇقتا ئۆلۈپ كەتكەن. ماركوپولو جەزم قىلىپ شۇنداق دېگەن:

بۇ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردىن ئالدى بىلەن شۇنداق يەكۈن چىقاردىم، بۇ يەردىكى قۇملۇق ئەتراپىدىكى شەھەر - يېزىلاردا نۇرغۇن بىكار - تەلەپ كىشىلەر بار ئىكەنكى، ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايلىق ئىلاھى كېلىپ شۇ بىھېساب ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قوينىغا تۆكۈپ بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. بۇ خىلدىكى بايلىق ئىزدىگۈچىلەر توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان كىشىلەر ئىكەن، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇلاردىن بىزار ئىكەن، ئۇلار كۈنلىرىنى ئوغرىلىق، قاقتى - سوقتىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر ئىكەن، شۇڭا ياقا يۇرتلۇقلار ئۇلاردىن ئالاھىدە پەخەس بولۇشى كېرەك ئىكەن.

بىراق، بۇ رىۋايەتلەر زادى قەيەردىن كەلگەن؟ ئاقار قۇم كۆمۈۋەتكەن قەدىمىي كاتتا شەھەر — تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەت نېمە ئۈچۈن خوتەندە ۋە ياركەنت، مارالبېشى، ئاقسۇلاردا تارقالغان؟ ئەجەبا، بۇ ئاشۇ يەرلىكلەرنىڭ خىيالىمۇ؟ ئۇلار ئېھتىمال ئاللىقاچان ئادىمىزاتسىز قالغان ئاشۇ ئۆيلەرنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، كىچىك

يەرلىرىنىمۇ سۈرەتلەپ بېرەلىشى مۇمكىن.

ئۇلار ياۋروپالىقلارغا چاقچاق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇلار ياۋروپالىقلارغا: يىراق قەدىمكى دەۋردە، بۈگۈنكى قۇملۇقتا كەڭ كەتكەن ئورمانلىقلار بولغان، بۇغا ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار ياشىغان جايلارمۇ بولغان دېمەكچى. ياق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تاسادىپىيلىق ئەمەس، چاقچاقمۇ ئەمەس.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ جەزمەن ئاساسى بار، جەزمەن ئورتاق مەنبەسى بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كەينىدە جەزمەن يىراق زاماندا يۈز بەرگەن، ئاشۇ گەپلەرگە ئاساس بولىدىغان خىلمۇخىل پاكىتلار بار. شۇڭا، مەن بۇ رىۋايەتلەرگە ھامان دىققەت بىلەن قۇلاق سالدىم. بۇ ھال باشلاش ئالدىدىكى سەپىرىمنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى كۈنسايىن كۈچەيتىپ باردى، ھەتتا مېنى خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ھەممىنى دو تىكىدىغان يەرگىچە ئېلىپ باردى.

بۇ سىرلىق قۇملۇق مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇشقا باشلىدى، ھەتتا قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە چىقىدىغان قۇم ئاربلاش بورانمۇ نەزىرىمدە تەسىرلىك ھەم سۆيۈملۈك بولۇپ قالدى.

مەن ناقەت قىلالماي قالدىم. بۇ ئەپسانىۋى ئالەمگە بېرىنچى بولۇپ قەدەم قويغۇچىنىڭ ئاشۇ مىنۇتلىرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە تەشنا ئىدىم.

## قۇملۇق چېتىدە

ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا سەۋر - تاقىتىم ئالاھىدە سىناققا دۇچ كەلدى: ياركەنت دەرياسى ئەتراپىدا تۆگە يوق ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىگە يارامىلىق تۆگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھەمراھىم ئىسلامبايمۇ باشقا ھەممە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىق ياركەنت شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئىسلامباي بىر يىلدىن بۇيان ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ رۇسىيە زېمىنىغا تەۋە

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوش[1] دېگەن يېرىدە، تۇرۇشلۇق ئىسلام مۇرىتى ئىكەن.

1895 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بارگاھىمنى ياركەنت دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بىر چوڭ كەنت — مەكىتكە[2] يۆتكىدىم. چۈنكى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ شۇ يەردە قۇملۇققا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدۇم.

ئالاھىدە، بىر ئىش شۇكى، مەندىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر ياۋروپالىق مەكىت دېگەن يەرگە كېلىپ باقمىغانىكەن. كەنت بازىرىغا يېتىپ كېلىشىم يەرلىك ئاھالىنى تەۋرىتىۋەتتى. كەنت بازىرىغا يېتىپ بارمايلا بىر توپ كىشىلەر ئالدىمىزغا چىقىشتى، بەگ — كەنت باشلىقىمۇ بار ئىكەن. ئۇ توخۇ، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى بەردى، يەنە نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئارتىشقا بىرنەچچە قېچىر يېتىلەپ كەپتۇ. ئۇ مېنى گىلەم سېلىنغان چوڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

مەكىت دېگەن يەردىمۇ «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» بار ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى ماڭا ئۆزىنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا 20 نەچچە كۈن پىيادە يۈرۈپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

ئۇ سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ، ھەمراھى بىلەن بىللە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ يەتتە كۈن يۈرۈپتۇ. ئېگىز - ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن سوزۇلغان تاغ تىزمىسىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ھەممىلا يەردە غەلىتە - غەلىتە يۇلغۇنلارنى كۆرۈپتۇ، تېخى بەزى يەرلەرنى كولاپ سۇمۇ چىقىرىپتۇ. بۇ ئادەم ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم تەكلىپ قىلىپ قۇملۇققا

---

[1] ئوش — رۇسىيە زېمىنىغا تەۋە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر شەھەر بولۇپ، پامىرنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئىسلامباي سۋېن ھېدىننىڭ ئوشتىن تەكلىپ قىلغان يارەمچىسى، ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ 1895 ~ 1896 - ۋە 1899 ~ 1902 - يىللىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا قىلغان ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىگە قاتناشقان.

[2] مەكىت — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەكىت ناھىيىسى.

كىرىپ بايلىق ئىزدەپتۇ، بىراق بۈگۈنگە قەدەر بىر قېتىممۇ نەپ ئالالماپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ قۇملۇقنى «تەكلىماكان» دەيدىكەن.

ھەر كۈنى كەچتە يەرلىكلەردىن نۇرغۇن كىشى ھۇجرامدا مېھمان بولۇپ تۇردى. كەنت باشلىقى توختى خوجا ۋە يەرلىك ئاقساقاللاردىن ھەربىرى ماڭا بىردىن قوي بەردى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھىندىستانلىق سودىگەر ياڭيۇ، سېرىقماي بەردى. بۇ ئاقساقال ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، مېنى پات - پات يوقلاپ كېلىپ، ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن پاراڭ قىلىپ بېرىپ، نەچچە سائەتلەپ ئولتۇراتتى. تۆگىلەرنىڭ خەۋىرى بولمايۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولغانلىرىمدا، مېنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتى، ھامان تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا «كېلىدۇ، كېلىدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتاتتى. بىراق، تۆگىلەر تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى.

قىممەتلىك ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كېتىۋەردى، مەندە تەشۋىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىپ كېتىشى گويا بېشىمغا قوقاس تۆكۈلگەندەك ئىش ئىكەن، چۈنكى ئەتىياز چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. تومۇز ئىسسىقتا قۇملۇق بەئەينى بىر تونۇر ئىدى.



قەشقەردە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزۈۋاتقان بالىلار (1923- يىلى سېكرايىس تارتقان)

بۇ مەزگىلدە بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، باشقا خىلمۇخىل ئىشلىرى توغرىسىدا ھەمىشە توختى خوجىدىن تەلىم ئېلىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەكتىنىڭ بېزا - كەنتلىرىدىكى كىشىلەر قەيسەر، ئەمما قوپال كېلىدىكەن، يەنە كېلىپ ئوڭايلا ئۆچ - ئاداۋەت ساقلايدىكەن، كۆپ ھاللاردا ئەرزىمەس تالاش - تارتىش سەۋەبىدىن بىر - بىرى بىلەن نەچچە يىللارغىچە ئۆچەكىشىپ قالىدىكەن. بۇ تەرىپى قوشنا جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كەڭ قورساق، ئەپۇچان مىجەزىدىن كۆپ پەرقلىنىدىكەن.

ئۆتكەن قېتىمقى بازار رامىزان كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. كىمدۇر بىرى كۈن پاتماستىنلا ئېپتار قىپتىكەن، كىشىلەر ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ قامچىلاپتۇ، كېيىن قوللىرىنى قايرىپ باغلاپ كوچا چۆرگىلىتىپ سازايى قىپتۇ، جامائەت ئۇنى تىللاپتۇ، مازاق قىپتۇ. 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەنمۇ بازارغا باردىم. بازار ناھايىتى چوڭ ئىكەن، ھەربىر دۇكان، ھەربىر مالنىڭ مۇقىم رەستىسى بار ئىكەن. بىراق، بىر ھەپتىدە بىرلا قېتىم سودا - سېتىق بولىدىكەن. سودىگەرلەر بازار كۈنىلا ئۇستەل ۋە مال - بىساتلىرىنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ سودا قىلىدىكەن.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خاس خىزمەتچىم قەشقەردىن ئاخىر قايتىپ كەلدى. ئۇ بىرمۇنچە بوچتا يوللانمىسى ئېلىپ كەپتۇ، بىراق تۆگە ئەكېلەلمەپتۇ. ئىسلامباي خېلى كارغا كەپتۇ، ئۇ ياركەنت شەھىرىدىن تۆت قاتالتىر باك، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئالتە چاناچ، تاغار، گۈرجەك، قامچا، قاسقان، ئېگەر، يەنە يېتەرلىك بوغداي، ئۇن، قۇرۇق چۆپ ۋە ھەسەل دېگەندەكلەرنى، يەنە تۆگىگە بېرىدىغان ماي ۋە كۈنجۈت ئەكەپتۇ. تۆگە كۈندە يېرىم كىلو سۇ مېيى ئىچىۋالسا، سۇ ئىچمىسىمۇ بىر ئاي ئۇزۇن سەپەرگە چىدايدىكەن. ئىشقا كامىل ئىسلامباي: ياركەنتكە ئاتلىق يەنە بىر باراي، تۆگە ئېلىپ كېلەلمىسەم ھېساب ئەمەس، دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ دېگەندەك ئۇبدان تۆگىدىن سەككىزنى ئېلىپ كەپتۇ. تۆگىلەرنىڭ ئورۇق - سېمىز، چىرايلىق - سەتلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، قومۇلۇقتا مېڭىشقا كۆنگەن، قاتتىق ئىسسىققا، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىدايدىغان تۆگىلەرنى ئاپتۇ. سەككىز ياشلىق چىرايلىق كەلگەن ئاق تۆگىنى كارۋان بېشىلىققا تاللاپتۇ، ئۇنىڭ بويىنىغا تىلى چويۇندىن قۇيۇلغان مىس كولدۇرما ئېسىلغانىدى. يەنە «باباي» دەپ ئاتىلىدىغان تۆگە 15 ياشقا كىرگەنىدى، كېيىن ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. يەنە «بۇغرا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇبدان كۆندۈرۈلگەن تۆگە مېنىڭ مىنىشىمگە تاللانغانىدى. «نار» دەپ ئاتالغىنى بەك شاش ئىكەن، ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى يا چاپچۇيتتى، يا چىشلەيتتى. تۆگىلەر ئەمدىلا يۈك تاشلاۋاتقان بولغاچقا، تولىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. تۆگىلەرگە يىككەن تىقىلغان يۇمشاق چوم توقۇلغانىدى. ئىسلامباي يەنە يۈك ـتاق تېڭىشقا كېرەكلىك تۆگە يۇڭىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا، ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى ئۇزۇن سەپەردە ئىشلىتىدىغان ئۈچ كولدۇرما ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان.

ئىسلامباي يەنە ئىشەنچلىك ئىككى تۆگىچى ياللاپ كەپتۇ. بىرى 55 ياشلىق، ساقىلىغا ئاق كىرگەن مەمەت ساقى ئىسىملىك كىشى بولۇپ، تۆگىچىلىككە بەكمۇ پىششىق ئىكەن. ھېلىقى شاش تۆگە — «نار»غا شۇ كىشىلا يېقىن كېلەلەيتتى، ئۇ «نار»غا ئۆزىنى چاپچىتمايتتى ھەم چىشلەتمەيتتى. مەن ئۇ بوۋاينىڭ قەددى - قامەتلىك ھالىتىنى ۋە ھەمىشە خۇشخۇي تۇرىدىغان قىياپىتىنى ھازىرمۇ خۇددى ئۇنىڭدىن تېخى تۈنۈگۈن ئايرىلغاندەكلا شۇنداق ئېنىق كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن. ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ياركەنتتە تاشلاپ قويغان بولسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئىكەن. بىراق، ئۇلارغا ئەمدى دىدار كۆرۈشۈش پۇرسىتى يوق ئىدى.

مەمەت ساقى بىلەن بىللە كەلگىنى ئاقسۇلۇق قاسىم

ئاخۇن دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇ ياركەنتتە يولۇچىلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ كېلىۋاتقان، 48 ياشلارغا كىرگەن، قارا ساقاللىق، بەستلىك كىشى ئىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى تەمكىن تۇتىدىغان، چىراي ئاچمايدىغان بولسىمۇ، باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ياخشى نىيەتتە بولاتتى. ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىدا ھالىدىن كېتەي دەپ قالسىمۇ (بۇ دائىملىق ئەھۋال ئىكەن)، بەل قويۇۋەتمەيتتى. تۆگىچىنىڭ ئۇچىنچىسى — يول باشلىغۇچىنى مەكىت كەنتىنىڭ باشلىقى تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ قاسىم ئاخۇن بولۇپ، مەمەت ساقى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىكەن. ئۇ كىشى ئالتە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى 10 — 20 كۈن ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنيانى ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ تۇرغانىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك بىكار - تەلەپ «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم. مەكىتلىكلەردىن بىرنەچچەيلەن مېنى بۇ ئادەمدىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى، چۈنكى ئۇ ئوغرىلىق قىلغانلىقتىن كۆپ قېتىم جازاغا تارتىلغانىكەن. ھالبۇكى، شۇ كىشىلا بۇ قۇملۇققا كىرىشتە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە ئىكەن، مەن بۇ كىشىنىڭ ئۆتمۈشتىكى پەزىلىتى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىگەن تۈزۈك دېگەن قاراشتا بوپتىمەن. بىراق، كېيىنكى سەھىپىدە بۇ خاتا قارارىمنىڭ مېنى قاتتىق پۇشايمانغا قويغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. بۇ قاسىم ئاخۇن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن باشقا يەنە تولىمۇ تەرسا ئادەم ئىكەن، خوجىدارىم ئىسلامباينىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلمايتتى، باشقا تۆگىچىلەرنى بوزەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ قۇملۇق سەپىرى توغرىسىدىكى تەجرىبىسىنى بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتەتتى. بۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى. يەنە بىر قاسىم ئاخۇندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بىز ئۇنى «يولچى» دەپ ئاتىۋالدۇق.

ئۇلاغ جەھەتتە، تۆگە ۋە ئىككى ئىت («يولداش» بىلەن «ھەمراھ») تىن باشقا، يەنە ئۈچ قوي (بىر - بىرلەپ سويۇپ

يېيىش ئۈچۈن)، 10 مېكىيان، يەنە چىللاپ بەرسۇن دەپ بىر خوراز ئېلىۋالدۇق. مېكىيانلار بىزنى ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىز قالدۇردى، دەسلەپكى نەچچە كۈندە تۆگىنىڭ لوكىسى ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان قەپەسكە بىرنەچچە تۇخۇم تۇغدى، ئىچىدىغان سۇ ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن تۇغماس بولۇۋالدى. خوراز ئەسلىدە قوقۇقلاپ - ئويناقلاپ تۇراتتى، تۆگە ئۈستىدە تۇرغىنىغا ئانچە رازى بولمىدى بولغاي، سەپەر ئۈستىدە ھەمىشە قەپەستىن چىقىپ كېتىشكە ئەمشىلەتتى، بىر ۋاقىتتا ئۇ مەغرۇرانە كېرىلدى - دە، قەپەستىن چىقىپ يەرگە چۈشۈۋالدى.



باۋاغ دەرۋازىسى (1906-يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەتريتى تارتقان)

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاخىرقى تەييارلىقىمىز پۈتتى. بىرنەچچە ناغارغا بۇغداي، تۆت باكقا سۇ قاچىلىدۇق، يەنە چاناچلارغا قاچىلانغان سۇ جەمئىي 455 لىتىر كېلەتتى. بۇ سۇ قۇملۇقتا 25 كۈنلۈك سەپىرىمىزگە يېتەتتى، ئەگەر ناچار ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمىزدىمۇ چاتاق چىقمايتتى. چۈنكى، مەن 15 كۈندە

خوتەن دەرياسىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم، ئالدىمىزدىكى خەرىتىدىن قارىغاندا، مەكىتنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ خوتەن دەرياسىغا بارغۇچە ئارىلىق تۈز سىزىق بويىچە 287 كىلومېتىر كېلەتتى، كۈنىگە 20 كىلومېتىر ماڭساقلا كۇپايە، 20 كىلومېتىر يولنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ماڭالايتتۇق. ئەمەلىيەتتە، بۇ سەپىرىمىز 26 كۈنگە سوزۇلدى، پىلاندىكىنىڭ ئاز - كەم ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. شۇنداق بولغاندىمۇ تەييارلىۋالغان سۈيىمىز جەزمەن يېتىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قۇملۇقتا ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە يەردىن سۇ تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولدۇم.

ياركەنت دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى ئارىلىقىدا، مارالبېشىدىن يىراق بولمىغان جايدا ياركەنت دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قاراپ سوزۇلغان، مازارتاغ[1] دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار ئىكەن؛ يەنە مۇشۇ تاغ بىلەن نامداش بولغان بىر تاغ يىراقتىكى خوتەن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئىلگىرى جۇغراپىيىشۇناسلار بۇ ئىككى تاغنى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ دېگەن قاراشتا بولغانىكەن. روسىيە ئېكسپېدىتسىيىشۇناسى پرژېۋالسكىي[2] خەرىتىسىگە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان شۇنداق بىر تاغ تىزمىسىنى سىزىپتىكەن. يەرلىكلەرمۇ بۇ قاراشنى توغرا دەپ قاراپتىكەن. شۇڭا، بىز ئاشۇ مازارتاغ تىزمىسىغا ئاخىر دۈچ كېلىمىز، يەنە كېلىپ بۇ تاغنىڭ ئاقما قۇم يېتىپ بارالمىغان باغرىدا جەزمەن

---

[1] خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن ياركەنت دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ نامداش تاغلار.

[2] پرژېۋالسكىي (1839 — 1888)، روسىيىلىك ھەربىي، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىشۇناسى. ئۇ سۈيۈن ھېدىندىن ئىلگىرى، يەنى 1876 - يىلى لوپنۇر كۆللۈكىگە ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ بارغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «جۇڭگو خەرىتىسىدىكى لوپنۇر بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئورنىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش ياۋروپانىڭ جۇغراپىيە ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا لوپنۇرنىڭ ئورنى ھەققىدە تالاش - تارتىش پەيدا قىلغان.

سەپەر قىلىشقا ئەپلىك قانتىق يەر بار، يەنە بۇلاق سۈيى ۋە تۈگمىلەر يەيدىغان ئوت - چۆپلەرمۇ بار دېگەن ئۈمىدتە بولدۇق.

بۇ خاتا ھۆكۈم بۇ قېتىمقى قوملۇق ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىنىڭ ھالاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

## يولغا چىقىش

1895 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەكىت كەنتى ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدىغان بىر كۈن بولۇپ قالدى.

تاڭ تولۇق يورۇماستىنلا سەينا قىزىپ كەتتى. تۈگىچىلىرىم يۈك - تاق، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەخمۇتەك ئېغىرلىقتا ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، ئارغامچا بىلەن تاڭدى ۋە جۈپلەپ تەقلىدى، ھەربىر جۈپتىكى بىر تېخمۇ يۈك بىلەن يەنە



قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىش (1906 - يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

بىر تېڭىمىق يۈك ئارىسىدا بىر تۆگە پاتقۇدەك ئارىلىق قالدۇرۇلدى. تۆگە يۈكلەر ئارىسىغا يېتىلەپ كېلىنىپ چۆكتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۈكلەر چومىغا چىڭ تېڭىلاتتى. شۇنداق قىلىپ تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ كېتەلەيتتى.

يۈك - تاقىلىرىمىز ناھايىتى جىق ئىكەن. گۈرۈچ، بۇغداي، كونسېرۋا، شېكەر، چاي، كۆكتات، ئۇن قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىرنەچچە ئاي يېيىشىمىزگە يېتەتتى. بۇلاردىن باشقا، يەنە يېتەرلىك قىشلىق كىيىم، جۇۋا، يۈك ئەدىيال ئېلىۋالغانىدۇق، چۈنكى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈپ شىزاڭ ئېگىزلىكىگە بېرىش پىلانىم بار ئىدى. كېيىن بۇ پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇلاردىن باشقا، يەنە پەننىي ئەسۋابلار، ئۈچ مىلتىق، ئالتە تاپانچا، ئىككى يەشىك ئوق - دورا، نۇرغۇن باشقا نەرسىلەر بار ئىكەن. ئاخىرقىسى نەچچە باك سۇ ئىكەن. دېمەك، تۆگىلەرنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

... يەرلىك پۇقرالار يولغا چىققانلىقىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن سەيناغا توپلاشقانىدى. كوچا، ھەتتا ئۆگزىلەردىمۇ كۆرۈشكە كەلگەنلەر بار ئىكەن. كىشىلەر قانداقتۇر بىر مەنىدە باشلىرىنى چايقىشاتتى، ئۇھسىنىشاتتى.

ئۇلارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلىدىم: «بۇلار شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ!»، «تۆگىلەرنىڭ يۈكى بەك ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ، قۇمغا پېتىپ قېلىپ ماڭالمايدۇ».

ھەر تۆت تۆگىنى چېتىپ بىر كارۋان قىلدۇق، چۇلۋۇرنىڭ بىر ئۇچىنى تۆگىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئالدىدىكى تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىدۇق. تۆگىچى ناھايىتى بوش ئىكەن، ناۋادا بىر تۆگە يىقىلىپ قالسا، تۆگىچى يېشىلىپ كېتەتتى.

مەن ئىككىنچى كارۋاندىكى تۆت تۆگىنى باشلاپ ماڭدىم. مەن مىنگەن تۆگىگە نازۇك ئەسۋابلىرىم ۋە چېدىرىمدا ئىشلىتىلىدىغان ھەممە نەرسەم ئارتىلغانىدى. ساندۇقلار

ئۈستىگە، ئىككى ئۆركەشنىڭ ئارىلىقىغا يۆلەك ئەدىيال، ياستۇق دېگەندەكلەر سېلىنغان، مەن گويا ساپادا ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتىم. مەمەت ساقى بۇ «بۇغرا»نى پەخەس بىلەن يېتىلەيدىغان بولغاچقا، دىققەت - ئېتىبارىمنى كومپاس، ئەسۋابلارنى كۆزىتىشكە ۋە يەر شەكلىنى خاتىرىلەشكە تولۇق قارىتالايتتىم.

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئەتىياز زېمىندىن ئۇزاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قۇياش زېمىننى بارغانسېرى قىزىتىپ، ئىسسىق شامال چىقىۋاتاتتى، دېھقانلار ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىكەن، هاۋادا گىمغىلدىشىپ چىۋىن ۋە باشقا هاشاراتلار ئۇچۇشاتتى. بىز مۇشۇنداق گۈزەل باهار كۈنلىرىدەك سىرلىق قۇملۇق ئالىمىگە قاراپ يول ئالدۇق. ئۇ يەردە بارلىق هاياتلىق ئۇزاق - ئۇزاقلاردىن بۇيان ئويغانماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يەردە هەربىر قۇم بارخىنى بەئەينى بىر گۆر ئىكەن.

ئاتلىنىش سەلتەنەتلىك پەيت ئىكەن. تۆگىلەر مەزمۇت ۋە ئېغىر - ئېغىر قەدەم تاشلاپ كەنتنىڭ تار كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، سانسىزلىغان تاماشىچىلار بۇ مەنزىرىدىن ئەسىرلەنگەندەك قىلاتتى، ئۇلار گويا تۇغقان ياكى دوستلىرىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىۋاتقاندەك، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۈن - تىنسىز سەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شۇ قېتىمقى ئاتلىنىش ئەهۋالىنى، شۇ قېتىمقى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، بىزنىڭ شۇ سېپىمىزنى بىر قېتىملىق ماتەمنىڭ هۆرمەت قاراۋۇلىغا ئوخشاتسام بولىدۇ دەپ هېس قىلىمەن.

بوستانلىقتىكى يېزا - كەنتلەردە ئۆيلەر بەكمۇ شالاڭ، بىر ئۆي بىلەن يەنە بىر ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئۇزاق يىلللىق توغراقلار، ئېتىزلار، كۆكتاتلىقلار، ئورمان ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەر بار ئىكەن.

جىمجىت دالىدا يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن،

تۇساتتىن قىقاس - سۈرەن چىقىپ كەتتى. ھەممىدىن كىچىك ئىككى تۆگىنىڭ شاشلىقى تۇتۇپ كەتكەندى، ئۇلار چۆلۈكلىرىنىڭ چۆلۈۋۈرىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۈستىدىكى يۈكلىرىنى تاشلىۋېتىپ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. بىر باكتىن سۇ ئېقىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ تۆگىلەر تۇتۇپ كېلىنىپ، يۈكلىرى قايتا ئارتىلدى. بىراق، ئەمدى ئايرىم - ئايرىم يېتىلەپ مېڭىلدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قالغان ئىككى تۆگىمۇ قېچىپ كەتتى، بىر تېڭىق يۈك قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. ئوق - دورا قاچىلانغان بىر ساندۇق تۆگىنىڭ ساغرىسىدا پۇلاڭشىيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىلدۇقكى، تۆگە ئۇزاق ۋاقىت ئىشقا سېلىنمىسا، خۇددى تايغا ئوخشاش شاشلىشىپ كېتىدىكەن. بىز ئەمەلىيەت ئارقىلىق يۈك - تاقلارنىڭ ئېغىرلىقىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇۋاپىقراق قىلىپ تەڭشەشنى ئۆگىنىۋالدۇق.

ئەتىسى يەنە يولغا چىقتۇق، بىز ئەمدى ئېھتىيات قىلىدىغان بولدۇق. سۇ قاچىلانغان باكلارنى ياۋاش تۆگىلەرگە ئارتتۇق. يېزىنىڭ ئېتىز - كۆكتاتلىقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قويۇق دەل - دەرەخلەر ۋە ئاندا - ساندا توغراق ئۆسكەن توپتۈز ئوتلاقتا قەدەم تاشلىدۇق. غەربىي شىمال تەرەپتىن ھېلىدىن - ھېلىغا سوقۇۋاتقان شامال سارغۇچ كۈل رەڭ قۇم تومانلىرىنى شەرققە ئۇچۇرۇۋاتاتتى. يەر ئۈستى ناھايىتىمۇ ئوششاق ھەم يۇمشاق چاڭ - توزان ۋە شور بىلەن قاپلانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاكار - پاكار قۇم بارخانلىرى كۆرۈندى، ئۇزاققا بارماي پۈتۈنلەي قۇملۇق مەنزىرىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.

تۈنجى قونالغۇمىز كەڭلىكى 6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر كېلىدىغان قۇرۇق ئۆستەڭ بويى بولدى. بۇ يەرنىڭ تۇپراق قەۋىتى قۇرۇق بولغىنى بىلەن كولاپ كۆرسەك تېگى نەم ئىكەن، 1.8 مېتىر كولىۋىدۇق، بۇلدۇقلاپ سۇ چىقتى. سۇ ئاچچىق

بولغاچقا ئىچكىلى بولمايدىكەن، بىراق ئىت بىلەن قويلا ئىچىپ تازا يايرىۋالدى. بۇ سۇ ھېچبولمىغاندا تۇخۇم پىشۇرۇش بىلەن ئېغىز چايقاشقا يارايتتى. يېرىم سائەتكە قالماي تۆگىلەرنىڭ يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ بولدۇق. تۆگىلەرنى يېتىلىۋېلىپ پۇتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇۋالمىسۇن دەپ، بىر - بىرىگە يېقىن چەمبەرسىمان باغلاپ قويدۇق. مەن بىر تۈپ توغراق ئاستىغا تىكىلگەن، ھىندىستان ئوفىتسېرلىرى ئىشلىتىدىغان چېدىرىمغا تۇنجى قېتىم ئورۇنلاشتىم. خىزمەتكارىم ئوت يېقىپ، تاماقتا تۇنۇش قىلدى. كەچلىك تامىقىمىز گۆرۈچتە قىلىنغان پۇدىڭ[①] بىلەن تۇخۇم بولدى. قويلار ئوتلاپ كېتىشتى، ئىت ۋە توخۇلار دانلىدى.

كۈندۈزى ھاۋا ئىللىق بولدى، لېكىن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن سوۋۇپ كەتتى. «يولچى» — يەنە بىر قاسىم ئاخۇن ماڭغا قۇملۇقتىكى كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ھەدەپ پو ئاتقىلى تۇردى. ئۇ مېنى ئاۋۋال ياركەنت دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭايلى، بىرنەچچە كۈن ماڭساق چاقماق تاغقا ۋە بىر كۆلگە يېتىپ بارىمىز. بۇ كۆل جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىغان بىر دەريا بىلەن تۇتىشىدۇ. دەريادىن ئالدىغا قاراپ ماڭساق بىر كۈندىلا ياركەنت دەرياسى بويىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ — مازار تاغقا بارىمىز دەپ قاتتىق دەۋەت قىلدى.

## دەسلەپكى سەپەر

سەھەردە ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان قاتتىق شەرقىي شىمال شامىلى مېنى ئويغاتتى، ھاۋانى چاڭ - توزان قاپلىغانىدى.

بىز ئىككى سائەتتە ناشتىلىق تەييارلىدۇق ۋە يۈك - تاقلارنى تۆگىلەرگە ئارتتۇق. تۆگىلەر يۈك ئارتقاندا خېلى شاشلىق قىلىپ باقتى، لېكىن كېيىنچە سەپەر ئۈستىدە

① پۇدىڭ — غەربچە تاماق.

ياۋاشلاپ قالدى. يەر تۈزۈلۈشى مېڭىشىمىزغا تولىمۇ قۇلايسىز ئىكەن. بىز 5 ـ 6 مېتىرلا ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېزىتقۇ رايونغا كىردۇق. بارخانلارنىڭ شەكلى ھەر قىسما بولۇپ، تولىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ جايلاشقانىدى. بارخانلاردىن ئامال بار ئايلىنىپ ئۆتۈشكە تىرىشتۇق، شۇنداقتىمۇ ئۆتۈش تولىمۇ قىيىن بولغان بىرنەچچە بارخاندىن ئارتىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى.

بارخاندىن ئۆتۈش ۋاقتىدا سۇ باكلىرى ئارتىلغان ئىككى تۆگىدىن چاتاق چىقتى، ئۇلار چۆككەن بولسىمۇ، يۈكلىرىنى چۈشۈرۈۋەتمىگۈچە تۇرالمايتتى. بارخاننىڭ تۆپىسىدىن تىك چۈشكەن تەرىپىدىن تۆگىلەر سىيرىلىپ چۈشەلەيتتى، بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ تويتۇز سوزۇلغان ئارقا پۇتلىرى تورمۇزلاش رولىنى ئوينايتتى.

ئېگىز بارخاندىن چەتنەپ مېڭىش يۈزىسىدىن، چۈشكە يېقىنلاشقان چاغدا شىمالغا قاراپ چولڭ ياي ھاسىل قىلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق، «يولچى» ئەگەر ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرىدىغان بولساق، جەزمەن سانجاق ـ سانجاق قۇم دۆۋىلىرىگە دۈچ كېلىپ، يەنە كەينىمىزگە يېنىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتتى.

شىمال شامىلى توختىغىرا بىر كۈن چىقتى. ئاسمان كۆكۈچ تۇمان بىلەن قاپلىنىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. قاتتىق بىر بارخان تۈۋىگە بارگاھ تىكتۇق ھەم ئىككى بارخان ئارىسىدىن قۇدۇق كولىدۇق، 62 سانتىمېتىر كولىۋىدۇق، سۇ چىقىشقا باشلىدى. بىراق، بۇ سۇمۇ تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاش ئاچچىق ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە 23.7 كىلومېتىر يول يۈردۇق. يولنى ھامان چولڭ بارخانلارنىڭ گىرۋىكىنى ئايلىنىپ داۋام قىلاتتۇق. بارخان دۆمبىسى شىمال تەرەپكە قىيپاش ئىكەن، بىرنەچچە بارخان دۆمبىسىدىن ئارتىلىپ ئۆتمەي بولمىدى.

قۇملۇقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە ئاندا ـ ساندا كىچىك ـ

كىچىك ئۆتلۈق يەرلەر ئۇچرايتتى، ئۇنىڭدا ئاز - تولا قۇرۇق ئۆسۈملۈكلەر بار ئىكەن، ئۇلارنى تۇتۇپلا قويساق، خۇددى ئەينەكتەك چىرىسلاپ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. قېتىپ كەتكەن تۆپتۈز قۇملۇق يەردە مېڭىش ئوڭاي ئىكەن. ئەمما، قۇم ئۈستىنى خۇددى پاختىدەك يۇمشاق بىر قەۋەت چاڭ - توزان قاپلاپ تۇراتتى. بەزى يەرلەردىكى چاڭ - توزان شۇنداق قېلىن ئىكەنكى، تۆگىلەر تىزىغىچە پېتىپ كېتەتتى. تۆپتۈز كەتكەن نۇرغۇن قۇملۇق يەر نېپىز بىر قەۋەت شور بىلەن قاپلانغان بولۇپ، تۆگىلەر دەسسىگەندە قاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى.

ئۈچىنچى قېتىم بارگاھ تىككەن يەرنى 1.78 مېتىر كولىساقمۇ سۇ چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كولاشتىن يالتىيىپ توختاپ قالدۇق. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قۇدۇق ئاستىدىن ئاستا - ئاستا سۇ چىقىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن قىممەتلىك زاپىسىمىزنى يەنە بىر قېتىم تېجەپ قالدۇق. تۆگىلەر ئەتراپتىكى قومۇشلارنى يەپ، قۇدۇقتىن چىققان تۇزلۇق سۇنى ئىچتى؛ ئىتلارغا نان، توخۇلارغا ئارپا ۋە تۇخۇم شاكىلى بەردۇق. ئەتىسى سەھەرگىچە قۇدۇقتا 18 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا سۇ يىغىلىپتۇ. شۇ كۈنى 20.6 كىلومېتىر يول يۈردۇق، ۋاقتىمىزنىڭ تولىسى گىرەلىشىپ كەتكەن بارخانلار ئارىسىدا يۈرۈش بىلەن ئۆتتى.

يولىمىزدا توغراقلار ئۇچراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ تولىسى يۇمران نوتا سۈرگەنىدى، تۆگىلەر بۇ ياش نوتىلارنى يېۋەتمەي ماڭمايتتى. توغراق ئەتراپىدىكى بارخانلارنىڭ تولىسى خۇددى سېپىلدەك ھالقىسىمان جايلاشقانىدى. ئوتتۇرىدىكى ئويمانلىق قۇرۇپ كەتكەن شاخ - شۇمبىلار بىلەن تولغانىدى. شۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى، ئىتلار قۇملۇقنىڭ سوغۇقراق قاتلىمىدا يېتىۋېلىش ئۈچۈن توغراق سايىسىدىكى قۇم قەۋىتىنى تاتىلاپ ئاچتى.

شۇ چاغدا ئىسلامباي بىلەن «يولچى» ھەدەپ گەپ تالاشقىلى تۇردى. باشتىكى تۆگىگە مىنگەن ئىسلامباينىڭ

كۆرۈش دائىرىسى ئەلۋەتتە بىيادە كېتىۋاتقان «يولچى»نىڭكىدىن كەڭرەك ئىكەن، شۇڭا ئۇ «يولچى» كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭماي، باشقا نىشانغا قاراپ مېڭىشنى بىرنەچچە قېتىم تەۋسىيە قىلدى. «يولچى» كارۋاننى ئىسلامباي باشلاپ ماڭالمىغاندىكىن، مېنىڭ نىيمە كېرىكىم دەپ بىرنەچچە قېتىم يەردە يېتىۋالدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىسلامباي بىلەن «يولچى» قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن «يولچى» چىدىرىمغا ئىسلامباي مېنى ھەمىشە ئەدەپلەپ كەلدى، نان بىلەن سۇنىمۇ يوق دېگۈدەك بەردى، دەپ ئىستىپا سوراپ كىردى. مەن قوشۇلدۇم، ئەمما ئالدىن بېرىلگەن 100 تەڭگە① ئىش ھەققىنى قايتۇرىسەن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى. كارۋان بىلەن قېپقالاي دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مەن ماقۇل بولدۇم، بىراق بۇگۈندىن ئېتىبارەن باش خوجىدار ئىسلامبايغا مۇئەدەپ ئىتائەت قىلىسەن دەپ شەرت قويدۇم، ئۇ دەرھال ماقۇل بولدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئىسلامبايغا كۈندىن ـ كۈنگە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە باشقىلارغا گەپ قىلماي ھەمىشە ئۆزى يالغۇز ماڭاتتى، ھەمراھلىرى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن گۈلخان يېنىغا كېلەتتى، يەنە كېلىپ باشقىلاردىن يىراق يەرگە ئورۇن سېلىپ ياتاتتى.

باشقا خىزمەتكارلىرىمدا شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ «يولچى» بىزنى قەستەن تۇيۇق يولغا باشلايدۇ، دەيدىغان گۇمان تۇغۇلدى. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بىزگە كولىغان گۆرگە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى كىرەتتى.

## مازارتاغ باغرىدىكى بوستانلىق

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «پاسخا بايرىمى» كۈنى ئىكەن. شۇ

---

① شۇ چاغدا بىر تەڭگە 50 سىنتتا تەڭ ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ كۆرسى مال باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ داۋالغۇپ تۇردى.

كۆنى بىز ئاران 18.7 كىلومېتىر يول يۈردۇق.

بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدا، شىمال تەرەپتىكى قۇمۇشلۇق ئارىسىدا ئوتلاۋاتقان بىر توپ ھايۋاننى كۆردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ نە ئات، نە بۆكەن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىدۇق. «يولچى» مۇشۇ ئەتراپتا ياۋا ئات كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دېدى. بىز ھەقىقەتەن ئات ئىزىنى كۆردۇق، ھەتتا تۆگىنىڭ ئىزىنىمۇ كۆردۇق. زادى بۇ ئىزلار «يولچى» دېگەندەك راستىنلا ياۋا ئات، ياۋا تۆگىنىڭ ئىزىمىدۇ؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالماي قالدىم.

سەپەر ئۈستىدە ئىتلار زادىلا تىنچلىنالمىدى، ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىدىن يىراققا چېپىشىپ كېتىشەتتى، بىر قېتىم چارەك سائەت يوقاپ كەتتى. كېيىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ قايتىپ كەلدى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ سۇ تاپقانلىقى مەلۇم ئىكەن. بىز ئاخىر بۇلاقنى ئۇچراتتۇق، ئۇنىڭدىن سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇ چىقىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن شۇ بۇلاق يېنىغا بارگاھ تىكتۇق ۋە ئۇ يەردە بىر كۈن ھاردۇق ئالماقچى بولدۇق.

باكلارنى يەنە بىر قېتىم سۇغا توشتۇرۇۋالدۇق. چوم ۋە تاسمىلارنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ، قانغۇدەك يۇيۇنۇۋالدۇق، قۇملۇقنىڭ ئىسسىقلىقى 44.6 گرادۇسقا[1] يەتكەنىدى، لېكىن بىز خالىغانچە سۇ ئىچەلەيتتۇق، تۆگىلەر بىلەن ئىتلار سۇنى ئىچىۋېرىپ قورساقلىرى ناغرىدەك چىڭقىلىپ كەتتى. مېكىيانلارمۇ پايدىلىق مۇھىتنى بىلدى بولغاي، ھاردۇق ئالغان كۈنى تۆت تۇخۇم تۇغدى.

ئىتلار بىز بېسىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېچىچە قاۋاپ چىقتى. ئېھتىمال بىز چېلىقتۇرغان ئىزلار راستىنلا ياۋا

① بۇ كىتابتا دېيىلگەن گرادۇس بۈگۈنكى كۈندە ئورتاق قوللىنىلىدىغان سېلسىيە گرادۇس ئەمەس، بەلكى فارېنگېيت گرادۇس. فارېنگېيتنىڭ توڭلاش نۇقتىسى سېلسىيە 32 گرادۇسقا، قايناش نۇقتىسى سېلسىيە 212 گرادۇسقا تەڭ.

تۈگمىلەرنىڭ ئوخشايدۇ. قارىغاندا، بۇ ياۋايى ھايۋانلار ئادىتى بويىچە بۇلاق بېشىغا سۇ ئىچكىلى كەلگەن، بىراق ئۇلار بۇ يەرنى بىزنىڭ ئىگىلىۋالغىنىمىزنى كۆرۈپ يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىغان.

ئەتىسىدىكى سەپىرىمىزدە، كۆز ئالدىمىزدا گىرەلەشكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن قورۇپ كەتكەن قومۇشلۇقلار پەيدا بولدى.

بىراق، 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگە كەلگەندە، شىمال تەرەپتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا گويا ئېگىز بىر تاغنىڭ غۇۋا سىيماسى كۆرۈنگەندەك بولدى. بىز شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. قۇم بارخانلىرى بەش مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئىكەن، ئادەتتە ئۇلاردىن ئۆتۈشىمىز تولىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. بىراق، بارخانلار ئارىلىقىدا قويۇق ئۆسكەن قومۇش بار بولۇپ، ئۇ يەردە ياۋا توشقانلار ئۇچراپ تۇراتتى. يەنە كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەرمۇ ئۇچرايتتى، بىراق ئۇلارنىڭ سۈيى ئاچچىق ئىكەن؛ يەنە ئۇ يەردە كەڭلىكى 40 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر كېلىدىغان، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان بىر دەريا قىنى بار ئىدى، دەريانىڭ تېگى ساپلا قۇم، ئويمان يەرلىرىدە يىغىلىپ قالغان سۇمۇ بار ئىكەن. شىمال تەرەپتىكى ئۇپۇقتا غۇۋا بۇلۇت پارچىلىرى ئۆرۈپ يۈرەتتى، ئۇلار بەئەينى تۇرخۇندىن ئۆرلەۋاتقان ئىسقا ئوخشايتتى.

بىز بىرنەچچە سائەت ماڭدۇق، شۇنداقتىمۇ ھېلىقى تاغقا قانچىلىك يېقىنلاشقانلىقىمىزنى ھېس قىلالمىدۇق. «يولچى»نىڭ قارىشىچە، ئۇ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلغان شىمالىي مازارتاغ[1] ئىكەن. ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىكەن، ئۇ بۇ دەريا قىنىمۇ ياركەنت دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇنىڭغا كەلگەن پەسىلدىلا سۇ كېلىدۇ، شىمال تەرەپتىكى بۇلۇت ياركەنت دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان دېدى.

---

[1] بۇ يەردىكىسى ياركەنت دەرياسى بويىدىكى مازارتاغنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بىر - بىرىگە پاراللېل جايلاشقان ئىككى قۇم دۆۋىسى ئارىلىقىدا بىر سائەتچە ماڭدۇق، ئاندىن ئوڭ تەرىپىمىزدىكى بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر قۇم جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنى 28.5 كىلومېتىر يۈرگەندىن كېيىن 7 - نومۇرلۇق بارگاھىمىزنى قويۇق توغراق سايىسىگە تىكتۇق. بۇ باراقسان توغراقلىق شىمالغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى توغراقلىق سوزۇلغان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. توغراقلىقنىڭ يەر يۈزى قۇرۇپ كەتكەن شاخ - يوپۇرماقلار بىلەن تولغانىدى، ئەمدى قۇملۇق كۆزىمىزدىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي قويۇق قومۇش ئۆسكەن سازلىققا يېتىپ كەلدۇق. سازلىقنىڭ بويىدا ئادەم ۋە ئات ئىزلىرىنى ھەم گۈلخان كۆلى بىلەن ياغاچ كۆمۈرلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. قارىغاندا، بۇ يەردە يېقىن ئەتراپتىكى قۇملۇق بويىغا جايلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئاھالىلىرى دائىم كېلىپ تۇرىدىغان، ياز كۈنلىرى مال بېقىپ، ئوتۇن كېسىدىغان بولسا كېرەك.

سازلىق شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇن كۆلگە تۇتىشىدىكەن، بىز كۆلنى بويلاپ ماڭدۇق. توغراقلىق بەك قويۇق ئىكەن، ئۇنىڭ بىرقانچە يېرىدىن زادىلا ئۆتەلمەي، ئىلاجىسىز ئايلىنىپ مېڭىپ ئورمانسىز يەرگە كەلدۇق. كۆلنىڭ كەڭلىكى نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى، لېكىن بۇ كۆلمۇ ئېھتىمال ياركەنت دەرياسىدىن تېشىپ چىققان بىر تارماق ئېقىن بولسا كېرەك. بىز كۆل بويىدىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ يەنە ئورمانزارلىققا كىردۇق. ئورمان شۇ قەدەر قويۇق ئىكەنكى، تۆگىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز شۇ يەردە توختاپ ئوت ياقتۇق. ئەگەر يېقىن ئەتراپتا ئادەمزات بولسا، ئۇلار جەزمەن بىزنى كۆرگىلى كېلەتتى. بىراق، ئادەمزات كەلمىدى. بىر كۈنلۈك مۇشەققەت بىزنى ھاردۇرۇپ قويدى، شۇ يەردە ئارام ئالدۇق.

ئەتىسى شىمال تەرەپتىكى ھېلىقى تاغقا ئاخىر يېقىنلاپ كەلدۇق. ئېگىز ـ پەس، ئۇزۇن تاغ تىزمىسى ئالدىمىزدا ئېنىق كۆرۈندى، شىمالغا سوزۇلغان تاغ باغرىدا ئېگىز ـ ئېگىز قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. تاغنىڭ شىمالىي باغرىدا سۇپسۇزۇك كىچىك كۆللەر بار ئىكەن. بىز ئاشۇ كۆللەر بىلەن تاغ باغرى ئارىلىقىدا ئاۋۋال شەرققە، كېيىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق، ئاخىرىدا توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل بويىغا بارگاھ تىكتۇق. شۇ كۈنى ئىككىنچى قوينى سويدۇق. گۆشلۈك غىزا يېمىگىنىمىزگە ئۇزاق بولغانىدى، ئىتلارمۇ نان يەپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇلار قان بىلەن ئۈچەي ـ قېرىنغا راسا بىر تويۇۋالدى.

بارگاھ تىككەن جاي تولىمۇ راھەت ئىكەن. ئۇ يەردە يەنە بىر كۈن ھاردۇق ئېلىش قارارىغا كەلدۇق. ھاۋا شۇنداق ئىسسىق ئىكەنكى، بىر سائەت ئىچىدە نەچچە قېتىملاپ سۇ ئىچمىسەك تۇرالمايتتۇق. كېيىنكى سەپىرىمىزدە سۇ باكلىرىدىكى سۇ يېڭى پىتى تۇرسۇن دەپ، باكلارنىڭ ئىچىنى لاتا بىلەن پاكىز سۈرتۈپ، ئۇلارنى سايىدە قويۇپ قۇرۇتتۇق.

ئىسلامباي بىرنەچچە ياۋا غاز ئاتتى، لېكىن ئۇلار كۆلگە چۈشۈپ كەتكەچكە ئالالمىدۇق. مەن تاغ تۆپىسىگە چىقتىم، ئەتراپقا قارىسام بۇ تاغ پۈتۈنلەي دىگوۋدەك يېتىم تاغ ئىكەن. شىمال تەرەپتە مازارتاغ تىزمىسى سوزۇلۇپ ياتاتتى، بارگاھىمىزدىن ئۇ يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا كىچىك ـ كىچىك كۆلچەك ۋە سازلىق، ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن بىر پارچە ئوتلاق بار ئىكەن، شەرق تەرەپتىمۇ بىر تاغ سوزۇلۇپ ياتاتتى. جەنۇب تەرەپتە بولسا گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز ـ پەس پاكار تاغلار ياتاتتى، ئۇ بارگاھىمىز تۇرغان تاغنىڭ قالدۇق تىزمىسى ئىكەن.

كەچ كىرگەندە كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان غۇر ـ غۇر شامال چىقتى، مەن يەنىلا تاغ تۆپىسىدە ئولتۇراتتىم. قۇياش پاتقاندىن

كېيىن شامال ئاستا - ئاستا توختاپ، ئوتلاق بىلەن كۆلنى نېپىز تۇمان قاپلىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. گىگىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چۈشىن بىلەن پاشىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سازلىقتا پاقىلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ كۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى: يىراق - يىراقتىن بىر بولسا بىرەر ئاق قۇننىڭ قانات قېقىپ ئۇچقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك، بىر بولسا قومۇشلۇقتىن كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتىدىكى كەچۇرمىشلىرىمىزنى ھەربىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، يازنىڭ ئاشۇ كۈندىكى كۆگۈم ۋاقتى مەندە گويا غايىۋى جەننەتنىڭ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەن شېرىن تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك خاتىرە قالدۇراتتى.

## بالايىئاپەت ئۇرۇقى كۆمۈلگەن مىنۇتلار

تاغدىن بارگاھقا قايتىپ چۈشكىنىمدە قالغانلار ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى، پەقەت ئىسلامبايلا تاماق - شورپا، ياغيۇ قورۇمىسى ۋە چاي تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. تېرمومېتىر 12℃ نى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بىراق كېچىدە 10.4℃قا چۈشۈپ ناھايىتى سوغۇق بولۇپ كەتتى.

بىز شۇ كۆل بويلىرىدىمۇ ئادىمىزات ئىزىنى بايقىدۇق. كۆل بويىدا ھەتتا بىر ئەبجەق، كونا كەپىمۇ بار ئىكەن. ئەتىسى (4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى) كۆل بىلەن تاغ باغرى ئارىلىقىدا شەرق تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئېگىز - ئېگىز بارخانلارنىڭ كەينىدە يەنە بىر يولنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق، يولدا شالاڭ توغراقلىقا كەتكەن ئىز بار ئىكەن. بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق - دە، ئىزنىڭ نەگىچە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن شۇ يولنى بويلاپ ماڭدۇق. بىراق، مېڭىپ ئۇزاقىقا بارماي ئىز غايىب بولدى، توغراقلىقمۇ تۈگىدى، يولمۇ يوقالدى. بىز

ئەمدى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئالدىمىزدا ئۆسۈملۈكلەر تولىمۇ شالاڭ ئۆسكەن، توپتۈز ھەم قاتتىق بىر دالا تۇراتتى. بۇنداق يەر مېڭىشىمىزغا بەك ئەپلىك ئىكەن. شەرق تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر ئۇزۇنچاق كۆل بار ئىكەن، شۇنىڭغا ھەيران قالدۇقكى، كۆل بويىدا ئۈچ ئات ئوتلاپ يۈرەتتى. بۇ ئاتلار كىمنىڭكىدۇ؟ ئىككى تۆگىچىمىز يېڭى باسقان ئىزلارنى بويلاپ بىر بارخاندىن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپتىكى تاغ باغرىغا قاراپ ئىزدەپ كەتتى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي بىر ناتونۇش ئادەمنى باشلاپ كەلدى.

ئۇ كىشى مارالبېشىلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىدىن بىلدۇقكى، ئۇ بات - بات مۇشۇ يەرگە كېلىپ تاشتۇز كولايدىكەن، بۇ ئەتراپتىكى تاغدىن سۈپەتلىك تاشتۇز چىقىدىكەن، ئۇ تاشتۇزنى مارالبېشى بازىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدان ئوقەت ئىكەن. بۇ يەردىن مارالبېشىغا ئىككى كۈنلۈكلا يول ئىكەن.

بىز شۇ يۆنىلىشتە كۆرگەن تاغنىڭ ھەقىقەتەن مازارتاغ تىزمىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى يەنە بىر مازارتاغ ھەققىدە، ئۇ كىشى ھېچنېمە بىلمەيدىكەن. ئۇ بىزگە ئاڭلىشىمچە، سىلەر كېتىۋاتقان جاي ساپلا قۇملۇق، بىر تامچىمۇ سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ قۇملۇقنى «تەكلىماكان» دەيمىز دېدى.

بىز ئۇ يېگانە يولۇچى بىلەن خوشلىشىپ، ئاۋۋال جەنۇب، ئاندىن شەرق تەرەپكە قىلىدىغان سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. بىرەر تال گىياھمۇ ئۆنۈپ باقمىغان، ئادىمىزات ئايىغى بېسىلمىغان قاتتىق يەردە ماڭماقتا ئىدۇق. ئولڭ تەرەپتىكى تاغ بارا - بارا پەسىيىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس قۇم بارخىنىغا، قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى - دە، كېيىنچە قۇملۇق ئىچىدە غايىب بولدى. دېمەك، بۇ يەردە ئەمدى جەنۇبقا سوزۇلغان قانداقتۇر بىر تاغ تىزمىسى يوق ئىكەن. بىراق، شەرقتىكى تاغ تىزمىسىنىڭ خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن

راستىنلا باغلىنىشى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

يەر يۈزى تاشتەك قاتتىق ھەم قۇرۇق سېغىزلىق ئىكەن. ئۇنىڭدىكى سانسىزلىغان چاك - چاك يېرىقلاردىن ياز كۈنلىرى بۇ يەرگە كەلكۈن كېلىپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم ئىكەن. كۆل جەنۇبقا قاراپ بارا - بارا تارىيىپ كېلىپ ئاخىر بىر سازلىققا ئايلاندى، بىز كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغۇچە سازلىقنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز شەرقىي قىرغاققا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ سۈزۈك سۇ ئىچەلەيدىغان ئاخىرقى نۇقتا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدۇق - دە، 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەنە بىر كۈن ھاردۇق ئېلىش قارارىغا كەلدۇق. تۆگىلەر ۋە ئاخىرقى بىر قوي كۆل بويىدىكى بولۇق ئۆسكەن قومۇشلارغا يەنە بىر قېتىم تويۇۋالىدىغان بولدى. مەن تاغقا يالغۇز چىقىپ يۆنىلىشنى كۆزەتتىم.

پاكار كەلگەن تاغ تىزمىسى شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ مۇشۇ يەردە توختىغانىدى، ئۇ بەئەينى بىر قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى دېڭىز تۇمشۇقىغا ئوخشايتتى. بىراق، ئۇ يەردىن ئوخشاش يۆنىلىشكە نەزەر سالسام، يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر «يېرىم ئارال» كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن باشقا تاغنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. دېمەك، مەن مارالبېشىدىكى مازارتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۇچىدىكى تۆپىلىكتە تۇراتتىم، نامىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كىچىك تاغ تىزمىسىنىڭ خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەن. كۆرۈش دائىرىسىدىكى يەر جەنۇبقا، شەرقىي جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان پايانسىز قۇملۇق ئىكەن، ئۇپۇق سىزىقى بىر تال تۈز سىزىققا ئايلاندى.

مازارتاغنىڭ قالدۇق تىزمىسى يىراق جەنۇب تەرەپتە يەر يۈزىدىن يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ دېگەن گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. مەن ئۇ يەرگە بىۋاسىتە كىرگەندىن كېيىن ئۇنداق تاغنى كۆرۈپ باقمىدىم.

شۇ كۈنى كېيىنكى سەپەر يۆنىلىشىمىز ئۈستىدە كۆپ بويى مەسلىھەتلەشتۇق. «يولچى» مۇشۇ يەردىن شەرققە ماڭساق خوتەن دەرياسىغىچە تۆت كۈنلۈك يول بار، بۇنىڭدا گەپ يوق دەپ تۇردى. قولۇمدىكى ئەڭ ياخشى رۇسچە خەرىتىدىمۇ بۇ مۇساپىنىڭ 130 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كۈنىگە 20 نەچچە كىلومېتىر يول ماڭساق، 6 - كۈنى خوتەن دەرياسىغا يېتىپ بارالايتتۇق. خوتەن دەرياسىغا ئىككى كۈن قالغاندا، دەريا ئېقىنىغا يېقىن جايدىن جەزمەن يەر ئاستى سۈيى چىقارغىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئادەملىرىمگە 10 كۈن يەتكۈدەك سۇ ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدۇم. شۇنداق بولغاندا باكلارنىڭ يېرىمىغا سۇ قاچىلىۋالساقلا بولاتتى؛ يۈك يەڭگىللىشكەندىن كېيىن تۆگىلەر ئېگىز بارخانلاردىن ھالقىشتا بەك كۈچەپ كەتمەيتتى. تۆگىلەر كۈنىگە ئىككى قېتىم سۇ ئىچكەندىمۇ، زاپاس سۈيىمىز ئالتە كۈنگە تولۇق يېتەتتى.

سۇ قاچىلاش ۋەزىپىسىنى «يولچى» بىلەن يەنە بىر قاسىم ئاخۇن بېجىردى. ئۇلار بۇ ئىشنى كەچقۇرۇنلۇقى قىلدى. مېنىڭ بۇ قىسمەتلىك سۇنىڭ باكلارغا قۇيۇلۇۋاتقاندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، پىلانىم شۇ قەدەر ئاددىي، بۇيرۇقۇم شۇ قەدەر ئېنىق ئىكەن، شۇڭا ئاشۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا بۇيرۇقۇمنىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش زادىلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ.

قول ئاستىمدىكىلەرگە شۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن ئىشىنىپ قاپتىمەن، بۇ ھال بەختكە قارشى ئۆزۈمگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھالاكەتلىك بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاخىر ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

مۇھەممەد ئىمىن (ئۇ رۇسىيىلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنى باشلاپ ئاقسۇغا كېلىپ تۇرغان ئاقساقال) بىزنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە چىرايلىق، پاكىز

ئۆيلەردە تۇرغۇزدى، توگە ۋە ئاتلىرىمىزنى يېقىن يەردىكى بىر سەيناغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاقساقال كونسۇل ئەۋەتكەن ئادەم بولۇپ، سودا ۋە مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىكەن، ئۇنىڭ دەرىجىسى سودىگەر ئۆيۈشمىسىنىڭ باشلىقىغا تەڭ ئىكەن. رۇسىيە تارىمدىكى بارلىق ئاساسلىق شەھەرلەرگە مۇشۇ خىل خادىم ئەۋەتكەنىكەن. مۇھەممەد ئىسىن 60 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ساقىلى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن، ئەمما تېتىك ئىكەن، ئۇ شۇ جاينىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تاپقانىكەن، مەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە توگە ئوغرىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىكەن، ئەمما بۇ ئىشتىن تېخى نەتىجە چىقمىغانىكەن.

رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىنىڭ ياردىمى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى. ئۇ قەشقەر – سۇلدىكى جۇڭگو ئامبىلى بىلەن ھەقىقىي تۈردە سۆزلىشىپ، جۇڭگو مەھكىمىسىنىڭ خوتەن ۋە قەشقەرلەردە بۇ دېلونى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقتى: بىر كۈنى ئامبال مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى، مەن داستىخانغا ئولتۇرغان چاغدا پىيالەمنىڭ يېنىدا شۋېتسىيىلىك ئوفىتسېرلار ئىشلىتىدىغان بىر تاپانچا قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ، بۇ دەل يىتتىپ كەتكەن توگىگە ئارتىلغان يۈك - تاقلار ئىچىدىكى تاپانچا ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ نەرسىلەر تەۋەككۇل[1] كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. بۇ دېھقان بۇ نەرسىلەرنىڭ ناتوغرا يول بىلەن كەلگەنلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۇقمايدىكەن. مەن يېڭى ئېكسپېدىتسىيە پىلانىغا ئالدىراپ، بۇ جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇردۇم،

① تەۋەككۇل – خوتەننىڭ قاراقاش دېگەن يېرىدىكى بىر چوڭ كەنت بولۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئىشتىن كۈتۈلمىگەن نەتىجە كېلىپ چىقتى.

ئاقسۇغا يېتىپ بارىدىغانغا ئۈچ كۈن قالغاندا، ھېلىقى ئاق تۆگە ـ ياخشىيار ھېچ نەرسە يېگىلى ئۇنىمىدى. بىز ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن بىرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، ئۇ چىرقىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئاقسۇغا بېرىپ ئەتىسى ئۆلۈپ قالدى. ئۇ قومۇلۇق سەپىرىدە شۇنچىلىك قەيسەر كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ قىممەتلىك يۈك ـ ناقلىرىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مانا ئەمدى ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ ئېشىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ، ئەپسۇسكى ئۇ ھاردۇق ئازابىدىن جان ئۈزدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق. مۇھەممەد ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى. 21 ـ كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر ـ سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىكەن.

مەن قەشقەردە ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ يېڭى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. لېكىن، مەن چوقۇم ئالدى بىلەن بېرلىندىن مېتېئورولوگىيە ئەسۋابى، سۇيۇقلۇقسىز بارومېتىر، تېرمومېتىر قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىشىم كېرەك ئىكەن. كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە تاماكىنى تاشكەنتكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ سېتىۋالسام بولاتتى.

بېرلىندىكى نەرسىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، قەشقەردە ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزگۈم كەلمەي، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پامىر ئېگىزلىكىنى كەزدىم. ئۇ يەردە ئەنگلىيە، روسىيىلىكلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا مېھمان بولدۇم، بىرنەچچە ھەپتە دەم ئالدىم. بۇ چاغدا ئەنگلىيە بىلەن روسىيە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھىندىقۇش تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئورتاق چېگرىسىنى ئايرىۋاتقانىكەن.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يەنە قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم. سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا بىردىنلا ئۆزگەرگەچكە، يامان قىزىتمىلىق

كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم، كېسىلىم 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاران ساقايدى. بۇ چاغدا بېرلىن ۋە تاشكەنتلىكلەردىن سېتىۋېلىنىدىغان نەرسە - كېرەكلىرىمىزۇ يېتىپ كەلدى. مانا ئەمدى مېنىڭ يول لازىمەتلىكلىرىم ئىككى يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھەيۋەت بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمدا ھەرقانداق قىسمەت مېنىڭ يېڭى قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەمنى توسۇۋالالمايدىغاندەك قىلاتتى.

1895 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يېڭى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمنى باشلاپ قەشقەردىن جەنۇبقا قاراپ يول ئالدىم. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمدە توققۇز ئات ۋە ئۈچ ئادەم بار ئىكەن. قاسىم ئاخۇن قەشقەردە قېلىپ رۇسىيە كونسۇلخانىسىدا دەرۋازىۋەن بولدى. بىز ياركەنتتە ئۈچ كۈن تۇردۇق، بۇ تارىم رايونىدىكى ئەڭ زور بوستانلىق بولۇپ، شەھەر - بازار ۋە يېزا - كەنتلەرنى قوشقاندا 105 مىڭ ئاھالىسى بار ئىكەن.

«مىلاد بايرىمى» كۈنى قاغىلىقتىن ئۆتتۇم. قاغىلىقنىڭ ئامبىلى مېنى ئېھتىرام بىلەن داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى ۋە يولغا سالدى.

بىز بۇ كەنتتىن ئۇ كەنتكە، بۇ ئۆتەڭدىن ئۇ ئۆتەڭگە، بۇ سۇلۇق ۋە ئوت - چۆپلۈكتىن، ئۇ سۇلۇق ۋە ئوت - چۆپلۈككە باردۇق، ئارىلىقتا قاقاس چۆل ۋە تاقىر داللاردىن ئۆتتۇق. يولنىڭ كۆپ يېرى قۇملۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىكەن، قۇم بارخانلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. يولدا بىزگە ئادەتتىكى ياشلار، سودىگەرلەر ياكى دېھقانلاردىن باشقا، ئۇزاق - بۇياققا ئۆتىدىغان كاراۋان ۋە يولۇچىلار ئاساسەن ئۇچرىمىدى.

(سۋېن ھېدىن: «ھايات - ماماتلىق باياۋان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى).

# قەشقەر خارابىلىرى

## مارك ئاۋرېل ستەين

## تاغدۇمباش پامىر

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەنلا، كىلىك تاغ ئېغىزى (كانجۇتلار ئۇنى كالىك «Kalik» تاغ ئېغىزى دەيدۇ) دىن ھالقىپ ئۆتۈش سەپىرىگە تەييارلاندىم، يوللارنى قىرو باغلىغان، تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېرىقتىكى سۇلارمۇ ئاز ـ تولا توڭلىغانىدى. ئەتىگەندە قار ـ مۇزلار قاتتىقراق بولغاچقا يول يۈرۈشكە قولايلىق بولىدىغانلىقتىن، سەھەردىلا يولغا چىقىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، يۈك ـ تاقلارنى قوتازلارغا ئارتىشقا كۆپ ۋاقىت كەتكەنلىكتىن، قوشۇنىمىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدىمۇ سەپەرگە ئاتلىنالمىدى. ئىلگىرىكى ئۇزۇن سەپەرلەردە كۆپ جاپا چەككەن چاكارلارنىڭ بۇ نۆۋەت قوتازلارغا مىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. يۇقىرىغا يۆنەلگەن يول شىمالغا سوزۇلغان بولۇپ، كەڭرەك، ئەمما خەتەرلىك بىر قىساڭ (بوغۇز)دىن ئۆتەتتى. بىز بىر سائەت يۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا كەڭرىچىلىككە بېرىپ قالدۇق، يەنىلا قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان، تۈز كەتكەن چوققا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شەرق تەرەپتە يول بويىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 20 مىڭ فۇتقا يېقىنلىشاتتى: غەرب تەرەپتە ئىككى مۇزلۇق پاكار تاغلاردىن سەل ساڭگىلىغان بولۇپ، ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى ئوكسۇس، ھىندى دەرياسى ۋە ياركەنت

دەرياسى ئېقىنلىرىنىڭ مەنبەسىدەك قىلىدۇ. كىلىك ئېغىنىنىڭ ئۈستىدىكى كەڭلىكى تەخمىنەن يېرىم فۇت كېلىدىغان تەكشى ئېگىزلىكتە ئەمەلىيەتتىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىنى، يەنى ھەقىقىي سۇ بۆلگۈچ لىنىيىسىنى بەلگىلەش ئاسان ئەمەس ئىكەن. مەن مۇشۇنداق بىر نۇقتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئورۇننى تاپقاندىن كېيىن توختاپ، قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچتىكى سۇنى قاينىتىشقا كىرىشتىم. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامالدا بۇ ئىشنى قىلىش تولىمۇ جاپالىق ئىكەن. ئۆلچىگۈچتىكى ئېگىزلىك نۇقتىسى 15 مىڭ 800 فۇتنى كۆرسەتكەندە، قار يېغىشقا باشلىدى. شىمال تەرەپتە بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلاپ تۇرغان قاقاس تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مانا بۇ رۇسىيىنىڭ پامىر چېگرىسى بولسىمۇ، لېكىن چېگرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچبىر بەلگە كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار گويا خۇنزاغا سوزۇلغان ئېگىز ـ پەس تاغ تىزمىلىرىدەكلا قار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. يۈزگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان سوغۇق شامالدا يۇمشاق قار ئۈستىدە سەپەر قىلىش ناھايىتى جاپالىق ئىكەن، ئەمما قوتازلار رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇردى. بىز تۆۋەنگە قاراپ ئىككى سائەتتىن كۆپرەك يۈرگەندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە تاغدۇمباش — پامىرنىڭ كۆكتۇرۇك (Koktorok) تۇزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدۇق.

بىز بارگاھ قىلىدىغان يەرگە يېقىنلاشقاندا بىر توپ كىشىلەرگە يولۇقتۇق. ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاشقورغاندا تۇرۇۋاتقان كاتىپ شىر مۇھەممەد بۇ يەرگە مېنى قارشى ئېلىشقا كەلگەنىكەن. شەكسىزكى، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا تاشقورغاندىكى ھەرقايسى يېزىلارنى باشقۇرۇۋاتقان سارىقول بەگلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساقلاپ تۇرغانىكەن. كاتىپ شىر مۇھەممەد كېلىشكەن ھەم زېرەك ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقى، لاھور شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ مېنىڭ تاشقورغانغا بېرىش سەپىرىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتكە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مەن تاشقورغانغا بارغان تۈنجى كۈنى بىردىنلا ھاۋا ناھايىتى سوۇۋپ كەتتى، شەرقىي شىمال شامىلى جىلغىلاردىن ئۆتكەندە قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېلەتتى. 1897 - يىلى كاپىتان دېسى بۇ ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن 14 مىڭ فۇت ئېگىز كېلىدىغانلىقىنى ئۆلچىگەنىدى.



قەشقەر كوچىسى (ستەيىن تارتقان)

مەن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يولغا چىققاندا ھاۋا ئوچۇق ئىكەن. گەرچە سەھەر سائەت ئالتىدىكى سالقىن جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 2.8 گرادۇس بولسىمۇ، لېكىن تېپتىنچ ھاۋا مۇھىتى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ھاۋارايى بۇ

يەردە ئېلىپ بارىدىغان ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە تولىمۇ پايدىلىق ئىكەن. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، ئۆزۈم سىزغۇچىلار بىلەن ئۆلچەش ئۈچۈن قىلىپ تاللىغان قۇشبەل (Khushbel) چوققىسىنىڭ پەللىسىگە ياماشتۇق. تاغ تۈمشۇقى كىملىك تىغىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇرغان ئېگىز تاغدىن قىيپاش تۆۋەندىكى جىلغىغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورنى ئۇنى تاغدۇمباشتىنمۇ ئېگىز ئورۇندا ھەممىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ قويغانىدى. بۇ چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 16 مىڭ 820 فوت ئىكەن. بىز قوتازلارغا تايىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق. قاۋۇل قوتازلار بىزنى ۋە ئەسۋابلارنى كۆتۈرۈپ چەبدەسلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى. ئالدى بىلەن تىك كەلگەن ئوت ـ چۆپلۈك داۋاندىن ئاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قارلىقتىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا تاشلىق داۋاندىن ھالقىدى. بۇ سەپەر ماڭا يېڭىلىق ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. ناھايىتى روشەنكى، دېڭىز يۈزىدىن ناھايىتى ئېگىز بۇنداق تاغلارغا ياماشقاندا، دەسلەپىدە قوتازلاردىن پايدىلىنىش ئاقىلانىلىك بولۇپ، تۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولاتتى. بىز قۇشبەل چوققىسىدا تۇرۇپ، مۇرغئاب (Murghab) جىلغىسى ۋە خۇنزاغا يۈلەنگەن چوققىلاردىن ئىلگىرى كاپىتان دىيسى ئۆلچىگەن بەزى چوققىلارنى پەرق ئېتەلىدۇق. رام سىڭ مىنزۇلانى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولدى، بۇ چاغدا مەن «بىرىج لى» (Bridges Lee) ماركىلىق ئۇپتىكىلىق تئودولىت ئارقىلىق تۇنجى قېتىملىق ئۆلچەشنى باشلىدىم. بۇ ئەسۋابنىڭ ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى تۆۋەت سىناق قىلىنىشى ئىكەن. چۈشتە يەنە شامال چىقتى، بۇ ئېھتىمال مۇشۇ پەسىلدىكى قانۇنىيەتلىك بىر كىلىمات ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، بارگاھتىكى چېدىرىمغا كۆڭۈللۈك قايتىپ كەلدىم.

كۆكتۈرۈك ۋاخجىر (Wakhjir) تاغ ئېغىزىغا ناھايىتى

يېقىن بولۇپ، ئۇ ئۇكسۇس بىلەن ياركەنت دەرياسى ئېقىنلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان سۇ بۆلگۈچ چوققا جايلاشقان ئورۇن ئىكەن. ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار بارگاھ ئەتراپىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ئىككى كۈن جەريانىدا، بۇ رايوننى ساياھەت قىلىش ئۈستىكى مېنى چىرمىۋالدى. بۇ يەرگە كېلىپ ۋاخان جىلغىسىنىڭ باشلىنىش ئۇچىنى، شۇنىڭدەك ئاقسۆڭەك لورد كۇرزون (Lord Curzon) تۇنجى بولۇپ ئىسپاتلىغان ئۇكسۇسنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش مەنبەسى بولغان ئاشۇ مۇزلۇقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، توپوگرافىيىلىك كۆزىتىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. شۇڭا، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەر، بارلىق ئېغىر يۈك ـ تاقلارنى ۋە ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار تارماق ئەترىتىنى كۆكتۈرۈكتە قالدۇرۇپ، ۋاخجىر تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئاتلاندىم. يول دەسلىپىدە غەرب تەرەپتىكى كەڭ جىلغىغا سوزۇلغان بولۇپ، تەخمىنەن 5 ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن قىيپاش غەربىي جەنۇب يۆنىلىشتىكى تارراق جىلغىغا بۇرۇلدۇم. كەڭ كۆلەملىك قارلىقلارنىڭ كۆزگە چېلىقىشى ۋە كۆكتۈرۈكتىكى بارگاھ ئەترابىدىكىدەك تەبىئىي ئوتلۇقلارنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشى بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. مەن چېدىرنى قۇرغاقراق بىر پارچە يەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 153 مىڭ فۇت كېلەتتى. سەل يۇقىرىراق جايدىكى جىلغىنىڭ نوۋى قارلىق ياكى ئەمدىلا ئېرىشكە باشلىغان قارلىق يۇمشاق يەرلەردىن ئىبارەت ئىكەن. ئالدى تەرەپتە سانسىزلىغان كىچىك مۇزلۇقلار تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قىيالارنى قاپلىغانىدى. مەن بۈگۈن ئاشۇ قىيالارغا چىقىشنى پىلانلىغانىدىم، ئەمما بۇ ئويلىرىم قار ئارىلاش يامغۇرلۇق بوراندا يوققا چىقتى. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال يېقىلغۇنىڭ كەملىكىنى ماڭا چوڭقۇر تونۇتتى. بۇ يەردىن

ھەتتا سارىقوللۇق قىرغىزلار دائىم ئىشلىتىدىغان قوزۇق گىياھ يىلتىزلىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ئەتىسى سەھەردە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، تاغ ئېغىزىغا چىقىشتا قىيىنچىلىق يوق ئىكەن. مەن قوتازلىق بىر يېرىم سائەت يۈرۈپ قارلىق قىيادىن ئېشىپ، بىر كىچىك كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ بۆلگۈچ چوققىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ قارلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن ئېرىقلارنىڭ ھەر قايسى يۆنىلىشلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن بىر پارچە تاشلىق قورغاق يەرنىڭ يېنىدا قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچىگۈچتىن پايدىلىنىپ، بۇ جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ 16 مىڭ 200 فۇتقا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىقتىم.

شىمالدىن تۆۋەنگە خېلىلا ئۇزارغان ئاپئاق بىر مۇزلۇقنىڭ ئالدى تەرىپى تاغ ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپىگە تۇتاشقانىدى، مەن ئافغانىستان تېررىتورىيىسىگە مېڭىپ كىردىم، بۇ قاقاس چوققىلاردىن ئۆتۈشتە، ئەمىر ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىنى ئېلىش ھاجەتسىز ئىكەن. تەخمىنەن 1.5 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى يىغىلىپ قالغان يۇمشاق قار ئىلگىرىلىشىمگە توسالغۇلۇق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. مەن كىچىك ئېرىقنى بويلاپ تاغ ئېغىزىدىن ئۇدۇل تۆۋەنگە مېڭىپ، ئېرىق تۇتاشقان ۋاخان جىلغىسىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش ئۇچىدىن ئېقىپ چىققان نېخىمۇ چوڭ مۇزلۇق ئېقىن ئورنىغا كەلدىم. تاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن تەخمىنەن 800 فۇت ئۆرلىگەندە، ھەيۋەتلىك تاغ جىلغىسى مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئابى پەنجا دەرياسىنىڭ سۇيى تاغدىن ئۆتۈپ، بوزاي گۇمبەز (ozai Gumbaz) ۋە سارخاد (Sarhad)قا قاراپ ئاقاتتى، دەريا سۇيى ئېقىپ چىققان مۇزلۇقمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۈپتىكىلىق تېئودولىتتىن پايدىلىنىپ بىر سائەت ئۆلچەش - سىزىش ئارقىلىق، بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىلەرنى تولۇق خاتىرىلىۋالدىم.

بۇ ئاقسۇڭەك كۆرزوننىڭ خۇلاسىسىنىڭ ناھايىتى توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇ جاي دەل ئاشۇ چوڭ دەريانىڭ ھەقىقىي بېشى ئىكەن.

جىلغىنى بويلىغان ئېگىز تىك تاغلار غەرب تەرەپتىكى ۋاخان ۋە بەدەخشان (Badakhshan) نى كۆرۈشۈمگە توسالغۇ بولدى. مەن ئوكسۇس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ۋادىسى ۋە قەدىمكى باكتېرىيە (Bactria)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يىراق رايوننىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا، قەلبىم شادلىققا تولدى.

مەن ئۆسمۈر چېغىمدىلا بۇ رايونلارغا ئىنتىلگەنىدىم. ئوكسۇسنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم. قەدىمكى ئىراندىكى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ دەريانىڭ ئىككى يېقىدا يۈز بەرگەنىدى، ئۇ قەدىمدىن بۇيان ئۆزى ئېقىپ ئۆتكەن رايونلارغا مولچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان بۇ يەر تېپتىنچ، زېرىكىشلىك قاقاسلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇز ـ قار ۋە تاشلار بار ئىكەن. بىراق، مەن تا بۈگۈنگە قەدەر بۇ قاقاس مەنزىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

مەن ئەسلىي يول بىلەن تاغ ئېغىزىغا قايتىپ كەلگەندە، جىلغا ئاسمىنى كەچكى شەپەققە پۈركەنگەنىدى، بارگاھقا كېلىشتىن بۇرۇنلا تۈن قاراڭغۇسى جاھاننى قاپلىدى. مەن بارگاھقا كېلىپ ئۆيدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. بۇ خەتنى ماڭا كۆيۈنىدىغان خۇنزا ۋەزىرى ئەۋەتكەن مەخسۇس كىشى كىلىك تېغىدىن ھالقىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. خەت بىلەن بىرگە يەنە رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى تېلېگرامما خەۋەرلىرىمۇ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇ خەۋەرلەر كۆرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ماكارتنېي ئەپەندىگە يوللاپ بېرىلەتتى. تېلېگرامما خەۋەرلىرىدە بېيجىڭ ئەلچىخانىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى ۋە تيەنجىندىكى

ئۇرۇشقا ئائىت ئۇچۇرلار سۆزلەنگەندى. جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ يىراق غەربىدىكى چېگرىدا تۇرۇپ، بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ يىراق شەرقىدىكى پايتەختتە يۈز بەرگەن جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولالىغىنىمىز ئۈچۈن ئەجەبلەنسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قالايمىقانچىلىق خەۋىرى بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا قەشقەردىكى كىشىلەرگە يېتىپ كېلەتتى. مېنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئىمپېرىيىسىنىڭ رايونلارنى ئۇزاق مۇددەت باشقۇرۇشى نەتىجىسىدە، بۇ قالايمىقانچىلىق جۇڭگونىڭ تۈركىستان رايونىغا ياكى مېنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پىلانىمغا ھېچقانداق بىۋاسىتە تەسىر پەيدا قىلالمايتتى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەن كۆكتۇرۇككە قايتىپ كېلىپ، ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار بىلەن ئېغىر يۈك - تاقلارنى يىغقاندىن كېيىن، تىغارمانسۇ (Tigharman) دەرياسىغا بارىدىغان ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن كەڭ جىلغىغا قاراپ يولغا چىقتىم.

بارگاھىمنىڭ يېنىدا چارۋىچى مۇھەممەد يۈسۈف قورغان قىرغىزچە ئىككى كىگىز ئۆي بار ئىكەن، ئۇلار يازدا بۇ يەردە قوي ۋە قوتاز باقىدىكەن. ئەتىسى سەھەردە، مىڭتېكە قاتناش لىنىيىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل سارىقول ئاقساقىلى قاراقاش بەگ (Karakash Beg) مېنى جىلغىغىچە ئاپىرىپ قويدى. تەخمىنەن 6 ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن، بىز مىڭتېكە تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بىر ئۆتەڭگە يېقىنلاشتۇق. يولباشلىغۇچىم بىر رۇسىيە ئوفىتسېرىنىڭ شىمالدىكى پايىق (Payik) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتەڭگە چۈشكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. بۇنداق مېھماننىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن، مەن ئاتلىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ناھايىتى تېزلا بۇ مېھمان بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم. بۇ ئەسلىدە ياش گېرمان ئوفىتسېرى بولۇپ، باۋارىيە (Bavarian)

پىيادە ئەسكەرلەر قوغداش ئەترىتىنىڭ لېيتېنانتى ئىكەن، ئۇ روسىيە تومۇربول لىنىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچى بولغان فەرغانىدىن بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەن بولۇپ، يەنە گىلگىت ۋە ھىندىستانغا بارماقچى ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتىسىز خۇنزا لىنىيىسىدە ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ يول يۈرۈشى مەنئى قىلىنغانلىقىدىن ئازراقمۇ خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. ئۇ كەشمىرگە بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پىلانىدىكى جايغا بارالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەسلىي پىلانىنى ئۆزگەرتىپ قەشقەرگە بارماقچى بولدى. خىزمەتكارلار بىزگە ناشتىلىق تەييارلىدى، لېيتېنانتمۇ قايتىدىن روھلىنىپ، مەن بىلەن بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سېرىق جىلغىغا بىللە بارماقچى بولدى.

يولدا ۋە تاماق ئۈستىدە، بۇ ياش مېھمىنىم ماڭا روسىيىنىڭ پامىر رايونىنى ساياھەت قىلغان 10 كۈن جەريانىدىكى قىزىقارلىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەتراپلىق، ئەلنۆكۆس تەكشۈرۈشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۇنىڭ بىر نەتىجىسى دەپ قاراشقا ئەرزىيتتى. ئۇ ئېلىۋالغان يۈك-تاق ۋە تەمىناتلار ئۇنىڭ باۋرىيەدىكى ئالپىس تېغىدا بىرنەچچە كۈنلا ساياھەت قىلىشىغا ئارانلا يېتەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا پامىرنىڭ ياز پەسلىدىكى جاپالىق مۇھىتىغا دۇچ كەلگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەييارلىقى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، بىر قىرغىزنىڭ ئۈچىسىدىكى جۇۋىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ خىل سودىدا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئات-ئۇلاغلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ. چۈنكى، پامىردىكى روسىيە قورغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىرغىزلار ئۇنىڭ بىردىنبىر ساھىبخانى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئۇ

ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئېتىمۇ سەپەردىكى جاپا - مۇشەققەت دەستىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇلاردىن سىرت، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئىككى دانە ئالتە ئاتار تاپانچىنىڭمۇ كېرىكى قالمىغانىدى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدىن كېيىن، ئۇ تاپانچىلارنى دەرھاللا يوشۇرۇپ قويدى. روشەنكى، پامىر رايونىدا ئالپىس تېغىدەك مېھمانخانا ۋە قونالغۇلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئالپىس تېغىغا ئوخشاشلا بىخەتەر ئىكەن.

بىز بىر كېچە بىرگە بولدۇق، كۆڭۈللۈك مۇڭداشتۇق، قاراقاش بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن مەمنۇن بولۇشتى. چۈنكى، بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانىنىڭ رۇسىيىلىك ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقانىدى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، بىز تەخمىنەن 14 ئىنگلىز مىلى يولنى بىرگە يۈرۈپ غوجەكباي (Ghujakbai، ئىلگىرىكى خەرىتىلەردە ئۇجادباي «Ujadbai» دەپ ئېلىنغان)غا كەلدۇق، جىلغا بۇ يەردە شىمالغا قايرىلغان ھەمدە خېلىلا كېڭەيگەنىدى. ئىككى ياقتىكى چوققىسى قار بىلەن كۆمۈلگەن تاغلارمۇ خېلىلا يىراقلاشقان بولۇپ، كەڭ، ئازادە جىلغا ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. تاغدۇمباشقا تەۋە بولغان بۇ جىلغا قەدىمدىن بۇيان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دىن ئۆتۈشتىكى مۇھىم بىر تەبىئىي يول بولۇپ كەلگەنىدى. يېڭى تونۇشقان ھەمراھىم تاشقورغانغا بېرىشقا ئالدىرايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مەن بىلەن خوشلاشتى. ئۇ يولدا كېرەكلىك بولغان كونسېرۋالىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلىۋالغانىدى، ئۇنىڭ قەشقەرگە بېرىش سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن، مەن شىر مۇھەممەد ئەپەندىگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا بۇ كىشىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە كېيىنكى سەپەرلەردە كېرەك بولىدىغان يەرلىك جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ يول خېتىنى

ئېلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئېيتتىم.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غوجەكبايدىن يولغا چىقتۇق. ئەڭ دەسلەپتە كەڭ تۈزلەڭلىكتىن كېسىپ ئۆتتۇق. بۇ قونجىراپ تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريادىن تىنىپ شەكىللەنگەن بولۇپ، جىلغا بىرقانچە ئىنگلىز مىلى سوزۇلغانىدى. ئۇ تاغدۇمباش دەرياسىغا تەدرىجىي يېقىنلاشقانسېرى يەلپۈگۈچسىمان كېڭىيىپ، كەشمىر تاغ ئېغىزىدىكى ئالاھىدە بولغان «قارەۋا» (Karewa) تۈزلەڭلىكىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىز بۇ قاقاسلىقتىن ئۆتۈپ تەخمىنەن 5 ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن، دەفتەر (Dafdar)غا كەلدۇق، مەن ئىككى ئاق ئۆينىڭ يېنىدا بىر توپ ۋاخانلار ۋە قىرغىزلارنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. قىرغىزلار دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى كىچىك كەنت ـ پىسلىڭ (Pisling)دىن كەلگەنىكەن. ئۇلار قاۋۇل ھەم چىرايلىق ۋاخان قوشنىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا ئىسكەتسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خۇشال كەيپىياتى ۋە قىزغىن يۈرۈش - تۇرۇشلىرى بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرنى بېسىپ چۈشەتتى. دەفتەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، تۇنجى بولۇپ تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بايقىدىم. بۇ تارقاق ئېتىزلار يېنىدىكى ئېرىقلاردىن كىرگەن سۇ بىلەن سۇغىرىلاتتى، ئارپا ۋە سۇلۇدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، جاپالىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى كۆرۈپ، تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلدىم. يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، كانجۇتلار بۇ يەردە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جىلغا تىنچلىنىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى.

تار جىلغىلار ۋە قار - مۇزغا كۆمۈلگەن ئېگىزلىكلەردە بىرنەچچە ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن، تاغ ئېتىكىدىن تەدرىجىي سوزۇلغان بۇ كەڭ، ئازادە تاغ باغرىدا يول يۈرۈش تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. دەريا سۈيى كەڭ جىلغىلاردىن ئېقىپ

كېلەتتى، ئۇ ئېقىپ ئۆتكەن جايلار قويۇق ئۆسكەن گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، خۇش پۇراقلار دىماغقا ئۇرۇلاتتى. يېرىم يولدىكى غان (Ghan) يايلىقىدا قىسقا مۇددەت دەم ئالغان چاغدا، ئوتلاقتا يېتىپ ئۆزۈمنى گويا مۇڭگىرىيىنىڭ يايلاقلىرىدىكىدەك ھېس قىلدىم. ئەتراپتا بىر توپ ئات - ئۇلاغلار ئەركىن - ئازادە ئوتلاپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئەركىن ئوتلاۋاتقان ھالىتىنى تاماشا قىلىش كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

يۇمشاق، ئاپئاق بۇلۇتلار تاغلارنى قاپلىغانىدى، چۈشتىن كېيىن تەخمىنەن 18 ئىنگلىز مىللىق سەپەر ئاياغلىشاي دېگەن چاغدىلا، شىمال تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان قار چوققىسىنى كۆرەلىدىم. بۇ مەن ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشكە تەلمۈرۈپ كەلگەن مۇز تاغ ئاتا (Muz tagh Ata) چوققىسى ئىكەن. ئۇنىڭ مۇزلۇق ئېقىنلىرى يورغال گۇمبەز (Yurgal Gumbaz) دەرياسىنىڭ سۈيىگە قوشۇلغانلىقتىن كۆل رەڭ كۆرۈنەتتى ھەم سۈيى ئۇلۇغ ئىكەن. مەن دەريا ياقىسىغا چېدىر تىكتىم. جىلغا تەرەپتىن شامال كېلىشتىن بۇرۇن، ھاۋا ناھايىتى ئىللىق ئىكەن.

ئىككىنچى كۈنى قاق سەھەردە يولغا چىقتۇق. يېقىنلىشىپلا قالغان تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ راھەت مۇھىتى مېنى ۋە ھەمراھلىرىمنى ئىنتايىن جەلپ قىلاتتى. مۇز تاغ ئاتا چوققىسى يەنىلا ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاڭ سەھەردە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. جىلغىنىڭ شىمالىي ئۇچىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلىرى بىلەن تولغانىدى. تەكشى كەتكەن تاش - قاقاسلىقتا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن، يولباشلىغۇچىم — تاشقورغاندىكى مىڭبېشى رەشىد بەگ ئادەتتىكى ئېغىر - بېسىق ھالىتىنى بۇزغان ھالدا يىراقتىكى بىر ئاق نۇقتىنى كۆرسەتتى، ئۇ نۇقتا تاشقورغان قورغىنى بولۇپ، بىزنىڭ بۇ بۆلەك سەپىرىمىزنىڭ

ئاخىرقى نۇقتىسى ئىكەن، ئۇ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەن يەر سۇغىرىدىغان ئېرىق بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان تار كەتكەن چىرايلىق ئوتلاقنى بويلاپ، تاشقورغاننىڭ قارشىسىدىكى تۇرغۇن كىچىك كەنتلەردىن شەكىللەنگەن توغلان شەھەر (Tughlan shahr) دىكى ئېتىزلىقلارغا يېتىپ كەلدىم. كىچىك يول ئۇنى بويلاپ بىرقانچە ئىنگلىز مىلى سوزۇلغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا كەڭ كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلىقلارغا ئېقىپ كىرمەكتە ئىكەن. بۇ گۈزەل مۇھىت ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ ماڭا تەسىر قىلدىمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ مەن چوڭ ھەم ئېگىز تاشقورغان سېپىلىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش ياكى كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغۇدەك نەرسە يوقلۇقى ماڭا ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ مۇھىم بىر بۆلەك سەپىرىمنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈم تەتقىق قىلىدىغان رايونغا قەدەم قويغانىدىم. دەريا سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى مېنى ئەڭ يېقىن يول بىلەن مېڭىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى، شەرق تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ تاشقورغاننىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى جىلغىغا سوزۇلغان تاغ تۇمشۇقى ئېتىكىنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىلا، دەريادىن ئۆتكىلى بولىدىغان يەرگە يېتىپ كەلگىلى بولاتتى. بۇ جايدىكى دەريا ئېقىنى گەرچە تەكشى ئوتلاقتا بەش ئارماققا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن دەريا سۈيى ئاتنىڭ ئېگىزلىكىچە كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېقىن سۈرئىتى تېز بولغاچقا، دەريادىن ئۆتۈش ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، بىز دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالدۇق، يۈك - تاقلارنى مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا كەلگەن كەنت باشلىقىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، قورغانغا تىك بولغان تىك يارنىڭ ئېتىكىگە قاراپ چاپتىم.

شىرمۇھەممەد ئەپەندى ئىلگىرى مايور ياڭخۇسباند

(Yuong hus band)قا تەۋە بولغان قىرغىزچە كىگىز ئۆينىڭ ئىچىدە مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئۆينى مەن ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى سەپەردىكى ھەمراھىم مۇشۇ ئۆيدە كۈتۈۋېلىنغانىدى. سارىقول مەمۇرىي رايونىدىكى جۇڭگولۇق ئامبال مېنىڭ غەرب تەرەپتىكى مۇز تاغقا بېرىشىمغا قارشى تۇرمىدى، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. ئەسلىدە ياۋروپاغا پوچتىدىن ئەۋەتىدىغان نەرسە (پوچتاق)لىرىمنى ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ گىلگىتكە ماڭدۇرغان ئەلچىسىدىن ئەۋەتىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ ئەلچى ئاللىبۇرۇنلا دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى يول بىلەن كېتىپ قالغان بولغاچقا، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدىم. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خىل پوچتا ئالاقىسىدە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ھادىسىلەرنى تۈزۈۋېلىش مەدەنىيەتلىك ياۋروپاغا قارىغاندا كۆپ ئاسان. مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر كېچە خەت يازغاندىن كېيىن، پوچتا يوللانمىلىرىمنى بىر ئالاھىدە ئەلچىگە بېرىپ، ئۇنى ئات بىلەن يولغا سالدىم. بۇ ئالاھىدە ئەلچى ئۆتەڭدە ئالدىنقى ئەلچىگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇ ئەلچى بىرىنچى قونالغۇدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پوچتا يوللانمىلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدى.

## سارىقولدا

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ، 9 ـ كۈنلىرى بىز تاشقورغاندا ئىككى كۈن تۇردۇق. بۇ يەردە ئوزۇقلۇقلارنى ۋە توشۇش قوراللىرىنى ھازىرلاشتىن سىرت، يەنە تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىگە ئائىت تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى توپلاشقا توغرا كېلەتتى. تاشقورغان سارىقول (Sarikol) تاغ رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ، شەكسىزكى ناھايىتى قەدىمىي جاي ئىكەن. بۇ يەردە قەدىمكى غەربلىك سودىگەرلەر ماللىرىنى قەدىمكى جۇڭگونىڭ ماللىرىغا

ئالماشتۇرغان ئاشۇ ۋاقىتلاردىن قارىغاندىلا، بۇ جاينىڭ
مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر ئېلىپ
بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ھېنرى راۋلىسون
(Henry Rawlison) ئەپەندى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان
«تاش شەھەر» دېگەن كۆزقاراشلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاشقورغان
دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ ئورنى پتولېمىي (Ptolemy) ۋە ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئۆتكەن تايىر (Tyre) لىق بۈيۈك جۇغراپىيە ئالىمى
مارىن (Marinus) ئېيتقان سېرىك (Serike)، يەنى جۇڭگونىڭ
ئەڭ غەربىدىكى سودا مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ. جايلاشقان
ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇ سارىقول رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان
جىلغىلارنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولۇپلا قالماي، يەنە قەدىمكى
مال ئالماشتۇرۇشتا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورۇن
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ناھايىتى
ىراق غەرب ۋە شەرقنىڭ ئالاقىسىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئۆتەڭ
ولۇپ كەلگەن. تاشقورغاندىن قەشقەر ۋە خوتەنگە بارىدىغان يوللار
ناھايىتى راۋان بولۇپ، بۇ ئىككى مۇھىم يول شىنجاڭنىڭ ۋە
جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تۇتاشقانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ
جاي يەنە پامىر قاتناش لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇشتىكى ئەڭ
ياخشى ئىككى يول بىرلەشكەن ئورۇن بولۇپ، تاغدۇمباش
جىلغىسىدا ئۇدۇل ئوكسۇسقا بارىدىغان بىر يول بار. بۇنىڭ
بىلەن ئۇچراشقان يول نەيزىتاش (Naiza Tash) تاغ ئېغىزى
ئارقىلىق ئاقسۇ جىلغىسىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن يەنە
بۈيۈك (چوڭ) پامىردىن ئۆتۈپ، تۆۋەندە شىغنان (Shighnan) ۋە
بەدەخشانغا بارىدۇ.

مەن تاشقورغاندا شۈەنزاڭ ئىز باسقان زېمىنغا قايتا قەدەم
قويغانلىقىمنى ئويلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، جۇڭگونىڭ بۇ
ئۇلۇغ راھىبى قەدىمكى ھىندىستاندىكى نۇرغۇن بۇددا دىنى
مۇقەددەس جايلىرىنى ساياھەت قىلغانىدى. تەخمىنەن مىلادىيە
649 - يىلى، ئۇ بەدەخشاندىن خوتەنگە بېرىش سەپىرىدە كېپانتو

(Kie - pan - to، يەنى كاۋانتا) دۆلىتىدىن ئۆتكەنىدى، ھېنرى يۇل (Henry Yule) ئەبەندى ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ دۆلەت ھازىرقى سارىقولدىن ئىبارەت، دەپ قارىغانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شۋەنزاڭ ۋە ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ياشىغان جۇڭگولۇق تاۋاپچى سوڭ يۈەن (تەخمىنەن مىلادىيە 500 - يىلى) قاتارلىقلارنىڭ ئۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ھەققىدە تەسۋىرلىگەنلىرى مېنىڭ تەزىرىمدە تاشقورغاننىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ خارابىسى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. ھازىر جۇڭگوچە زامانىۋى قورغان قۇرۇلغان بۇ خارابە شەھەر تاۋاپچىلار بايان قىلغاندەكلا: «دۆلەتنىڭ پايتەختى چوڭ تاش چوققىغا جايلاشقان بولۇپ، كەينىدە شىتا (Shita) دەرياسى (شىتا دەرياسى ياركەنت دەرياسىنىڭ تاغدۇمباشتىكى تارماق ئېقىنى) بار ئىكەن».

شەھەرنىڭ شەرقىدە، تاش چوققىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1/3 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان چاسا شەكىللىك تۈزلەڭلىكنىڭ بىر تەرىپىدە يېرىلىشقا باشلىغان چوڭ بىر تاش تام بار. بۇ قورشالغان يەرنىڭ شەرقىدىكى دەريا تەرىپىتىكى بىر پارچە يەردە جۇڭگو قورغىنى بار. بۇ كۆل رەڭ لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان ھەشەمەتلىك توپا تام شەكسىزكى ناھايىتى قەدىمىي ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇنىڭ سىرتى ھازىر ئىمتاس قاقاسلىقتىن ئىبارەت. بۇ يەرنىڭ قىسمەن جايلىرىدا تاش ئۆي خارابىلىرى بار ئىكەن. ئىلگىرى جىلغا بىخەتەر بولمىغاچقا، ناھايىتى ئاز ساندىكى تېرىقچىلارمۇ ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يەرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشالمىغانىدى. سارىقول بىخەتەر بولغاندىن كېيىن، تېرىقچىلىق قىلىنىۋاتقان ھەممە يەرلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا يېڭى كەنتلەر بارلىققا كەلگەن، لېكىن قورغان تەدرىجىي قاقاسلىققا ئايلانغانىكەن. 1895 - يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە كۆپ ساندىكى ئۆيلەر ۋەيران بولمىسىمۇ، لېكىن قايتا ئوڭلانمىغان، كېيىنكى نېخىمۇ ئېغىرراق يەر تەۋرەشتە سېپىل خۇددى ئۆرۈشتا

بۇزۇلغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا چوڭ - چوڭ كاۋاكلار كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇدا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ۋە قايتا - قايتا يېڭىدىن ياسىغان ھەمدە ياساشتا دائىم بەلگىسىز تاشلار ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ياسالغان دەۋرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. لېكىن، ھازىر سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چوڭ تاش دۆۋىلىرى (بەزى جايلارنىڭ ئېگىزلىكى 25 فۇتقا يېتىدۇ) دە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ ئىزنالىرى روشەن چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى ۋە باشقا قەدىمكى خارابىلەرنى، مەسىلەن شىمالىي تامنىڭ سىرتىدىكى بۇددا مۇنارىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ جاينى تەپسىلىي ئۆلچەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشتا تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك، چۈنكى جۇڭگو قوماندانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بۇ خىل ئۆلچەش - سىزىشنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شىر مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ تەقرىبىلىرى بىزنى بۇ جەھەتتىكى بارلىق ئەندىشىلەردىن خالاس قىلدى. مەن ۋە ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچىلار كۆرۈنۈشتە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە ئۇ جايغا بېرىپ، بارلىق قاراۋۇللار چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدىلا، ئۆلچەش - سىزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق. بۇ بىخەتەر ۋاقىتتىن باشقا چاغدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ئەقىللىق دېپلوماتىمىز ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەپچىللىك بىلەن سەپەردىكى ھەر خىل خەۋەر بىلەن ئۇلارنى جەلپ قىلاتتى. بۇنداق قىلغاندا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇلارنىڭ قورغان ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىدىن گۇمانلىنىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى.

مەن كۆرگەن بۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى جۇڭگو ئەسكەرلىرى گويا غەمسىز باغۋەن ياكى يامان غەرىزى يوق ھۇرۇنلارغىلا ئوخشايتتى. كۆك كىيىم كىيگەن بىر - ئىككى ئەسكەر بەزىدە بارگاھىمىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، ئىچ پۇشۇقلىرىنى

چىقىراتتى. پارس تىلى، تۈرك تىلى ياكى ۋاخان تىللىرىدا ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كاتىپنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەردە سەككىز يىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن بىرىمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىلىنى بىلمەيدىكەن، سانى ناھايىتى ئاز بولغان قوماندانلىرىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۇ ئەترەتنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئىكەن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رايونلارنى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بۇنداق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى سەۋەبنى تۆۋەندىكى ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: ئۇلار يەر ئىشلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە يېزا - كەنت باشلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان. بۇ چەك - چېگرا رايونلارنىڭ باج - سېلىقى ناھايىتى يېنىك بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلارنى باشقۇرۇشىمۇ ناھايىتى بوش بولغان، بۇ يەردىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن ناھايىتى رازىدەك قىلاتتى. بۇ پاكىتلار شۇنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۇزاق مەدەنىيەت ۋە نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى سىياسىي تەجرىبىلەر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى نۆۋەتتىكىدەك سىياسىي بۆلۈنۈش روشەن بولغان مەزگىلدىمۇ كونترول قىلىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلمىغان.

قەشقەردە تۇرۇپ كەلگەن ئامبال سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يەرگە ئەمدىلا كەلگەنىدى. ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن جاۋابەن زىيارەتتە بولالمايدىغاندەك قىلاتتى. شىر مۇھەممەدنىڭ تەكلىپى بويىچە، مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋاقتىنى ئالدىغا سۈردۈم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈش يۈزىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىمپېرىيە ھوقۇقىنىڭ بۇ ۋاكالەتچىسى بىلەن تونۇشۇش نىيىتىدە ئىدىم. يەرلىكتىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ھەممىسى سارىقول باشلىقى كەرىم بەگنىڭ باشچىلىقىدا يېنىمغا سالامغا كەلدى، شىر مۇھەممەدنىڭ

ھەمراھلىقىدا كىگىز ئۆيۈمدىكى بۇ ئادىتى «قوبۇل قىلىش» ناھايىتى ئۇچۇشلۇق بولدى. بەگلەرنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ سارىقولنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئارىلاش بولۇشىدەك ئالاھىدە ئەھۋاللارنى بىلىۋېلىشىمغا ياردەم بەردى. دەرىجىسى يۇقىرىراق كىشىلەردىن ھەقىقىي يەرلىك كىشىلەر يوقتەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋاخان كۆچمەنلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، ئاز ساندىكىلىرى چىترال ۋە كانجۇت مۇساپىرلىرى، كۆپىنچىلىرى بولسا شىغناندىن كەلگەنىدى. بۇ ھالەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سارىقول تەۋەككۈلچىلەرنىڭ يۇرتىدەكلا قىلاتتى. بۇنداق ئالاھىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتىدىن يەنە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ۋاخان تىلىغا يېقىنراق بولغان سارىقول تىلى، شۇنداقلا پارس ۋە تۈرك تىلىنى ئاز - تولا بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

شىر مۇھەممەد ئەپەندى كىشىلەرگە مېنىڭ «ھەكىم» (Hakim) ئەمەسلىكىمنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن دورا تەلەپ قىلاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بىر بەگنىڭ ياشانغانلىقىدىن كۆزى خىرەلەشكەن تۇغقىنىنى داۋالىيالىشىمدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇلارغا زىيىنى يوق «دورىلار»دىن ئازراق بەردىم ھەمدە بىمارلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن نەسىھەت قىلدىم. ئەگەر مەن ئۇلارغا مۇشۇ تەرىقىدە بىر مەزگىل ئىشلەپ بەرگەن بولسام، شەكسىزكى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ رەھمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن بولاتتىم.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قاتناش - توشۇش ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە باشقا يەردىن ئېرىشكەن تەمىناتلار تەق بولۇپ، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھازىرلاندىم. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 10 مىڭ فۇت كېلىدىغان بۇ جىلغىدا پەقەت ئارپا ۋە پۇرچاقلارلا تېرىلاتتى، كۆكتات تېرىلىپ باقمىغانىدى. شىر

مۇھەممەد ئەپەندى مەن يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئالدىن ئويلاپ، پۈتۈن كەنتنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاشپىزىم سادىق ئاخۇنغا 60 تال تۇخۇم يىغىپ بەردى. روشەنكى، بۇ قېتىم پۈتۈن كەنتتىكى ھەممە تۇخۇم تولۇق يىغىلغانىدى. شۇڭا، مەن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن كۆپ قېتىم ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم ھەمدە ئامبال ئالىيلىرىنىڭ مەن سۇنغان قىممەتلىك ئالتە تۇخۇمنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈندۈم، بۇ تۇخۇملار ئۇنىڭغا دورا تەييارلاشتا جىددىي زۆرۈر ئىكەن. ھالبۇكى، مەن بۇ چوڭ ئەربابقا ياردەم قىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم، ئەلۋەتتە.

دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ تەخمىنەن 3 ئىنگلىز مىلى يۈرۈپ بىرىنچى بۆلەك يولنى باسقاندىن كېيىن، بىز تىزناپ (Tiznaf) كەنتىگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى لاي بىلەن ياسالغان، ئۈستىدە گۈمبىزى بار قەبرىلەر مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. تۆۋەنگە قاراپ ئازراق ماڭغاندا، تاغدۇمباش دەرياسى شەرققە قاراپ تار سايغا ئېقىپ كىرەتتى ۋە بۇ قىستاڭ ئارقىلىق جەنۇب تەرەپتىكى تاغدىن ئۆتەتتى. ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ ھەممىسىلا قاقاسلىق بولۇپ، ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى كۆرۈنمەيتتى، بۇ يەر دەريا ياقىسىدىكى يېشىل ئېتىزلىقلار ۋە ئوتلاقلار بىلەن روشەن پەرقلىنەتتى.

قىش پەسلىدىكى يول لىنىيىسى تاغارما سۇ (Tagharma su) دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، دەريا سۈيى مۇز تاغ ئاتىنىڭ غەربىي باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن تاغدۇمباش دەرياسى بىلەن بىرلىشىپ چوڭقۇر ئېقىن شەكىللەندۈرۈپ، يولنى توسۇۋالغانىدى. شۇڭا، بىز تىزناپتىن غەربىي شىمالغا قايرىلىپ، ئىككى دەريانىڭ دېلتىسى بولغان تاغ باغرىدىكى بىر پاكار تاغ ئېغىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق. قۇمداۋان (Kum Dawan) نىڭ چوققىسى گەرچە 12 مىڭ فۇتتىن سەللا ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تاشقورغان جىلغىسىنىڭ جەنۇبىغا قارىغاندا، چەكسىز كەتكەن مەنزىرە كۆزگە

كۆرۈنەتتى. يىرىمى بۇلۇت ئىچىدە تۇرغان يىراقتىكى قارلىق چوققىلار جەنۇب تەرەپتە چوقچىيىپ تۇراتتى، بۇ مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ھىندىستان چېگرىسى ئىچىدىكى تاغ چوققىسى ئىكەن. شىمالغا قارىغاندا، تېخىمۇ كەڭ كەتكەن مەنزىرە كۆزگە چېلىقاتتى. ھەيۋەتلىك مۇز تاغ ئاتا چوققىسى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ قار - مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرى ئۇنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ ئېتىكىنى ئايلانغان جىلغىدا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇزلۇقلار كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى. بۇنچىلىك ئارىلىقتىن ئۇنى مەن ئىلگىرى كۆرگەن ھىمالايا تاغ تىزمىسىدىكى غايەت چوڭ تاغلار، مەسىلەن نانگاپاربات، راكىپوشى قاتارلىق چوققىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، مۇزتاغ ئاتىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى ئۇنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تەكشى بولمىغان كەڭ كەتكەن تاغارما تۈزلەڭلىكىدىن تەخمىنەن 14 مىڭ فۇت ئېگىز ئىكەن. ئوخشاشلا، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىنى ئويلاشمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەڭگۈلۈك قار سىزىقلىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ 17 مىڭ فۇتتىن تۆۋەن بولۇپ باقمىغانىدى.

ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ، چوڭقۇر جىلغىلار، مۇزلۇقلار ۋە ئېگىز تاغلاردىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۆزۈمنىڭ يەنىلا ئېگىز تاغدا تۇرغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ھالبۇكى، كۆز ئالدىمدا بىپايان كەتكەن ئېگىز - پەس تۈزلەڭلىك تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە پامىرغا تۇتاشقان پاكار تاغلار بار ئىكەن، بۇ ماڭا يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلغان يەنە بىر تاغ ئارىسىدىكى مەنزىرە ئىدى. لېكىن، بۇ مەنزىرىلەر كەشمىر ۋە تاغدۇمباشتىكى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان مەنزىرىلەرگە يەتمەيتتى. تۆۋەنگە قاراپ 1000 فۇت ماڭغاندىن كېيىن، تاغارمىدىكى سۇغىرىلمىدىغان رايونغا كەلدۇق. سۇلۇ ۋە ئارپا مايسىلىرى

ئېتىزلىقلارنى يېشىللىققا پۈركۈگەندى. ئەگەر مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا قارىمىغان بولسام، ئۆزۈمنى گويا شىمالىي رايوندىكى چوڭ تۈزلەڭلىكلەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلار ئىكەنمەن. تۈزلەڭلىككە تارقاق جايلاشقان كىگىز ئۆيلەرمۇ مەندىكى بۇ خىل تۇيغۇنى يوقىتالمىغانىدى، ياپيېشىل ئوتلاقلاردا خاتىرجەم ئوتلاۋاتقان قوتازلار بۇ يەرنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ يەنىلا ئېگىزلىك رايونلىرىدا ئىكەنلىكىمنى ئەسلىتىپ تۇراتتى، مەن بۇ يەردە ئۈنگەن سافسگوس (Safsgos) تاغارما تۈزلەڭلىكىگە تارقاق جايلاشقان سارىقول يايلاقلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. مەن ئۇچراتقان ئۈچ كىگىز ئۆيدىكى ئەرلەر ۋە بالىلار ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇلاردا كالا سۈتى ۋە مەززىلىك ئېرىمچىك كۆپ ئىكەن.

7 - ئاينىڭ 11 كۈنى سەھەردىكى ھاۋا خېلى ئىللىق ئىكەن، پەقەت ئەڭ ئېگىز بولغان مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىلا بۇلۇتلار توسۇۋالغانىدى. غەرب تەرەپتە ئېگىز تاغدىن ھالقىپ رۇسىيە زېمىنىغا ئۆتىشىدىغان غۇلان (Ghulan)، سارىقتاش (Sarik tash) ۋە بەرجاش (Berjash) ياكى بەردەشت (Berdasht) قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇردى. گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى يەنىلا قاتمۇقات قارغا تولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ پەسىلدە بۇ يەردىن ئۆتۈش ئاسانغا توختايتتى. سارىقوللۇقلار ئىلگىرى تېرىقچىلىق قىلغان كىچىك كەنت سارالا (Sarala)غا يېقىنلاشقاندا، بىز تۆت ئەتراپىنى ئوق ئېتىش تۆشۈكى بار تام ئوراپ تۇرغان جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە سارىقول قاراۋۇللىرى تۇرىدىكەن، بۇ كىچىك ئەترەت رۇسىيە تەرەپتىن كەلگەن يولنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن.

سارالادا تېرىلغۇ يەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلگىرى سۇغىرىلغان ئوتلاق پارچە - پارچە قوملۇقلار تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇستىدە پەقەت سوغۇققا چىداملىق

گىياھلار شالاڭ ئۆسكەندى. بىز ھازىر ئۇچراتقان بىرنەچچە كىچىك ئۆيدە يۈزلىرى مەينەت، ئەمما روھى كۆتۈرەڭگۈ قىرغىز چارۋىچىلار ئولتۇرىدىكەن. كۆكيار (Kokyar) دىن ئۆتكەندىن كېيىن، يولىمىز تاشلىق كەڭ قىساڭغا تۇتاشتى، قىساڭنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرى پاكار تاش تاملار بىلەن توسۇلغانىدى، تاش تام قارىماققا قەدىمدىن قالغان مۇزتاغ ئاتا جىلغىسىغا ئوخشىمايتتى. شەرق تەرەپتە تاش تامنىڭ ئۈستىدە قاراقۇرۇمنىڭ قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك ئېگىز چوققىسى مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چۈشتە شىمال تەرەپتىن بوران چىقىشقا باشلىدى، مەن قىرغىزلارنىڭ كىچىك كەنتى غوجەككە ئوڭۇشلۇق كېلىۋالدىم، بۇ كەنت بىزنى تۇرار جاي بىلەن تەمىنلىيەلمەيتتى. بىز چېدىرىمىزنى تىكىپ بولۇشىمىزغىلا، شامال يامغۇرلارنى ئۇچۇرۇپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. مەن يېڭىدىن سېتىۋالغان، ئەمما پايانسىز سارىقولغا كىرگەندىن بۇيان كىيىپ باقمىغان جۇۋامنى كىيىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابى بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 11 مىڭ 600 فۇت ئېگىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئىككىنچى كۈندىكى سەپەر قىسقىراق بولغاچقا، رام سىڭ بىلەن بىرگە سەھەردىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، قاراقۇرۇم چوققىلىرىنىڭ ئالدىدىكى شەرق تەرەپكە ئەڭ يېقىن بولغان جايدىكى تىك تاغ تۇمشۇقىنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىقتىم. يېنىك ئاپئاق بۇلۇتلار ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭ ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرەتتى، ئۇلار ھاۋادا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، تاغارما جىلغىسىنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ يىراق كەينىدىكى تاشقورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ چوققىلىرىنى بۇلۇتلار توسۇۋالمىغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇزۇن سەپەردە، مىنزولادىن پايدىلىنىپ ئۆلچەش - سىزىشتىمۇ مول

نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەپسۇسكى، شىمال تەرەپتىكى مۇز تاغ ئاتا چوققىسى ۋە ئۇنىڭ مۇزلۇقلىرى قېلىن بىر قەۋەت بۇلۇت - تۇمانلار ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى. تاغدىن چۈشۈپ ئالدىنقى كۈندىكى بارگاھىمىزغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالغا قىلغان سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۇزاق يۈرمەيلا، بىز غەربكە سوزۇلغان بىر تار جىلغىنىڭ ئېغىزى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان قىرغىز چارۋىچىلار دائىم كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مازار بار ئىكەن. يول ئۈستىدە كىچىككىنە بىر تاش دۆۋىسى بولۇپ، ئۇ قوي ۋە ئۆچكە مۈڭگۈزلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى، بىرنەچچە شاخنىڭ ئۈستىگە زىچ ئارتىلغان ھەر خىل رەڭدىكى لاتا - پۇرۇچلار مازارغا بارغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى.

سۇ ئېقىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان ئېرىقنى بويلاپ، يېرىلىپ ئۆرۈلگەن تاش - قۇملۇق تاغ قىرى يانتۇلۇقىدا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن، قاراسۇ (Kara  su) غا يېتىپ كەلدۇق. مەن بۇ يەردە تۆت ئەتراپىنى ئوق ئېتىش تۆشۈكى بار تام ئوراپ تۇرغان بىر قاراۋۇلخانىنى بايقىدىم. خىزمەتكارلىرىم ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئۆيلەرگە كىرىپ راھەتلەندى. بۇ تاشقورغان ئامبىلىغا قاراشلىق ئەڭ ئاخىرقى ئەترەت بولۇپ، ئۈچ ئادەمدىن تەشكىل قىلىنغانىدى. قاراۋۇلخانا قورغىنى ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە 100 يارد كېلىدىغان ئېگىز جاينىڭ ئاستىغا توغرا كېلەتتى، بۇ قورغاننى قۇرغۇچىلار ئۇنىڭ شامالغا دالدا بولۇشىنىلا ئويلاپ، مۇداپىئە ئۈنۈمىگە سەل قارىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە يېقىنلا جايدا بىپايان كەتكەن دالا بولۇپ، ئۇ كۇلما (Kulma) تاغ ئېغىزىغا تۇتىشاتتى. روشەنكى، بۇ سۇ بۆلگۈچ چوققىدىن ھالقىپ ئاقسۇ (Ak su) جىلغىسىغا كىرىشتە يوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قولايلىقى ھېسابلىناتتى. قارا سۇدىن چىقىپ بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يۈرگەندە، مەن لىق مال ئارتىلغان پاكار ئاتنى مىنگەن

بىر قىرغىزنى ئۇچراتتىم، ئۇ بۇگۈن سەھەردە تاغ ئېغىزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى رۇسىيىنىڭ چېگرا رايونىدىن يولغا چىققانىكەن.

قارا سۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلاردا، تاغدۇمباشتا كۆرگەن ھەر خىل كىچىك قىزىل ۋە ئاق گۈللەر ئۆسكەنىدى. ھاۋادىكى بۇلۇت قاتلىمى سەھەردىكىدىنمۇ تۆۋەن بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ خىرە كۆرۈنەتتى. قايناش نۇقتىسى ئېگىزلىكنىڭ 12 مىڭ 100 فۇت ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئەتىسى، يەنى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە، ھاۋا مەن ئويلىغاندەك سوغۇق بولمىدى، ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 46° بولسىمۇ، لېكىن تۇتەك - تۇمانلار بېسىپ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ياردەمچى سىزغۇچىنى ھاۋا ئېچىلغاندا خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۈزۈم سائەت توققۇزدا يولغا چىقتىم. يوك - تاقلارنى ئارتىدىغان چاغدا ئاتلار تىپىرلاپ بىئاراملىقىنى بىلدۈردى، ئۇلار گويا ھاۋا بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئالدىن سېزىۋالغاندەك قىلاتتى. بىر ئات ئۈستىگە ئارتىلغان كىتاب جاھازىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئىچىدىكى نەرسىلىرىمنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئالدىمىزدىكى تاغ ئېغىزىدىن بوران چىقىپ قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، يول يۈرۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بىز تاغ ئېغىزىنىڭ چوققىسى - ئۇلۇغ رابات (Ulugh Rabat) قا يېقىنلىشاي دېگەندىلا، ئاندىن يامغۇر سەل - پەل توختىغاندەك قىلدى. مەن دەرھاللا بۇ قاقاس سوغۇق ئېگىزلىكتە ماكانلاشقۇدەك جاينىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. ھىمالايا سۇغۇرلىرىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مۆلچەرىمدە ئۇلار ئالتىدىن كۆپ ئىكەن.

ئەتىگەن سائەت 11 يېرىمدا تاغ ئېغىزىغا كەلدىم، ئۇ پەقەتلا غايەت چوڭ مۇزتاغ ئاتا چوققىسى بىلەن رۇسىيىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىنى تۇتاشتۇرىدىغان سارىقول تاغ

تىزمىلىرى ئارىسىدىكى توغرىسىغا يۆلەنگەن بىپايان چوققىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك ئويمانلىقنىلا ئوخشايتتى. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 14 مىڭ فۇت كېلىدىغان تاغ ئېغىزىدا ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، ئۇ رىۋايەتتىكى پەيغەمبەرلەر ئارام ئالغان ئورۇننىڭ بەلگىسى ئىكەن. ھەيۋەتلىك ھىمالايا سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ يىراق شىمالىدىكى تاغ ئېغىزى ھەققىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى مەن سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىگىلىگەن رىۋايەت بىلەن ئانچە پەرق قىلمايتتى. ئېگىز تاغنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپلىرىنى قويۇق تۇمانلار قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇدۇلۇمدىكى شىمال تەرەپتىن تۆۋەنگە قاراپ سۇ باشى (Subashi) ۋە كىچىك قارا كۆل (Kara kul) گە بارىدىغان كەڭ، تەكشى جىلغىنى كۆردۈم. كىچىك تاغ باغرىدا ئۇزاق ماڭمايلا يول بىردىنلا تۆۋەنگە قايرىلغانىدى، بۇ چاغدا قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يامغۇر كۈچەيمەكتە ئىدى. مەن بىرىنچى ئاۋۇل (چارۋىچىلارنىڭ چېدىرى) ئىگرىكۆيوك (Igrikyok) دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان ئورۇندىن ئۆتەي دېگەندە، كېيىملىرىمنىڭ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاۋانىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدە ئۈمىد قالمىغانىدى. شۇڭا، مەن جىلغىدىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىسى — سۇ باشىغا يېتىپ بېرىۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم، ئۇ يەردىن نېخىمۇ ياخشى قونالغۇ ۋە تەمىناتقا ئېرىشكىلى بولاتتى. مەن يامغۇردا يول يۈرۈپ، قىرغىزلارنىڭ يېرىم تاقىر بولۇپ قالغان بەزى قەبرىلىرى ۋە بىر تاش مازارنى ئۇچراتتىم. روشەنكى، بۇ بەزى قەدىمكى قورۇلۇشلارنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ئىكەن.

ئەڭ ئاخىرى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. قاراۋۇلخانىنىڭ ئۆيلىرىدىن چىن كۆڭلۈمدىن رازى بولدۇم. ئۇزاق يىللارغىچە رېمونتسىز

قالغان تاش تاملارنىڭ ئىچىدە بەزى بۇزۇلغان قورۇلۇشلار بولغاندىن سىرت، يەنە بىر قاتار توپا ـ لايدىن ياسالغان كىچىك ئۆيلەر بار ئىكەن، بۇ ئۆيلەردە قاراۋۇللار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ھەربىي كۈچى (سەككىز ئادەم) ناھايىتى تېزلا مەلۇم بولدى، قوماندانى ئېھتىمال مىلادشىي سېرژانت بولسا كېرەك. ئۇ مېنى ياتاق ئۆيگە قىزغىن تەكلىپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ناھايىتى ناچار ئۆي بولۇپ، تورىسىغا ئېچىلغان بىر تۆڭلۈك بىلەن يورۇتۇلىدىكەن، يامغۇر يېغىپ تۆڭلۈك ئېتىلگەچكە، ناھايىتى ئاجىز يورۇقلۇق كىرىپ تۇراتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئۆي قورغاق ھەم ئىسسىق ئىكەن. ئۆينىڭ ئېمى ۋە كاڭدىكى گىلەم ۋە سەرەمجانلارمۇ كىشىنى ئىنتايىن ھوزۇرلاندۇراتتى. بايا ئېتىلغان تۆڭلۈكنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى يەردە ئوت يېقىغلىق ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭدىن چىققان ئىس ـ تۈتەك مېنى ئىچكىرىكى ئۆيگە قوغلىدى، خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىنلا، بۇ ئوتتا قاينىغان چايغا ئېغىز تېگىش نېسىپ بولدى. مېنىڭ يامغۇردا توڭۇپ كەتكەن كۈچۈكۈم بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ساھىبخانىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتمەيلا كاڭنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۈشۈكنى كۆرۈپ تۇرۇپ زوۋانىمۇ سورىمىدى. ئۇ ئاچلىق ۋە سوغۇقتا ياۋاشلاپ كەتكەنىدى.

ئۇلارنىڭ مېنى ياخشى كۈتۈۋالغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ رەتلىك، پاكىز سىرتقى قىيابىتى ۋە كىيىملىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بۇ جۇڭگو قىسىملىرى ماڭا ئازراقمۇ يامان تەسىرات بەرمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بويى ئېگىز، گەۋدىلىك بولۇپ، ئاز ـ پاز بولسىمۇ ھەممىسى دېگۈدەك تۈركىي تىلدا سۆزلىيەلەيتتى، قارىماققا ئەقىل ـ پاراسەتلىك كۆرۈنەتتى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپى كۆك تىۋىتلىق رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان، قارا تىۋىتلىق رەختتىن خەنزۇچە خەت تىكىلگەن قىزىل بەلۋاغلىق چاپان، پۇتىغا قارا پېيمىنى

رەنلىك كېيىشكەنىدى. ئېنفىلد تىپلىق مىلتىقنىڭ ئۈستىگە «مۇنار» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەنىدى. مېنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىم ئۇلۇغ راباتنىڭ شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئاتامىنى كەرىم شاھ بەگ (Karm Shah Beg) گە يېتىپ بارغاچقا، ئۇ دەرھال كېلىپ مېنى كۈتۈۋالدى. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، مەن يۈك - تاقلىرىمنى سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىدىن ئىككى يول تۆۋەندىكى ئۇنىڭ كىگىز ئۆيى تورۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ قويدۇم. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆي مېنىڭ خىزمەتكارلىرىمنىڭ تۇرۇنلىشىشىغا ئاجرىتىلماقچىكەن. يامغۇر توختاش ئالدىدىكى قىسقىغىنە ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سۇ باشى تاغ جىلغىسىدىن قارا كۆلگە ئاققان تۇرغۇن ئېرىقلارنىڭ كىچىك ئېقىنى بويىدىكى قۇرۇق قۇملۇق يەردە چېدىرىمنى تىكتىم، چېدىرىمدا تۇرۇپ 1.5 ئىنگلىز مىلى يىراقتىكى قارا كۆلنىڭ پارقىراق سۇ يۈزىنى كۆرگىلى بولاتتى.

## مۇزتاغ ئاتا چوققىسى

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھاۋا يەنە ياخشى بولمىغاچقا، يەنە بىر كۈن دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن بۇ بىر كۈندىن پايدىلىنىپ قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان مۇز تاغ ئاتىنىڭ شىمالىي تۆپىلىكىگە ئائىت ماتېرىياللارنى يىغدىم ھەمدە يۈكلىرىمنى توشۇپ بېرىشكە ياردەملەشكەن سارىقوللۇقلارنى ھەق بېرىپ قايتۇرۇۋەتتىم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئۆلچەشنى ئاياغلاشتۇرۇۋالدىم. تاشقورغاندىن ماڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن يۈزبېشى شەمشى بەگ ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلدى، ھەر قېتىم بىرسى ئۆلچىنىۋاتقاندا باشقا ھەمراھلىرى كۈلكە قىلىشاتتى.

چۈشتىن كېيىن يامغۇر ئازراق پەسلىگەندىن كېيىن،

مەن كەرىم شاھ بەگ بىلەن بىللە كىچىك قارا كۆل ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدىكى باسىق (Basik) كۆلگە بېرىپ بىر قېتىملىق قىسقا ۋاقىتلىق ساياھەتتە بولدۇم. دوكتور سېۋېن ھېدىن (Sven Hedin) بۇ كىچىك كۆللەر توغرىسىدا نەچچە ھەپتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن بۇ كۆللەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغانلار بۇ ئەتراپتىكى جايلارنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئاتلىق قارا كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغاندا، غايەت زور مۇز قاتلىمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ بىر تەرىپى پەسرەك بولغان كۆل سۈيى نۇسخىسى بولۇپ، كۆللەر مۇشۇلار بولغانلىقى ئۈچۈن شەكىللەنگەنىدى. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تاغ جىلغىسىغا يېقىن جايدىكى ئېگىز ھەم چوڭ تاش تىزمىسى بۆلۈنلار ئارىسىدا ئورىلىپ تۇراتتى. غەرب تەرەپتىكى قاقاسلىق تاغ كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 4000 — 5000 ئىنگلىز چىسى ئېگىز بولۇپ، پاكار قەدىمىي مۇزلۇقلار كۆل بويىنى بويلاپ سوزۇلغان كۆل رەڭ ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا كىچىك كۆل سوغۇق ۋە تۇتۇق كۆرۈنەتتى. مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدىكى مۇزلۇقلارنى پەقەتلا كۆزگىلى بولمىغاچقا، ئەتراپتىكى يىراقلىقتا بۇ خىل تەسىراتنى يېنىكلىتىدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرمۇ يوق ئىكەن. كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ بەك چۈشۈرىدىغىنى باسىق كۆل ئويمانلىقىدا ۋە بۇ تار بوشلۇق جايدىكى قەدىمىي مۇزلۇق قالدۇرغان شېغىل تاش ۋە تاغ تاشلىرى ئارىسىدىكى مۇز دۆمبەللەر ئىكەن. ئېنىقكى، شەرق تەرەپتىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغان مۇز چوققىلار بۇ كىچىك كۆللەرگە ھەقىقىي ئېگىز تاغنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيتتى.

مەن قارا كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن قايتىپ كەلدىم، يولدا دوكتور سېۋېن ھېدىن قونالغۇ قىلغان كىچىك دەريا قولتۇقىدىن ئۆتتۈم، ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان ھەمدە

قىرغىز چارۋىچىلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن، بىراق مېنىڭ يولباشلىغۇچىلىرىم بۇ مەشھۇر ساياھەتچى ھەققىدە ناھايىتى ئاز بىلىدىكەن. بۇ مېنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈردى. بىراق، قىرغىزلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ نۇقتىنى پۈتۈنلەي چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. ئۇ ۋاقىتتا، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدا چارۋىچىلىق قىلغان كىشىلەر ئاللىقاچان باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى، دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ دوستى توختاسىنىبېك يىراق رۇسىيىدىكى پامىردا ۋاپات بولغان، مۇشۇ تاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساياھەت قىلغان ھەمراھلىرىمۇ ھەممىسى دېگۈدەك تارقىلىپ باشقا ئوتلاقلارغا كەتكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا يامغۇر يەنە قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ تېخىمۇ ئېگىز تاغدا قار يېغىۋاتقانلىقىدىن، ساياھىتىم بۇنىڭ بىلەن چوقۇم توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئېنىق دېرەك بېرەتتى. تۆۋەندىكىسى مېنىڭ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بولۇپ، ئالدىن ھېس قىلغانلىرىمنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

پۈتۈن بىر كۈن قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ ھاۋا تۇتۇق بولدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا يامغۇر يەنىلا تامچىلاۋاتاتتى، تاغ جىلغىسىمۇ تۇتۇق ئىكەن. ئىشىم بولمىغاچقا چېدىرىمدا خاتىرە ۋە تاش قورغان ئارقىلىق ھىندىستاندىن ياۋروپاغا ماڭىدىغان كېلەركى پوچتىغا ئەۋەتىدىغان خەتلەرنى يازدىم. كەرىم شاھ بەگ ۋاقىت ۋە ھاۋاغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، چېدىرىم ئالدىدىكى كىچىك يوپۇق ئاستىدا خېلىغىچە ئولتۇردى، بىراق كېيىنكى قەدەمدىكى ساياھەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ئىگە بولغىنىم پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياخشى خەۋەر بولمىدى. ئېنىقكى، بۇلۇڭكۆل (Bulunkul) دىكى جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرىپىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغانلىقتىن، ئۇ بەكمۇ خاۋاتىرلەنگەنىدى، ئۇ بىر خىل سىرلىق ۋە قىزغىن تىل بىلەن ماڭا گۇمانخورلۇقى

ناھايىتى كۈچلۈك جۇڭگولۇقلار قوشۇلمىسىمۇ بارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەمىنلەپ بېرىدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. يامبۇلاق مۇزلۇقى ۋە مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن قوتاز ۋە ئادەم كۈچى بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ئەلۋەتتە قىلالايدىغانلىقى، ئەمما قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن چارۋا تەييارلىسا ئامبالنىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بارلىقى، بىرنەچچە قوتاز بىلەن ئالدىنقى پونكىتتىكى قارا سۇ چۈشكۈنىگە بېرىپ يارەمچى ئۆلچەش - سىزىش خادىمىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى بۇ يەرگە ئەكېلىشتىمۇ چوڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. بەگنىڭ تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈرۈشى، مېنىڭچە جۇڭگونىڭ قىرغىز كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرغان سەپىرىمگە كېرەكلىك يارەمگە بولغان ئۈمىدىمنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. شۇڭا، تاشقورغاندىن ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن سارىقول بەگنى قارا سۇغا شۇ يەردىكى رام سىڭ تەمىنلىگەن كېرەكلىك ترانسپورت كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەرىم شاھ بەگنى بۇلۇڭكۆلگە بىر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئامبالغا ئۇنىڭ تاشقورغاندىكى خىزمەتدىشىنىڭ ماڭا ئىمزا قويۇپ بەرگەن يەرلىك پاسپورتىمنى كۆرسىتىشنى ھەمدە قىرغىز ساھىبخانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم.

چۈشتىن كېيىن تۇمان ئازراق تارقىدى، يېڭى قار قاپلىغان تاغ جىلغىسىدا نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدىكى تاغ تۆپىلىكى كۆرۈندى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن مېنىڭ مۇز تاغ ئاتا چوققىسىغا بېرىپ قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت قىلىشىمغا قىلچىمۇ ئۈمىد قوشۇلمىدى، ۋاقىت ئاز قالغانىدى. بارسام مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بېرىشىم كېرەك ئىكەن. كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا يامغۇر ۋاقتىنچە توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

بەگنىڭ ئۆيىگە بوقلاپ باردىم، ئۇ ناھايىتى سەمىمىي، مېھماندوست بولۇپ، چىرايىدىن ماڭا ھەمكارلاشسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىدىن قىلچىمۇ ئەنسىرىمىگەنلىك ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقتا سۈت بۇرۇقلاپ قايناپ تۇراتتى، بەگنىڭ ئوتتۇرا ياشلاردىكى پاكىز، تېتىك، خۇشخۇي ئايالى ئوچاقتىكى ئوتقا قارىغاي شاخلىرىنى تاشلاۋاتاتتى.

تائام تەييارلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كىگىز ئۆينىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم، سىرتتىكى تۇمان قاپلاپ تۇرغان كۆل رەڭ تۈزلەڭلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆي ناھايىتى ئازادە كۆرۈنەتتى. چىۋىق بىلەن توقۇلغان تۆت ئەتراپتىكى باراڭ ۋە كىگىز ئۆينىڭ تورۇسىغا رەڭلىك كىگىز تارتىلغان، يۇڭ يىپ بىلەن ئىنچىكە توقۇلغان كەڭ بوغقۇچ بىلەن ئۇلار بىر - بىرلەپ چىگىتىلگەنىدى. تام تۈۋىنى بويلاپ نەچچە قات شىرداق ۋە نەچچە توپ قېلىن رەختلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئېنىقكى ئۇزاق زىمىستان قىش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى. قومۇشتىن توقۇلغان بىر شىرما ئۈستىگە قوي يۇڭى يىپىدا ئىنچىكىلىك بىلەن توقۇلغان رەڭگى چىرايلىق، گۈللىرى ئوچۇق پەردە بولۇپ، كىگىز ئۆينىڭ كىچىك بىر قىسمىنى توسۇپ، ئاياللار تۇرىدىغان ئۆينى ئايرىپ تۇراتتى. بەگنىڭ ئايالى بىردەم - بىردەم كىرىپ ئىستاكان ۋە باشقا قىممەت باھالىق جابدۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى ئوچاق بار يەردىن باشقا ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قوتاز يۇڭىدىن ئىشلەنگەن ئەديال ۋە شىرداق، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرىپىگە مېنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر پارچە رەڭگى چىرايلىق ئەنجان گىلىمى سېلىنغانىدى. ساھىبخانىنىڭ ئايالى قازىنىدىن ئۇسۇپ بەرگەن قىزىق سۈت تەملىك ۋە مەززىلىك بولۇپ، ماڭا ئۇسسىغىنى چوڭ جۇڭگو ئىستاكانى ئىكەن، قالغان بىرنەچچە ئەر تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرىغا ياغاچ - تۈمۈر قاچىلارغا ئۇسۇلدى. سۈت

قىرغىزلارنىڭ ئاساسلىق ئىچىملىكى بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مەيلى يېشى بولسۇن ياكى قېرىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ساغلاملىق سۈتنىڭ ئۇلارغا قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

زىيارەت ئاياغلىشىشقا يېقىن كەرىم شاھ بەگ سەمىمىي كۈتكەنلىك ۋە دوستانە مېھمان قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ماڭا چوڭ بىر قوي سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەلۋەتتە كىچىكرەكىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى بۇرۇنقى بىرنەچچە ھەپتىدە ھەمراھلىرىم قوي سېتىۋالغاندا، قوينىڭ چوڭىنى ئەمەس، سېمىزىنى تاللىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. كەرىم شاھ بەگ ئەلۋەتتە بۇلارنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتى، بۇنى رەت قىلىش ھەم ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ھەمراھلىرىم بۇنىڭغا رازى بولار دەپ ئويلىدىم. قىرغىزلار ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت، بايلىققا قىزىقىدۇ، شۇڭا مەن ساھىبخانىغا تاغ جىلغىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى سوۋغا قايتۇرىدىغانلىقىمغا ۋەدە بېرىشنى ئۇنتۇمىدىم. كېچىدە چېدىرىمدا ئازادە ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقىنىمدا، كەرىم شاھ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كېلىپ، بۇلۇڭكۆلدىن كەلگەن بىر جۇڭگو ئەمەلدارىنىڭ مېنى ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ بەگنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان تاشنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ تېزلا ھەل بولغىنىدىن خۇشال بولدۇم. ئەلۋەتتە، مەن بۇ ئىش ئەسلىدىلا شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم، بولمىسا بەكمۇ چاتاق بولاتتى. شۇڭا، مەن كەرىم شاھ بەگكە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىسىنى ئېلىپ كېلىشىنى، ئەتە بىكار بولغاندا ئۇلارنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

كېچە ھاۋا رايىدا ئاخىر ئۆزگىرىش بولدى. 16 - كۈنى ئەتىگەندە، كەرىم شاھ بەگ ئامبالنىڭ ئەۋەتكەن خەۋەرچى ئەمەلدارى ۋە سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارىنى ئېلىپ كەلگەندە، مەن ئۇلارنى چېدىرىنىڭ ئالدىدا قارشى ئالدىم، مۇلازىمەتچىلىرىم تېپىپ كەلگەن ئىستاكان ۋە قاچىلارغا چاي دەملەپ مېھمانلارنى كۈتتۈۋالدىم. بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ نەدىن تېپىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم. قايسى يول بىلەن قەشقەرگە بارماي، ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى ھەر ۋاقىت تەمىنلىنىدىغان كاپالەتكە ئىگە بولدۇم. گەز (Gaz) جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى تاغ جىلغىسىدىن چۈشىدىغان ئەڭ قىسقا يولدىن ئۈمىد يوق دېگەندەك ئىكەن. خەۋەرگە قارىغاندا، قېلىن قار ئېرىگەنلىكتىن، دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ئىككى كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. كۈزدىن بۇرۇن ياساشقا بولمايدىكەن، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ قاراقاش ئېغىزىغا ئۆتىدىغان يەنە بىر يول بار ئىكەن، ئۇ يولدىن مېڭىش تېخىمۇ تەس بولۇشى مۇمكىن. بۇ يول قار بىلەن توسۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، مەن ئامبال ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى يولغا چىقىشىمغا قوشۇلسا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى يولنى چوقۇم تاللايدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلدۈردۇم. بۇ ئىككى يولدا ئۆلچەپ سىزىدىغان خىزمەتلىرىم بولغاچقا، بۇ ئىككى يولدىن قەتئىي ماڭماقچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ئىدى.

مېھمانلار ئاخىر كەتتى، ئۇلاردىن كۈتكىنىمدەك جاۋابقا ئىگە بولدۇم. ئارقىدىن مەن كۆلنىڭ شەرقىدىكى قارا قىر ئېگىزلىكىگە باردىم، چۈنكى بۇ يەر مەركىزىي ئورۇنغا جايلاشقانلىقتىن، ئوپتىكىلىق تېئودولىتىمنى ياخشى خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن ئىكەن. كەچتە يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، تاغ چوققىسى ئەتراپىنى يەنىلا قېلىن قارا بۇلۇت ئوراپ تۇراتتى، سوغۇق شامالدا خېلىغىچە ساقلاپ قارا بۇلۇت تارقىغاندىن كېيىن، ئاندىن خىزمىتىمنى ئوڭۇشلۇق

ھالدا باشلىدىم. قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغ چوققىسى شەرق ۋە شىمال تەرەپتىن ھەيۋەتلىك مۇزلۇق ئاق توسۇق شەكىللەندۈرگەنىدى، مۇز تاغ ئانا چوققىسىنىڭ شىمالىدىن ئايلىنىپ چۈشكەن ئىككىبەل سۇ (Ekkibel u) دەريا جىلغىسىمۇ يۈزىنى ئاچتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، قاتتىق بوران توختىمايدىغان تاغ چوققىسىدا ئادەمنى ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان بۇ خىزمەت ئاخىرى مېنى ئۈمىد قىلغان مۇكەممەل، توغرا تەكشىلىك خەرىتىسىگە ئىگە قىلدى، ئۇ كېيىنكى مېنزۇلا ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىمنىڭ ئۈنۈملۈك تولۇقلىما ۋە سېلىشتۇرۇشقا تەمىنلەيدىغان ماتېرىيال بولۇپ قالاتتى. خىزمەت ئۈستىدە، ئوپتىكىلىق تېئودولىتنىڭ تانگىت شكالاسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئامالسىز ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ قول ئاستىمدىكىلەردىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئەسۋابلارنى تېپىپ كېلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم، بۇ مېنىڭ ماشىنا تېخنىكامنىڭ كەم بولغانلىقىدىن چىققان كىچىككىنە ئاۋارىچىلىك ئىدى. بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك، مېنىڭ قېتىپ قالغان بارماقلىرىم شكالا سىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، فوتو ئاپپاراتنىڭ كېسىشىش بەلگىسىنى ئۈزۈۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى W خانىم كىلگىنىدە قىزغىنلىق بىلەن ماڭا يەتكۈدەك ئىنچىكە ئۇزۇن چېچىنى بەرگەنلىكتىن، بۇ ئويلىمىغان چاتاقمۇ ھەل بولدى.

تاغدىن چۈشكەندە، ھاۋا ئۆزگىرىپ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولدى، كىچىك چېدىرىم ئادەتتىكىدىن بەكرەك ھۇزۇرلۇق بىلىندى. كىچىك تىپتىكى سترومونت شىمالىي قۇتۇپ ئوچىقىدا مەن ئۆزۈم لوندوندىكى ھەربىي لاۋازىمات ئەسلىھەلىرى شىركىتىدىن ئېلىپ كەلگەن پىرىسلانغان يېقىلغۇ كۆيۈۋاتاتتى. چېدىرىمنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى. 8 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان چېدىرىمدا ئازادە ئولتۇرۇپ يىراقتىكى دوستلىرىمغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن خەت يازدىم،

شۇنداق قىلىپ خۇشاللىق بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدىم.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇياش نۇرى چاقناپ ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق بولدى، ھەيۋەتلىك مۇزتاغ چوققىسى چۈشۈكۈمنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئېگىز تاغ تۆپىلىكىگە يامىشىپ چىقىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولدۇم. ئالدىنقى بىرنەچچە كۈنلۈك يامغۇر ياردەمچى ئۆلچەش - سىزىش خادىمىنىڭ خىزمىتىگە دەخلى قىلغانىدى، ھازىر ئۇ ئالدىراش ھالدا بۇ زىياننى تولۇقلاۋاتاتتى. شۇنداق بولغاندا مەن قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت قىلالايتتىم، ۋاقتىمۇ زايە بولمايتتى. مەن ئېزلىكتە بۇ قېتىمقى ساياھەتكە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى ئېشىپ قالغان يۈك - تاق ئىچىدىن ئايرىپ چىقتىم، يۈك - تاق توشۇيدىغان ۋە تاغقا يامىشىشتا ئىشلىتىدىغان ئۇن قوتازمۇ كەرىم شاھ بەگنىڭ كۆل بويىدىكى چارۋا توپىدىن تاللاپ چىقىلدى. كېرەكلىك بولمىغان، ئېشىپ قالغان بارلىق نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ، پېشاۋۇردىن كەلگەن تۈرك مۇلازىمەتچىم مىرزىنى قاراشقا قالدۇردۇم. ئۇ ئۇزۇن يولنىڭ جاپاسىدىن ھېرىپ قالغاچقا، دەم ئېلىشى كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۈچۈكۈم «يولچى بەگ»نىمۇ قالدۇردۇم.

يولغا چىققاندا چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. مەن بىلەن بىللە ماڭغانلار قەشقەرلىك مۇلازىمەتچى سادىق ئاخۇن ھەمدە خونزا ۋە پۇنيالدىن كەلگەن ئۈچ نەپەر ھەمراھىم بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ تاغدىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلگەنىدى. ئىللىق ھاۋا تىنچ بولۇپ، كىشىنى ئازادە ھېس قىلدۇراتتى، قوتازغا مىنىپ تاغ جىلغىسىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئوتلاقتا ماڭغاندا، گۈل - گىياھلارنىڭ خۇش پۇرىقى ئادەمنى شادلاندۇراتتى. سۇ باشى قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتكەندە ئۇ پۈتۈنلەي قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، مەن بىرىنچى قېتىم بۇ يەردە قونغان ۋاقتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك كونا، ۋەيرانە كۆرۈندى. شامالدا

غايەت زور تاغ تومشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ يامبۇلاق (Yambulak) مۇزلۇقىغا تۇتىشىدىغان تاغ جىلغىسىغا كىردۇق. مۇزلۇق مۇز تاغ ئانىنىڭ ئىككى ئاساسىي چوققىسى ئۆزئارا تۇتاشقان تار ئېغىزىدىن غەربكە توۋەن چۈشكەن بولۇپ، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرىپى غايەت زور تۇتاش تاغ تىزمىسى ئىكەن. دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان كىتابىدىن تەپسىلىي ئەھۋالنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئاساسلىق چوققىغا چىقماي، ئېگىزرەك تاغ تۆپىلىرىگە چىققاندىمۇ يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي قىرىدىكى تاغ تومشۇقىدىن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. تاغ جىلغىسىنىڭ چوققىسىدىكى ئېگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ قارىغىنىمدا، بىر گۈزەل مەنزىرە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. كىچىك دۇربۇنۇم ئاستىدا ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ سوزۇلۇپ شىمالدىكى چوققىغا تاقاشقانلىقى نامايان بولدى. مۇز قاتلىمى قاپلىغان تاش تۆپىلىكنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە مىڭ ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. قارشى تەرەپتىكى تاش قىيا، يەنى يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي تەرىپى پاكار بولمىسىمۇ، يانتۇلۇقى ئانچە تىك ئەمەس ئىكەن، مۇز قاتلىمىمۇ ئاساسەن نېپىز ئىكەن. شىمال تەرەپتىكى يەنىمۇ يىراقراق تاغ تىزمىسى بەكمۇ خەتەرلىك بولۇپ، مۇز بىلەن قاپلانغانىدى.

دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چىقماقچى بولغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىسىدا ئېلىپ بارغان دەسلەپكى تەكشۈرۈشى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ تەسۋىرلىگىنىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلايتتى.

1894 - يىلى، ئۇ چىققان ئېگىزلىك يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 20 مىڭ ئىنگلىز چىسىدىن يۇقىرى بولۇپ، قار پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك ئىكەن. بىراق، ھازىر خېلى يىراقتىن قارىغاندىمۇ ئوخشاش تاغ تۆپىلىكىنى قاپلىغان قارنىڭ ئېگىزلىكى تۆۋەنلەپ 17 مىڭ ئىنگلىز چىسىغا

چۈشكەندى. مېنىڭ قىرغىز يولباشلىغۇچىم ساتىۋالدى دوكتور سۆيۈن ھېدىنغا ئەگىشىپ بىر قېتىم چىققانىكەن. ئۇ ئالدىنقى ئىككى يىلدا ياغقان كۆپ مىقداردىكى قارنىڭ تاغ تىزمىسىنىڭ بۇ قىسمىدا مۇشۇ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئېنىقكى، ئوخشاش قولايلىق شەكىل بىلەنمۇ بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ كىچىك ئەترىتى قوتازغا تايىنىپ چىققان ئېگىزلىككە قايتا چىقىشنى ئۈمىد قىلالمايتتىم.

7 - ئاينىڭ 17 - ، 18 - كۈنى كېچە، يامبۇلاق دەپ ئاتالغان تاغ جىلغىسى ئۈستىدىكى بىرنەچچە قىرغىز كىگىز ئۆيلىرىنىڭ يېنىدىكى قونالغۇدا قوندۇق. قېلىن قارنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالىنى ئويلاپ، ئۆزۈم ھەمدە بىللە ماڭغۇچىلىرىم ئۈچۈن زاپاس قوتاز تەييارلاشنى قارار قىلدىم. خېلى ۋاقىت سەرپ قىلىپ مىنگىلى بولىدىغانلىرىنى تاپتىم، 2 - كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدىلا يولغا چىقىپ، بىر سائەتتىن كېيىن يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ شىمالىي تاغ ئېتىكىدىكى غايەت زور مۇز دۆمبەللىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر كىچىك تۈز يەر ھېسابلىناتتى. مەن يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ چېدىر تىكتىشكە بۇيرۇپ، ئارقىدىنلا قوتازغا مىنىپ تاش ۋە مۇز دۆمبەل پارچىلىرى قاپلاپ كەتكەن تىك تۆپىلىككە چىقىپ، يۇقىرىدىكى تۇتاش تاغلارنى تەكشۈردۈم. يۈك - تاقلارنى چۈشۈرگەن ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 15000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، قوتاز بەكمۇ كۆچىگەن ھالدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش تەس بولغان شېغىل تاشلىق تاغ تۆپىلىكىدە پۇشۇلداپ كەتكەنىدى. ئېنىقكى، بۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان ھايۋانمۇ دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغانلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بىراق، مەن ھازىرقى مېڭىۋاتقان يېرىمىز تېيىلغاق، تىك يانتۇلۇقتا بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قوتازنىمۇ سۆرەپ

ماڭغاچقا، ئادەمنىڭ ئىچىمۇ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ناياق بىلەن قوتازنى يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىشقا ھەيدەش بىر قەدەر بىخەتەر ئىكەن، چۈنكى زاپاس قوتاز ھەممىشە يولدىن چەتنەپ كېتەتتى.

يۇقىرىدا ئېيتقان تاغ تۆپىلىكىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندىن كېيىن، تاشلىق تاغ ئومۇرتقىسى بىر ئاز تۆۋەنرەك تەرەپكە يېتىپ كەلدىم. بىز مۇشۇ يەردىن يۇقىرىغا چىقاتتۇق. بۇ يەردىن باشلاپ يەر قاتتىقلىشىشقا باشلىدى. ئەمما مۇشۇ يەردىن قار سىزىقىغا يېتىپ باردۇق. باشلىنىشتا قار نېپىز بولۇپ، بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزگە ئانچە توسالغۇ بولمىدى. يۇقىرىغا يەنە يېرىم ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، قار بارغانسېرى قېلىنلاشقا باشلىدى، دېڭىز يۈزىدىن ئالاھەزەل 16 مىڭ 500 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە يەتكەندە، بىز قوتازدىن چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ دەل چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىم بولۇپ، سەھەردىكى نېپىز بۇلۇتلار بېشىمىزدا يىغىلىپ قېلىن بۇلۇت قاتلىمىغا ئايلاندى. بىز قوتازلارنى مەجبۇري ھەيدەپ كېلەلىگەن بۇ جاي ئەڭ ئاخىرقى چېدىر تىكەلەيدىغان يېرىمسىز بولۇپ قالدى. تاغ ئومۇرتقىسى يانتۇلۇقىدىكى قار ئېرىگەندى، تۆۋەندە يەر بولسا نەچچە يۈز ئىنگلىز چىسى مۇزلۇق ئىكەن. يانتۇلۇق چېدىر تىكىشكە ئانچە تىكلىك قىلمايتتى. بۇ يەر قوتاز يېمەكلىك تېپىپ يېيەلەيدىغان جايلاردىن ئېگىز ئىكەن، ئەمما بۇ يەرنى ئىككىنچى ئۇزۇن يوللۇق تاغقا يامىشىپ چىقىشتىكى مۇۋاپىق ئانلىنىش نۇقتىسى قىلىش، ئېنىقكى بەكمۇ تۆۋەنلىك قىلاتتى. ئالدىمىزدىكى ئېگىزلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇۋاپىق چۈشكۈن تاللاش بەكمۇ مۇھىم ئىكەن. قوتازنىڭ بىزنى ئېلىپ بارغان يېرىدىن قارىغاندا، جەنۇب تەرەپنىڭ چېتى مۇزلۇققا ساڭگىلىغان تىك يارنىڭ بويىدىكى بىر پارچە كەڭ قارلىق تۆپىلىكتىن باشقا، باشقا جاي يوق ئىكەن. تېخىمۇ ئېگىز يەردە چۈشكۈن قىلىشقا بولۇش - بولماسلىقنى ئېنىقلاش

ئۈچۈن، ئىككى خۇنزالىقنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئۇلار قار ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى ھەمدە تاشلار ئارىسىدىن شامال ۋە سوغۇققا دالدا بولالايدىغان يەرنى تاپاتتى. بۇ بىزنىڭ چېدىر تىكمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ تېخىمۇ ئېگىز جايدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن ئىكەن. مەن ئارقىدا قېلىپ بىر ئاز ئۇچۇق ھاۋادىن پايدىلىنىپ نۇر ئىلمى تېئودولىت مەشغۇلاتىنى ئىشلىدىم. بۇلۇتلار يىغىلىپ، قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى، بۇ مېنىڭ ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماسلىقىمنى ئەسلەتتى.

بېسىلىپ تارىيىپ كەتكەن غايەت زور تاغ قىيالىرى ئارىسىدىكى مۇز دەرياسى قېتىپ قالغان ھالەتتە تۇراتتى. مۇز تاغنىڭ ئىككى چوققىسى ئارىسىدىكى مۇز قاتلىمى ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن تۆۋەنگە تىك چۈشۈپ تاشلار ئېتىۋالغان جىلغىنىڭ ئالدىغىچىلىك كەلگەنىدى. مۇزلۇقنىڭ غايەت زور ئاراچىلىرى خۇددى ئېزىتقۇغا ئوخشايتتى. مۇزلۇق ئاراچىلىرىنىڭ تۆۋىنى ئازراق يېشىل بولۇپ، مۇز قاتلىمىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان ئاپئاق قار قاتلىمى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈرگەنىدى. بىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدە تىك تاش قىيالىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ دەل جەنۇب تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غايەت زور تۇتاش تاغلارغا قارىشىپ مۇز تاغ ئاتا ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا تۇتىشاتتى. تاغ قىيالارنىڭ ئۈستى قېلىن مۇز قاتلىمى بىلەن قاپلانغان تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىكەن.

نېپىز بۇلۇت قۇياشنى بىردەملىككە توسۇۋالغان بولسىمۇ، كۆچلۈك تاغ بورىنىدا يەنىلا ناھايىتى سوغۇق بىلىنەتتى، ئوبتىكىلىق تېئودولىتتەك مۇنداق سىپتا ئاپپارات بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كۆپ ۋاقىتنى ئالاتتى. تاغقا چىقىپ قونازلارغا قارايدىغان ئىككى قىرغىز بېشىم ئاغرىپ كەتتى دەپ ۋايسىغىلى تۇردى، خىزمىتىمنى ئاياغلاشتۇرغاندا، ئۇلاردا ئېگىز

تاغ رىئاكسىيىسى پەيدا قىلغان ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بىئارام بولۇش كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلاردىن كېرەكلىك يەر تۈزۈلۈش مانېرىيالىغا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە، مەن بىر ئاز غەم - ئەندىشە بىلەن خۇنزالىق ھەمراھلىرىم چىقىشقا كەتكەن قېلىن قار قاپلىغان ئۇتاش تاغلارغا قارىدىم. ئۇلار ئاخىر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە قايتىپ كەلدى. ۋەلى مۇھەممەد ۋە غۇنغا ئوخشاش قاۋۇل، چىدامىلىق تۇغما تاغقا چىققۇچىلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار ماڭا تىزغا كەلگۈدەك قاردا قاتمۇقات غايەت زور تاغ قىرلىرىدىن ئۆتۈپ تىك مۇزلۇق يارنىڭ لېۋىدە توسۇلۇپ قالغانلىقىنى، ماڭغان تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن شىمالىي چوققا ئاساسىي گەۋدىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى دوكلات قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ دوكلاتى ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىم كۆزەتكەندە كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئۇ تىك يانتۇلۇق ئاساسىي چوققىغا تۇتىشارمۇ، دېگەن گۇمانلىق سوئالنى ئىسپاتلىدى. تەخمىنەن دېڭىز يۈزىدىن 22 مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىككە چىققاندا، تاغ قىرىنىڭ بىر ئەگمە شەكىلدىكى ئورنىنىڭ تۆۋىنىدىكى شىمالغا سوزۇلغان ئاراچلىق مۇز قاتلىمىغا دىققەت قىلدىم. ھەمراھلىرىمنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئاساسلانغاندا، مەن بۇ مۇز قاتلىمىنى ئەمەلىيەتتە بىر توغرا يۆنىلىشتىكى مۇزلۇقنىڭ قۇيرۇق قىسمى دەپ ئېيتالايتتىم. چۈنكى، دوكتور سۋېن ھېدىن 1894 - يىلى قوتاز بىلەن 20 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دېگۈدەك سەزمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەمراھلىرىمنىڭ دوكلاتى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، قايسى ئورۇنغا چىقمايلى، چىدام بار ياكى يوقلۇقى ۋە ھاۋانىڭ ئوچۇق، ياكى ئوچۇق ئەمەسلىكى مەسىلىسى ئىكەن. شۇڭا، مەن ئەتىكى ھاۋا ئېچىلغان بۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خۇنزالىقلار ماڭغان يول بىلەن يەنە بىر قېتىم مېڭىشنى قارار قىلدىم.

بۇنداق پۇرسەت ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. چۈنكى، بۇلۇتلار ئىگىز چوققىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى، قاتتىق بوران بىزنى چېدىردا پاناھلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى. چېدىر غايەت زور دۇمبەل تامنىڭ يېنىغا تىكىلگەنىدى، رام سىڭ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قارا سۇدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. مەن ئۇخلاشقا ياتقىنىمدا ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى. 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئۈچ يېرىمدا ئورنۇمدىن تۇرغاندا، قاتتىق بوران، قارنىڭ ئالامىتى ھەممە يەردە بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قاتتىق بوران قار چېچەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئالتىدە، ھاۋا تېزلىكتە ئېچىلىشقا باشلىدى، ئۇ ۋاقىتتا مەن كالتە جوۋامغا چىڭ ئورىنىپ، قايغۇرغان ھالدا پىلانىمغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ناچار ھاۋاغا قاراۋاتاتتىم. دوكتور سۋېن ھېدىننىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك قىسقا مۇددەتلىك قاتتىق بوران چىقىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ كۈنمۇ شۇنداق بولدى. قوتازلار تەييارلىنىپ بولغانىدى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتىگە ئاز قالغاندا، قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدىم. خۇنزالىق ھەمراھىم ۋە چاقىرىقىغا بىنائەن كەلگەن پۇنياللىق ئەسكەر ئاجايىخان، مەن ۋە ياردەمچى ئۆلچەش - سىزىش خادىمى بىلەن بىللە ئالدىن ماڭدۇق. ئۆلچەش - سىزىش خادىمىنىڭ ئەسۋابلىرىنى كۆكيارىدىن كەلگەن كىراكەش ھەيبەي سادىقلىق بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئىلگىرى كاپىتان دېسىينىڭ ساياھەت ئەترىتى بىلەن بىللە لاداخ ۋە كەشمىرگە بارغان، بىر قىش دەم ئالغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپ، سىرىناگاردا ئەترىتىمگە قوشۇلغانىدى.

بۇ قېتىم بىز زاپاس قوتازنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكىگە ئانچە ئۇچرىمىدۇق، يولغا چىقىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن، تۈنۈگۈن بارغان جايغا يېتىپ باردۇق. بوران

قاتتىق بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئوچۇق ئىكەن. قوتاز قاردا تەسلىكتە مېڭىپ، ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. مىنگەنلەر ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلاتتى. بىز بىر سائەت جاپا چەككەندىن كېيىن، تۈنۈگۈنكى ئورنىمىزدىن ئاران 500 ئىنگىلىز چىسىغا يەتكەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تاغ قىرىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ قالغان قىسمىدا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قارلار دۆۋىلەنگەنىدى. بىزنىڭ تاغقا چىقىش نايىقىمىز قاتتىق يەرگە قىلچىمۇ سانجىلمايتتى. يەر يۈزىدىكى قار يۇمشاق ھەم ئاز بولغاچقا، ئاسانلا شامال ئۇچۇرۇپ كېتەتتى، نۇرغۇن جايلاردا تۈنۈگۈن ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بىز ئېھتىيات بىلەن تاغ قىيانى بويلاپ ئىلگىرىلىدۇق. قارىغاندا بۇنداق ئېگىزلىكنىڭ يېنىدىكى قار يېقىنقى بىرنەچچە قىشتا يىغىلغاچقا، ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن بېسىلىپ مۇز قاتلىمىغا ئايلىنىپ بولمىغانىدى. مۇزلۇقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر قات قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان جەنۇب تەرەپتىكى تاش قىيا ئۈستىدە، ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىك كۆلەمدىكى قار كۆچۈش بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن ئىدى.

يۇمشاق قار ئۈستىدە مېڭىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىكەن، بەزىدە ئىككى پۇتىمىز ئىككى ئىنگىلىز مىلى چوڭقۇرلۇققا پېتىپ قالاتتى، بەزىدە ئالدىدىكى ئاياغ ئىزىدىن ئازراقلا چەتنەپ كەتسەك، بىراقلا بەلگىچە قارغا چۆكۈپ كېتەتتۇق. بىز ئالدىرىماي ئىلگىرىلەپ خېلى ئېگىز دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىگە چىققان بولساقمۇ، مەندە باش ئاغرىش ۋە باشقا ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى بولمىدى. بىراق، شالاڭ ھاۋا بىزنى ئالدىرىماي ئىلگىرىلەشكە ھەمدە بىردەم - بىردەم ئارام ئېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بوران بارغانسېرى كۈچەيدى ھەم قار ئۇچقۇنلىرىنى ئېلىپ كەلدى. چۈشكە يېقىن بىز بىر پارچە تاغ تۆپىلىكى يېنىدىكى قاردىن چىقىپ قالغان بىر ئاز

قوزغاق تاش يەرگە كەلدۇق. بۇ يەر بىز قىسقا ۋاقىت دەم ئالىدىغان ھەمدە جىسمانىي كۈچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئازادە ئورۇن بىلەن تەمىنلىدى. يامبۇلاق مۇزلۇقىدىن قايرىلغان مۇز قاتلىمى يېنىمىزدىكى تىك يار تېگىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. مېنىڭ ئالدىن ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، بىزنىڭ ھازىر يېتىپ كەلگەن ئېگىزلىكىمىز چوقۇم 19 مىڭ ئىنگلىز مىلى بولۇپ، ئىشتىيىم ياخشى ئىدى.

يەنە بىر قېتىملىق قىسقا مۇددەتلىك قار ئارىلاش قاتتىق بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز قايتىدىن مېڭىشقا باشلىدۇق. بىراق يارىدەمچى ئۆلچەش - سىزىش خادىمى ۋە ئاجاپخان بېشى ئاغرىغانلىق ۋە ماغدۇرسىزلانغانلىقتىن قاقشاشقا باشلىدى. مەن بېللېۋ (Bellew) دوختۇرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن تەييارلىغان تابلېتكىنى ئىچكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا رام سىڭ كەينىدە قېپقالدى. بىراق، بۇ ۋاقىتتا بوران تۇتاش تاغلارنىڭ غەرب، شىمال ئىككى تەرىپىدىكى بۇلۇتلارنى پۈتۈنلەي ھەيدەپ، قۇياش نۇرى ئاستىدا بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلچەپ سىزغان يىراقتىكى توپىغا مېنزۇلا بىلەن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغىلى بولاتتى. 20 مىنۇتتىن كېيىن ئاجاپخاندەك تەجرىبىسى مول تاغقا چىققۇچىمۇ چېكىنىپ تاغدىن چۈشۈشكە رۇخسەت قىلىندى. ھازىر پەقەتلا چاقىرىق بويىچە ئەسكەر بولغان ۋەلى مۇھەممەد ۋە غۇنلا قېپقالغان بولۇپ، قىلچىمۇ ئاغرىنماي مەن بىلەن بىللە ئاستا، بىراق مۇستەھكەم قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. قار بارغانسېرى قېلىنلاشتى، قېلىن تۇمان يۇقىرى تەرىپىمىزدىكى تاغ چوققىسىنى ئورىۋالغانىدى. ئېنىقكى، يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندىمۇ، بۇ چوققىنى ئەتراپلىق كۆزىتىش پۇرسىتى يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھاۋانىڭ ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئالدىمىزدىكى

تاغ قىرى ئېتىلگەن ئورۇننى ئەڭ ئاخىرقى ئاغقا چىقىش نىشانى قىلىشنى قارار قىلدىم. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىم بولغاندا تاغ ئۈستىگە چىقتىم ۋە مۇزلۇقنىڭ تىك تاش قىياسى يېنىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتىم.

سوڭگەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالدا قايناش نۇقتىسى ئارقىلىق ئېگىزلىك ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ سۈيى قاينىشى بەكمۇ قىيىن ئىكەن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئاخىرىدا قاردا بىر ئورەك كولاپ شامالدىن دالدا بولىدىغان يەر قىلدۇق ھەمدە قايتا - قايتا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، دەل فارېنگېيت 177.8 گرادۇسلۇق قايناش نۇقتىسىغا ئىگە بولدۇق، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى فارېنگېيت 33 گرادۇسنى ھېسابلىغاندا، دېڭىز يۈزىدىن ئەمەلىي ئېگىزلىكى 20 مىڭ ئىنگلىز مىلىغا توغرا كېلەتتى. مەن خۇنزالىق ھەمراھىم بىلەن تەڭ قاردا ئالتە سائەت مېڭىشقا چىدىغان بولساممۇ، بەدەن ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا يەنە يامىشىپ چىقىشقا بولاتتى. بىراق، ھاۋا شارائىتى ناچار ۋاقىتتا ئالدىنقى كۈنى چىققان چوققىغا يېتىپ بارالمايدىغىنىمىزنى ئېنىق ئېپادىلەپ تۇراتتى. شۇڭا، تاغدىن چۈشۈپ ئەتە ھاۋا ياخشىلانغاندا ئاندىن يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى قارار قىلدىم. قاردا كەلگەن يول بىلەن تاغدىن چۈشكەندىمۇ ئىنتايىن كۈچىدۇق، بىراق كۆز ئالدىمىزدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرە كېچىكتۈرگەن ۋاقىت زىيىنىنى تولۇقلاشقا تولۇق يېتەتتى.

دەل ئالدى تەرەپتە، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل پامىرنى كېسىپ ئۆتكەن بۇ كەڭ رايوندا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقۇدەك روشەن بەلگە يوق ئىكەن. بىراق، سوزۇلۇپ كەتكەن تار جىلغىلار ۋە تاغ تىزمىلىرى مېنى «دۇنيا ئۆگزىسى»نىڭ چەكسىزلىكىگە نىسبەتەن ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە قىلدى. غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى يىراق تەكشىلىك سىزىقىدا ئىزناسى ئېنىق ئاق تاغ چوققىسى يالتىراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھىندى (Indu)

دەرياسى جىلغىسىغا كىرىدىغان ئېغىزنى توسۇپ تۇرغان ئېگىز ۋە تىك تاغلار بار ئىكەن. شىمال تەرىپى ئوخشاشلا قار، مۇزلۇق تىك چوققا ـ تاغلار ئىكەن. پايدىلىنىش خەرىتىسىدىن ئۇنىڭ كاۋفمان (Kaufman) تېغى ھەمدە ئالاي (Alai) تېغىنىڭ باشقا ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىنى تونۇۋالالايمەن.

ئۇلارنىڭ چوققىسىنى قوي تويىغا ئوخشايدىغان ئاق بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. ھەيۋەتلىك مەنزىرە مېنى قايتا ـ قايتا توختاتتى، سوغۇق ۋە قارلىق بورانىنىڭ ئۇزۇلۇشىغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلمىدىم. كۆزۈش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھەمراھلىرىمدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ تۇرغۇن چارۋىچىلىق مەيدانى باركەڭ كەتكەن جاي بولۇپ، تار تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خونزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلەپ يېتەلەيدىغانلىقىدىنمۇ چوڭ ئىكەن. كانجۇتلۇق ھەمراھىمنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان ئاساسلىق ئويىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىكەن. بۇ خىلدىكى مەنىنىڭ ئازراقلا بېشارىتى بولسا راست گەپ چىقاتتى. ۋەلى مۇھەممەد دادىسىدىن ئاڭلىغان خونزالىقلارنىڭ بىز ھازىر تۇرغان تاغ تىزمىسى ئېتىكىدىكى تاغارما سېيمىز قويلىرىنى قانداق بۇلىغانلىق ھېكايىسىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كەتتى. بىراق، ھازىر يەرلىك دائىرىلەر ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان بولۇپ، كانجۇتلۇقلار يەنە كېلىپ بۇ تاغ جىلغىلىرىدىكى ئاھالىلەرنى پاراكەندە قىلىشقا پېتىنالمايتتى. مەن ئۇ ياخشى ۋاقىتلارنى كەينىگە ياندۇرۇش شەكلى بىلەن باتۇر يولباشلىغۇچىلىرىمغا تەسەللى بېرىشكە ئامالسىز. بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىمدا ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا ھېسداشلىق قىلاتتىم. ئەگەر چوڭ بىر دۆلەت غەرب، شىمال ئىككى تەرەپتىن ساقلاپ تۇرمىغان بولسا، كىچىككىنە خونزا مىللىتى ئاسانلا ئۆكسۈستىن قەشقەر چېگرىسىغىچە بولغان بارلىق تاغ جىلغىلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلغان بولاتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، بىز تۆپىلىك قىرى ئۈستىدىكى قاقاس بىر جايغا چۈشتۇق. مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن چېدىرنىڭ مۇزلۇققا قارايدىغان يانتۇلۇققا تىكىلگەنلىكىنى كۆردۈم. چېدىرنى بۇ يەرگە تىكلەش بەكمۇ ياخشى ئىكەن، بىراق يانتۇلۇق بولۇڭ گرادۇسى چېدىرنى تىكلەشكە قىلچىمۇ ماس كەلمەيتتى. شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزۈمنى خۇددى ئىرغاڭلاپ تۇرغان كېمە قازنىقىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. ئازراق ئاۋارىچىلىكتىن كېيىن تۈزۈكرەك يەرگە بىر ھەربىي كارىۋاتنى قويدۇق، چۈنكى ئۇ بىردىنبىر ئولتۇرغىلى، ياتقىلى بولىدىغان ئورۇن ئىدى. بىراق، دەم ئېلىش ئارىلىقىدا ئاغرىقلارغا قارىشىم كېرەك ئىدى. رام سىڭ ۋە ئاجاپخان ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىن يۆلىنىپ، تۈگۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كىچىك چېدىردا قاتتىق ئاغرىق ۋە يۆتەلگەنلىك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ سىرتىدا مېنىڭ قاۋۇل خۇنزالىق ھەمراھلىرىم سوغۇق ۋە قارلىق بورانلاردىن قورقماي، روھىي كۆتۈرەڭگۈ ھالدا جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگەن چوڭ قوينىڭ پاچىقىنى يەپ ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. مەن ئازراق تاماقلانغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتىم. بۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە - پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى، كىچىك قەبىلىنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە باتۇرلۇقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتامدۇ ياكى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان پامىر تەمىنلىگەن قۇلغا ۋە قويغا ئىگە بولغان ئورۇن توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتامدۇ، بۇلارنى ئۇقالمىدىم.

كېچىدە قاتتىق بوران ئۇشقىرتاتتى، قار ئۇچقۇنلىرى لەپىلدەيتتى، قار دۆۋىلىرىنىڭ كۆچۈپ يامبۇلاق مۇزلۇقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تىك يارغا چۈشكەن، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى مېنى پات - پات ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتەتتى. ئەتىگەن سائەت ئالتىدە، ئويغانغىنىمدا، يەرنى ئىككى ئىنگلىز دىيۇيم قېلىنلىقتىكى يېڭى قار قاپلىغانىدى، ئاسماندا يەنىلا بۇلۇت بار

ئىكەن. سەۋرچانلىق بىلەن ھاۋانىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈشتىن باشقا قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى. قارىغاندا ھاۋادا ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك قىلاتتى، مۇز توڭلاش نۇقتىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدا ئىزچىل تۇرۇش ماڭا چۈشكۈن قىلغان ئورۇننىڭ ئوچۇقچىلىقتىكى بەكمۇ ناچار جايدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈش بولغاندا ئانچە سوغۇق بولمايدىغان جايغا يۆتكىلىشكە خۇش ياقماستىن بۇيرۇق قىلدىم.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۈنپاتقاندا، مەن يەنە بىر قېتىم يامبۇلاق جىلغىسىدىكى چېدىرلىرىمنى تىكىپ ئورۇنلاشتىم. ئەتىسى رام سىڭ بىلەن مۇز تاغ ئاتا چوققىسىدىن شىمالغا كەتكەن كەمپار قىشلاق (Kampar Kishlak) مۇزلۇقىنىڭ شامالدا (Shamalda) دەپ ئاتىلىدىغان تۆپىلىكىدە ئۆلچەش - سىزىش ئىشلىرى بىلەن بەند بولدۇم. كۈچلۈك سوغۇق شامال ھەممە تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇلۇت - تۇمانلارنى ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ھەيدەپ، تاغ قاپتىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئوراپ تۇراتتى. مۇنداق شارائىتتا ئوپتىكىلىق تېئودولىت بىلەن خىزمەت قىلىشقا بەكمۇ كۈچ كېتەتتى، بىراق قىسقا ۋاقىتلىق پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارشى تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرى ۋە تار جىلغىلار مەنزىرىسىنى سىزىۋالدىم. بۇ مەنزىرىلەرنى دېڭىز يۈزىدىن 14 مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتە ئېنىق ۋە روشەن كۆرگىنىمدە، ئالدىمدا بىر پارچە ستېرېئولۇق خەرىتە نامايان بولدى. ئوخشاشلا ئۈچ بۇرجەكلىك ئۆلچەشمۇ قارا كۆلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىسىغا سوزۇلدى. قاقاس، شامالغا يۈزلىنىپ تۇرغان تاغ تۆپىلىكىدە نەچچە سائەتلىك ئۇزاق مۇشەققەتلىك خىزمەتتىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا تاغدىن ئالدىراپ - تېنەپ چۈشكۈنۈمگە كەلدىم. بۇ ۋاقىتتىكى چۈشكۈن قارا كۆلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كونا جايغا يۆتكەلگەنلىكتىن، ئۇ يەردە ئۇن ئېتى بار بىر كىرا ئەترىتى مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال

بولۇپ كەتتىم. بۇنى ماكارتنېي ئەپەندى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ترانسپورت ھاجىتىمنى ناھايىتى ئەتراپلىق پەرەز قىلىپ قەشقەردىن ئەۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق سەمەرقەندتىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ياۋروپادىن سالغان بىر پوسۇلكىدا ئۆيدىكىلەر يازغان خەتمۇ بار ئىكەن.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھاۋا تويۇقسىز ئېچىلىپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئىچىدە ئىنچ خىزمەت قىلغان ۋە دەم ئالغان بۇ كۈندە، ھەيۋەتلىك تاغ ئىزمىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتاتتى. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى مۇزلۇق بىلەن قاپلانغان، خەرىتىمىزدە «قوڭغۇر» (Kongur) دەپ بەلگە سېلىنغان، ئانچە بەك نامىمۇ يوق كاتتا تاغ ئىزمىسى ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىدىمۇ بۇلۇت ۋە تۇمانلار خېلى بىر ھازادىن كېيىن تارقاپ كەتتى. مۇزلۇق ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قوڭغۇر تۆبە (Kongur dobe) ۋە كۆكسەل (Koksel) تاغ چوققىسى ئۈچ بۇلۇڭلۇق تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئايرىم ھالدا 23 مىڭ 600 ۋە 23 مىڭ 470 ئىنگلىز مىلى ئىكەن، بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ يېقىندا ئېنىقلانغان ئېگىزلىكى 24 مىڭ 321 ئىنگلىز مىلى بولۇپ، مەن ئوخشاشلا خۇشاللىق بىلەن قەشقەرلىك كىراكەشلەردىن «مۇز تاغلارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان تاغ ئىزمىسىدىن جەنۇب تەرەپكە ئايرىلىپ كەتكەن تاغ قىرىدىكى تاغ ئېغىزىدىن، يەنى مەشھۇر قارا تاش (Kara tash) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. بۇ جاپالىق يولنىڭ ئورنىغا ئالماشقىنى تارگەز جىلغىسى بولۇپ، يامانيار (Yaman yar) دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن مەزگىلدە تەۋەككۈل قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئاڭلاشقا قارىغاندا ئۆتكىلى بولىدىكەن.

## گەز جىلغىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىش

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتىگەندە، مەن شىمال تەرەپتىكى قەشقەرگە بېرىش تەييارلىقىنى قىلدىم. رام سىڭ بىر كىچىك چېدىرنى ئېلىپ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى قارا تاش ئېغىزىغا ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ھەپتىدىن كېيىن كەينىمدىن قەشقەرگە بارماقچى بولدى. ئويلىمىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ياكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ ئارىلىشىپ تەكشىلىك ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتى نەتىجىسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، رام سىڭنىڭ خەرىتىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىۋالدىم. ئاجاپخان ۋە ئىككى خۇنزالىق ئىشتىن بوشىتىلىپ ئۆيىگە قايتۇرۇلدى، ئۇلار پات ئارىدا ئۆزلىرىنىڭ تاغلىق رايونغا قايتىدىغانلىقىدىن ۋە ئەمگىكى ئۈچۈن بېرىلگەن نۇرغۇن رۇپىيىنى قولىغا ئالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. كەرىم شاھ بەگ ئەسلىي ئالتە ئاتار تاپانچا ئېلىپ «خاتىرە» قىلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن يەنىلا نەق پۇل بېرىشنى لايىق كۆردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشتىن بۇرۇن رازىمەنلىك بىلەن سارىقولدىن بۇ يەرگە ئەكېلىپ بېرىلگەن ھىندىستان پوچتىسىدىن ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئالتە ھەپتە بۇرۇن دەسلەپكى تەجرىبىدىن بوشلۇقلارنى بايقىغاندىن كېيىن، گىلگىت ئارقىلىق لاھوردىن پوچتا بىلەن ئالدۇرغان ئەسلىھەلىرىم ئىكەن. يۈك - تاقلار بۇلۇڭكۆلگە ماڭدۇرۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سارىقولنىڭ دەل غەربىدىكى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يالغۇز تاغدا ئۆپتىكىلىق تىئودولىت بىلەن ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇردۇم. كۆك تۇمشۇق (Kok tumshuk) تاغ چوققىسىدا كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىرىنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى تولۇق تاماشا

قىلدىم، ئاستىمدىكى كۆل يۈزىدە زۇمرەتتەك كۆل سۈيى پارقىراپ تۇراتتى. شىمال تەرەپتىكى تىنچ تاغدا كىچىك باسىق كۆل (Basik Kol) بولۇپ، كۆل سۈيى ياپيېشىل ئىكەن، ئىللىق ۋە يورۇق قۇياش نۇرىدا، مۇزلۇق ئازگال ۋە پارچە تاش قىيالار ئارىلىشىپ قەدىمىي، قاقاس مۇز دۆمبەللىرى ئانچە قاقاس، بۇرۇقتۇرما كۆرۈنمەيتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئەڭ ئاخىرقى نىگاتىپنى تارتىپ بولۇپ، ئالدىراپ تاغدىن چۈشۈپ، قارا كۆلدىن ئېقىپ چىققان سۈزۈك كىچىك ئېقىن بويىغا كەلدىم. يەنە تۆۋەندىكى باسىق كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ئالدىغا مېڭىپ بىرىنچى قېتىم كارپات (Karpathian) تېغىدا دېڭىزنىڭ كۆزى دەپ ئاتىسا بولىدىغان كىچىك كۆلنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان يېرىنى بايقىدىم. ياز كۈنىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرەتتى. كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ياپيېشىل تار ئۇزۇنچاق ئوتلاقتا ئادەمنىڭ راھەتلىنىپ بىر يېتىۋالغۇسى كېلەتتى. بىراق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان جايدىن قىيالمىغان ھالدا ئايرىلدىم.

جىلغا تېگىدىكى تۆۋەنلىگەن شېغىل تاش قاتلىمىدىن داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم، كەينىمدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بارغانسېرى كىچىكلىدى. غايەت زور مۇزلۇقتىن ئاققان ئىككىبەل سۇ شەرقتىن جەنۇبتىكى دەرياغا قۇيۇلۇپ دەريا سۈيى بىردىنلا ئۆرلەپ، شېغىل تاشلىق دەريا تېگى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. قارا كۆلگە تەخمىنەن 4 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا، دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 — 5 ئىنگلىز مىلىغا يەتكەنىدى، مەن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ يەردىن ئاران ئۆتەتتىم. قالغان مۇساپىنى نۆۋەت بىلەن قىيپاش كەتكەن ھەيۋەتلىك مۇزلۇق ئالدىدا سوزۇلۇپ كەتكەن تاشلىق «تىندۇرما قانىتى» ئۈستىدە ۋە تىك شېغىللىق دەريا قىرىدىكى ھەممە يەردە ياۋا ئوت قويۇق ئۆسكەن تار جايدا ماڭدىم. ئۆسۈملۈك تۈرى ئاز - كۆپ بولسۇن، قارا كۆل ئەتراپلىرىغا ئوخشىشىپ قالاتتى،

بىراق چەت، يوشۇرۇن بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ئۆسكەنلىكتىن، گۈل - گىياھلارنىڭ پۇرىقى ئۆتكۈررەك ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا، بۇلۇڭكۆلدىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىسىغا يېقىن جايدا چېدىر تىكتىم. بۇ بىر سازلىق جاي بولۇپ، پارچە - پارچە ئوتلاق ئوتتۇرىسىدا بىر ئەگرى كەتكەن دەريا بار ئىكەن. بۇ يەردىكى قوشۇن مېنىڭچە يېقىندىكى رەڭكۆل (Rang kul) ھەمدە روسىيىنىڭ پامىرغا تۇتىشىدىغان رايونىدىكى تاغ ئېغىزىنى ساقلىسا كېرەك. ئىگە بولغان خەۋىرىمگە قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ ساياھىتىمگە ياردەم بېرىشنى قىلچىمۇ خالىمايدىكەن، بىراق يەنىلا يېقىملىغۇ ۋە بىر قوينى سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدىم. تاشقورغاندىكى ۋاقتىمدىلا بەزىلەر ماڭا ئوسمان بەگنى تونۇشتۇرغانىدى، يېقىن ئەترابتىكى قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق يېرىدە خېلى تەسىرى بار بۇ ئاقساقال تەڭ كېچىدە كېلىپ مەخپىي يوقلاشنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ھېس قىلسا كېرەك. ئەتىسى ئەتىگەندە، باشلىقنىڭ پوزىتسىيىسى ئاپئاشكارا بولدى. مېنىڭ بىر قىسىم يۈكلىرىمنى قارا كۆلدىن ئېلىپ كەلگەن كەرىم شاھ بەگنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرى بىلەن كېچىدە غايىب بولدى. قەشقەردىن ئەۋەتكەن بەش ھايۋانغا تايىنىپ (قالغان قىسمىنى رام سىڭغا قالدۇرغانىدىم) ئالدىغا مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. باشلىقنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتسەم، قوپال، ئەدەپسىز جاۋابتىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئالغا ئىلگىرىلەشتە پۈتۈنلەي ئۆزۈم ئامال تاپمىسام بولمىدى.

دوكتور سۇۋېن ھېدىننى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇنىڭ بۇلۇڭكۆلدىكى قىسمىتى ھازىرقىدىنمۇ يامان بوپتىكەن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بۇ يەردە خىزمەت ئۆتەپ كەلگەن جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. بەختىمگە يارىشا باشلىق ئانچە جاھىللىق

قىلمىدى، ئانچە كۆچ سەرپ قىلماي ئۇنىڭ تەرجىمانىنى گەپكە كىرگۈزدۈم، كېرەكلىك ھايۋان بىلەن تەمىنلىسە ئۇنىڭغا پايدا بېرىشكە بېشارەت بەردىم. ئۇ مېنىڭ بېشارىتىمنى قوبۇل قىلىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە ئۆتەڭنىڭ ئاتلىرىنى ھەمدە مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن قىرغىزلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ترانسپورت ھاجىتىمنى قاندۇردى. جۇڭگو «چازا بېگى»نىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدارى پايدىنى ئالغاندىن كېيىن، باشلىقنىڭ نامىدا تاغ جىلغىسىنىڭ ئاستىدىكى تېخىمۇ يىراق قاراۋۇلخانىغا مېنى چارۋىلار بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. كىچىك ساياھەت ئەترىتىم پۈتۈنلەي يولغا چىققاندا، قەستەن بېرىپ باشلىق ماڭا سوۋغا قىلغان، قارشى ئېلىنمىغان قويىنى قايتۇرۇپ بەردىم، شۇ يەردىكى قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەرىكەتنىڭ مەنىسىدىن خۇشال بولۇشتى.

ھاۋا يەنە سوۋۇپ ۋە تۇتۇلۇپ خۇددى قىشقا ئوخشاپ كەتتى. تاغ تىزمىسىنى ئورىغان قارا بۇلۇت تاغ ئېتىكىگە چۈشكەن بولۇپ، كەڭ تاغ جىلغىسى قارىماققا كۆز ۋاقتىدىكى دىمىق دالاغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن دەريا بۇلۇڭكۆلدىن ئۆتۈپ ئۇ نەرەبىتە نەچچە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنگەنىدى. بۇلۇڭكۆلنىڭ شىمالىدىكى تەخمىنەن 5 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايدا كەڭ مۇزلۇق سۈيى جىددىي بۇرۇلۇپ شەرق تەرەپكە تارىيىپ ئېقىپ، تار، ئۇزۇن گەز جىلغىسىغا كىرەتتى. ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئون نەچچە جۇڭگو ئەسكىرى تۇرۇشلۇق تۆت چاسا تام بىلەن ئورالغان تەنھا قاراۋۇلخانا بار ئىكەن. بۇگۈنكى قالغان مۇساپىدە ئوڭ قىرغاقتىن ماڭدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدا، بىز جىلغىدىكى جاڭگۇرۇق (Janguruk) دەپ ئاتالغان بەكمۇ خەتەرلىك ھالاكەت يولىدىن ئۆتتۇق. ئاساسىي تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە نەچچە مىڭ ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى قوپال تاشلارنىڭ ھەرىسىمان يېرىق بوشلۇقى تىك چۈشكەنىدى. يول ئۇنىڭ ئىچىدىكى

سىرتقى قىسمىنى بويلاپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن كارىدور بولۇپ، خىيالىمدىكى ھەقىقىي بىر خۇنزا ئاسما يولىغا ئوخشايتتى. پەقەت مۇشۇ ئورۇندىكى يوللارنىڭ ياسىلىشى ياخشى بولۇپ، يول يۈزى ئاز دېگەندە تۆت ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتە ئىكەن. ئېگىز تاغ قىيالىرى ئارىسىدىكى بۇ قىيسىق يولدا مېڭىۋاتقاندا، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاچقا، دەريا بويىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان تۈز يەرنى تاپقىنىمىزدا دەرھال توختاپ چېدىر تىكتۇق. مەن شەرققە ماڭغاندا يەنە ئوخشىمايدىغان يوللارنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدىم. بۇ كېچە مۇشۇنداق ئېگىزلىككە قارىتا ئېيتقاندا ئىللىق دېيىشكە بولاتتى.

25 - كۈنى ئەتىگەندە، بىز چۈشكۈنىنىڭ ئازراق تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىلەگورۇم (Ilegorum) دەپ ئاتالغان جايدىن دولقۇنلاپ تۇرغان دەريانىڭ سول قىرغىقىغا باردۇق. غايەت زور تاش قىيا ئارىسىغا قىسىلغان دەريانىڭ بۇ يەردىكى كەڭلىكى تەخمىنەن 45 ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. 6 ئىنگلىز مىلى كەڭلىكتىكى بىر ياغاچ كۆۋرۈك چوڭقۇرلۇق ئۈستىدە ئارتىلىپ تۇراتتى. مېنىڭچە، ئۇ جۇڭگو بىناكارلىقىدىكى ئىلغا ئالغىلى بولىدىغان كۆۋرۈك نۇسخىسى بولسا كېرەك. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپى سېرىق سىردا سىرلانغان مەزمۇت رېشاتكا بىلەن توسۇلغانىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىنىڭ تۆۋىنىدىكى تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايى ئادەم ۋە چارۋا ئۆتەلمەيدىغان تىك تاش قىيا ئىدى. بىز يەنە تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى مېڭىپ، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆۋرۈكتىن دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۆتتۇق، قىيپاش تاغ جىلغىسىدىن جەنۇبقا ئاققان شىددەتلىك مۇزلۇق ئېقىنىدىكى كۆۋرۈك ئاللىقاچان ئېقىتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن داۋاملىق تۆۋەنگە ماڭىدىغان مۇساپىمىز ئانچە تەس بولمىغان بولاتتى. ئېقىندىن كېچىپ ئۆتكىلى

بولمايتتى، شۇڭا ئۈستىگە تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى يامىشىپ چىقىپ غايەت زور كۆكسەل مۇزلۇقى ئۈستىدىكى ئېقىن بېشىغا بېرىشقا توغرا كەلدى. بۇ بىر مۇشەققەتلىك ئەگرى - بۈگرى يول ئىكەن، چۈنكى بۇنكۇل تاغ جىلغىسى چوڭ مۇزلۇق بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇزلۇقنىڭ ھازىرقى قۇيرۇق قىسمىغا كەلگەن ۋاقىتتا، بىز خېلى كۆچ سەرپ قىلىپ ئاتلارنى دەريا يۈزىدىن ئاز دېگەندە 150 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى دەريا بويىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇز پارچىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ چىقاردۇق. بەختكە يارىشا ئۈستىنى قىلىن بىر قەۋەت مۇزلۇق قار ۋە تاش قاپلاپ تۇرغانىكەن، بىز يېرىم سائەت ئىچىدە بىرىنچى ئاتنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈۋالدۇق. شەرق تەرەپتىكى مۇز دۆمبەللىرىدىن مۇزلۇقنىڭ تاغ جىلغىسىدا نەچچە يول توسۇلۇپ، بۇلۇتلار ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغ چوققا تۆپىلىكىگىچە بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، كېيىنكى ئۆلچەش - سىزىش بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىسى مۇزلۇق كۆكسەل ياكى سارغولۇق (Sargolok) چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن (23 مىڭ 470 ئىنگلىز مىلى) پۈتۈنلەي بىردەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇز تاغ چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، غايەت زور تۈز تاغ گەۋدىسىنى قەشقەردىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ بۆلەك ئەگرى يول بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى ئالدى. چۈشتىن كېيىن گەز كىچىك قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ بارغاندا خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. قاراۋۇلخانىنىڭ ئىسمى تاغ جىلغىسىنىڭ نامىدىن كەلگەنىدى. بۇ يەردە يېڭى ئات - ئۇلاغ تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى، ئەمما ئۇلار چارۋىلار ئوتلاقتىن بۇ يەرگە تېخى كەلمىدى، دېيىشتى. شۇڭا، بىز ئاجايىپ - غارايىپ تاشلار ئورماندەك تىكلىنىپ كەتكەن دەريا بويىدا چېدىرىمىزنى تىكتۇق. كېچىدە چاڭ - توزانلىق بوران چىقتى، بۇ يەر دېڭىز

يۈزىدىن تەخمىنەن 8000 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتە بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا دىمىق بىلىنەتتى. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەندە، مەن ئويغانغاندىن كېيىن بىرىنچى بولغان ئاتلارنىڭ يەنىلا يېتىپ كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلۇڭكۆلدىن كەلگەنلەر ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، پوچتا ئۆتەڭدىكى جۇڭگو پوچتا خەت - چەكلىرىنى ئەكېلىپ بېرىدىغان قىرغىزمۇ سەۋەبسىز يوقالغانىدى.

گاڭگىرىغان ھالدا ھاۋا تۇتۇق بۇ قاقاس جايدا تۇسۇلۇپ قالغانلىقىمدىن تۆت ئەتراپتىكى مەنزىرىنى كۆرۈشكىمۇ كۆڭلۈم تارتمىدى، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ئۇزاق كۈتۈش چىدامىلىقىمنى ئازابلىق ھالدا سىناۋاتاتتى. قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ قاقاس تاشلىق ۋە قۇملۇق يەر ئارىسىدىكى ئىسسىق ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەن قارا كۆلدە ياللىۋالغان قىرغىز ساتىۋالدىنى كۆكسەلنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى چارۋىچىلار يېنىغا ئەۋەتتىم. ئەمما مەن ئۇ يەردىن كېلىدىغان ياردەمنىڭ كۈنپاتقاندىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە تۆت ئاتلىق كارۋاننى كۆرۈپ، كۆڭلۈم خېلى تىنىدى. مەن ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ كېلىۋاتقان ساياھەتچى بىلەن قارا كۆلدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا كۆرۈشكەنىدىم. بىر قاتار چۈشەندۈرۈش ۋە پايدا بىلەن قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ماللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بىزنى ۋە يۈك - تاقلارنى تۆۋەندىكى پوچتا ئۆتەڭگە — قورۇق قورغان (Kauruk kurghan)غا ئاپىرىشىپ بېرىشكە ئۇنىتتىم. ئېغىر يۈكلەرنى قايتىدىن رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، ھەممىمىز ئەگىشىپ پىيادە ماڭدۇق، قۇربان بېرىش ئانچە چوڭ بولمىدى. چۈنكى، تاغ جىلغىسىدىن چۈشىدىغان 10 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتىكى يولنى ئىنتايىن ياخشى باسقىلى بولاتتى. تاغ جىلغىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ مەنزىرىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى، مەنزىرىسى سۈرەتتەك

كىچىك توپا تۆپىلىك كۆك موييناق (Kok moinak) تا قايتا ئەگىپ دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۆتتۇق، ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلانغان تىپرىلغۇ يەر مېنى بەكمۇ ھاياجانغا سالدى. قورۇق قورغاندا ئىپرىشكەن مۇئامىلە گەزدىكى كەچۈرمىشىمىز بىلەن ھەقىقەتەن سېلىشتۇرما بولدى. قىرغىز پوچتا ئۆتەڭ خادىملىرى ئۆزگىچە كىيىم بىلەن مېنى كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭگى چىرايلىق قېلىن يەكتەك كىيگەن، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر قىسىم ياشانغانلارمۇ بارئىكەن. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كۈنلۈك جاپالىق مۇسابىمىزگە كېرەكلىك بارلىق ئاتلار تەييارلىنىپ تەق قىلىنغانىدى، يەنە بىزگە قىيىنچىلىق كۆپ كىچىك يولدا چارۋىچىلارغا قارىشىپ بېرىدىغان بىرنەچچە كىشىنى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. قورۇق قورغان گەزگە قارىغاندا سالقىنراق بولۇپ، ھاۋاسى نەم ئىكەن. گۈزەل كېچىدە چۈشكۈننىڭ ئەترابىدىكى قويۇق ئۆسكەن چۆل رەيھانلىرىنىڭ پۇرىقى روھىي كەيپىياتىمىزنى ئۇرغۇتتى.

قورۇق قورغاننىڭ تۆۋىنىدىكى تۇزلەڭلىككە تۇتىشىدىغان يول دەريا جىلغىسىنىڭ ئاستى تەرىپى بىلەن كېتەتتى. يازلىق كەلكۈن بۇ يولنى بېسىۋالغانلىقتىن مېڭىشقا بولمايتتى. شۇڭا، قاتناش تاغ تىزمىسىدىن ئۆتىدىغان ئەگرى - بۈگرى كىچىك يول، يەنى مەشھۇر توققۇز داۋان (Tokuz Dawan) ئارقىلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تاغ ئېغىزى قارا كۆلنىڭ نەچچە ئىنگلىز مىلى تۆۋەندىكى بىر تىك تاغ تۇمشۇقىدا ئىكەن. تاغنىڭ شىمالىي قويۇق چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ ماڭا ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بۇنېر (Buner) ۋە ھازار (Hazara) دا كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسكە ئالدۇردى. تاغ ئېغىزىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر ئاجايىپ خۇشاللىق مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. چىغىر يول ئويلىمىغان يەردىن دەل - دەرەخ ۋە كىچىك مۇنبەت سۇلۇق يەردىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چوققىلار ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن جىلغىغا سوزۇلغان بولۇپ،

ئېگىزلىكى 9000 ئىنگلىز مىلىدىن يۇقىرى ئىكەن. گەز جىلغىسىنىڭ قاقاس تاشلىق ساھىلىدىن كېيىن، قورۇق بەل (Kauruk Bel) بىر پارچە ھەقىقىي بوستانلىقتەك كۆرۈنەتتى ھەمدە ئۇنى ئازادە «تاغ پونكىتى» بولۇشقا مۇۋاپىق ئورۇن، دەپ قىياس قىلىشقا بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەتتە ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن جىلغىدا قىلچىمۇ سۇ مەنبەسى يوق ئىدى.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە نەچچە ئىنگلىز مىلى ماڭغاندا، شەرقىي شىمالغا قايرىلىدىغان تار يان جىلغىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرىدە ئۆزگىرىش بەك چوڭ ئىكەن، جىلغا تېگىنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك شېغىل تاش بولۇپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئازراقمۇ ئىزناسى يوق ئىكەن. ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي قاقاس قىزىل رەڭدىكى تاشلىق بولغاچقا، كۈچلۈك ھاۋا شارائىتىنىڭ تەسىرىدە ھەممىسى دېگۈدەك خىلمۇ خىل شەكىلدە ئىكەن. بىر كىچىك قورام تاش ئۈستىدە مۇزدەك سۈزۈك بۇلاق سۈيى تۆۋەندىكى تاش ئۈستىگە تامچىپ چۈشۈپ، قۇملۇققا سىڭىپ غايىب بولاتتى. بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ئۇلارلىق (Ularlik) جىلغىسىنىڭ كەينىدە جىلغا تارىيىپ تار بىر ئاراچقا ئايلانغانىدى. كەڭلىكى 8 — 10 ئىنگلىز مىلى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان تىك قىيا بىلەن توسۇلغانىدى. ئۇنىڭ تېگىدىكى غايەت زور تاش بەكمۇ تىك بولغاچقا، ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات - ئۇلاغلار چىقىشقا ئامالسىز قالدى. شۇڭا، ھەممە يۈكنى چۈشۈرۈپ يۆدۈپ بىر مەھەل ئارىلىقتا مېڭىشىمىزغا توغرا كەلدى. بىز دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ 500 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىككە يېقىن تۇتاش تاغلارنى ئايلىنىپ مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قوش قىشلاق (Khush kishlak) جىلغىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا باردۇق. مۇرەككەپ، قالايمىقان تاغ توپى ئىچىدە مۇشۇ يەردىلا بۇلاق سۈيى توختىماي ئېقىپ تۇرغاچقا، بۇ يەردە كۆپرەك ئارام ئالغىلى بولاتتى. قاقاس تاش قىيانىڭ ئارىسىدا تۆۋەنگە قاراپ تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى

ماڭغاندىن كېيىن، شېغىل تاشلار قاپلاپ كەتكەن تۇتۇق، قاقاس كۆرۈنىدىغان بىر جايغا كەلدۇق. بۇ يەردە سوزۇك، تاتلىق بۇلاق سۈيى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك يامىشىپ چىقىشتىن قۇرۇپ كەتكەن ئادەم ۋە چارۋا ئېغىزلىرى ئۇنىڭ سۇ ئاتا قىلغىنىغا چەكسىز مىننەتدار بولدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى مۇساپىدە، تۆۋەنگە ئىلگىرىلەپ گەز جىلغىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى تاشمىلىق (Tashmilik) چوڭ بوستانلىقىنىڭ تۈزلەڭ يېرىگە كىردىم. بۇ ئەسلىدە ئىككى كۈنلۈك مۇساپە ئىكەن. ئەتىگەن يولغا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن، بىر كۈندە يېتىپ كېلەلىدۇق. مەيىن شامال ئۇرۇپ تۇرغاچ ھاۋا بەكمۇ ساپ ئىدى. ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدا تۆۋەنكى تاغ ئېغىزى ئاقتىكەن بەل (Aktiken Bel) ئۈستىگە يېتىپ بارغىنىمىزدا، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يىراقتىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدىم. غەربكە سوزۇلغان مۇز تاغ ئاتا چوققىسى بىلەن گەز تۈزلەڭلىكى ئارىسىدىكى ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىلىرى ئىچىدىكى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان سارغۇلۇق بىگىزسىمان تاغ چوققىلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتاتتى. شەرقتىكى تۈزلەڭلىكتە يىراقتىنلا يېڭىسار (Yangi Hissar)، ئوپال (Opal)، تاشمىلىق (Tashmilik) بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان يېشىل سۇغىرىش رايونىنى كۆرگىلى بولاتتى. تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىنى نېپىز چاڭ - تۇمان قاپلاپ تۇرغان بولۇپ، كىشىگە يىراقتىكى كۆز يەتمەس چۆللۈكنى ئەسلىتەتتى. بۇ بىپايان، يېقىملىق ئۆزگىرىشچان مەنزىرە قەلبىمدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى. مەن سارراي بەل (Sarrai Bel)، توپىلىق بەل (Topolu Bel) تاغ ئېغىزلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكەن نەچچە سائەت ئىچىدە، بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدا يەنىلا نامايان بولۇپ تۇردى. بۇ تاغ ئېغىزلىرى ئارىسىدىكى تاغ جىلغىلىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا، ئاسانلا ئۆتتۇم. ئەڭ ئاخىرقى روشەن يانتۇ داۋان — قىزىل جىلغا

(Kizil Jilga) غا كىردىم، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان قىزىل قوڭۇر رەڭدىكى تاغ تىزمىسى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىكەن. جىلغىدىكى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كىچىك ئېقىننىڭ قۇرۇق قىنىدا ئالتە ئىنگلىز مىلى ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا گەز دەريا قېشىغا يېتىپ باردۇق. دەريا سۈيى ئېقىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، دەريا قىنى بىر ئىنگلىز مىلى كەڭلىككە يېقىنلىغان، دەريا قىنىنى شېغىل تاشلار قاپلىغان بولۇپ، دەريا سۈيى نۇرغۇن كىچىك ئېقىنغا بۆلۈنۈپ بارغانسېرى تېز ئاقاتتى.

دەريا قىرغىقىدىكى يول 1.5 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىلا ئىكەن، ئارقىدىكىسى تىك بىر شېغىل تاشلىق تۆپىلىك بولۇپ، دەريا سۈيى تۆپىلىك ئېتىكىگە ئۇرۇلۇپ نۇراتتى. بىز ئامالسىز ئەگرى - توقاي جىلغىدا قايتىدىن ئايلىنىپ ئىلگىرىلىدۇق. ئۇئۇقچىلىقتىكى تېمپېراتۇرا 28 ~ 38℃ بولسىمۇ، شامالسىز داۋاندا ئادەم ناھايىتى دىمىق ئىسسىق ھېس قىلاتتى. جىلغىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى بۆلۈك گرادۇسى 30 گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن ئىنتايىن تىك داۋان بولۇپ، ئاتلاردىكى يۈك - تاقلار چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۈستىگە چىقماق ناھايىتى تەس بولدى. شېغىللىق داۋان (Shagildil Dawan) دىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئاساسلىق تاغ جىلغىسىغا ئۆتىدىغان داۋان بار ئىكەن، بىراق ئۇزۇن ماڭماي يەنە بىر تىك داۋاندا توسۇلۇپ قالدۇق. بۇ ۋاقىتتا، مەن قىزغىنلىق بىلەن ئۈمىد قىلغان كەڭ ۋە تەپتەكشى نۇزلەڭلىكنىڭ ئورنىدا كۆرۈنگىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلەك قاقاس شېغىل تاشلىق تۆناش تاغلار ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى چىغىر يول بولدى. قارا كۆلدىن بۇ يەرگىچە مېڭىپ كەلگەن ئاتلار ھارغىنلىقتىن بىر - بىرلەپ يېتىۋېلىشقا باشلىدى، بەختكە يارىشا كەۋرۈك قورغاندىكى يولباشلىغۇچىلار ئالماشتۇرۇۋېلىشقا ئات - ئۇلاغلارنى تەييارلاشقا باشلىدى. مۇشەققەت بىلەن ئېگىزلىگە 2000 ئىنگلىز مىلى يامىشىپ

چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇ يامالا (Yamala) ياكى كەپەك (Kepek) ئېغىزىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتۇق. قوشۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۈنپېتىشتىن بۇرۇن تاشمىلىققا بېرىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدىم. ئاخىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدا، تۈزلەڭلىككە يېقىن جايدىكى يەرنىڭ شېغىللىق قاقاس ساھىل ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. دەريا بويلاپ ئىلگىرىلەپ بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق، ئارقىدىن مۇنبەت سۇغىرىش رايونىغا كىرىپ كەلدۇق. كىشىلەر تېخىچە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتاتتى، تۆت ئەتراپتىن كەلگەن ئېقىن سۇلار مۇزلۇقنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلەرنى ئېقىتىپ كېلىپ مۇنبەت يەرلەرگە مول ھوسۇل ئاتا قىلغانىدى. قاقاس تاشلىق دالادىن كېيىنكى بۇ مەنزىرە شەك ـ شۈبھىسىزكى تەسىرى چوڭقۇر بىر تۇرمۇش سۈرىتىكەن.

مەن تاشمىلىقتىكى تۇنجى ئائىلىگە كەلگەندە كەچ كىردى. بوستانلىقنىڭ نامى تاشبۇلاق (Tashbulak) بولۇپ، XVIII ئەسىردىكى ئەيسا دىنى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى خاتىرىسىدىن باشقا، بارلىق خەرىتە ۋە كىتابلاردا ئۇنىڭ نامى بۇرمىلىنىپ «تاش بۇلاق» ياكى «تاش بالىق» دەپ ئاتالغان. ئۆينىڭ تېمى ۋە ئەتراپى توسۇلغان باغ سۇس قۇياش نۇرىدا ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ بويىدا قاتار سۆگەت ۋە ئاق تېرەكلەر بار ئىدى. مەن ئالدى بىلەن بۇرۇنلا ئالماشتۇرۇشقا ئات تەييارلاپ بېرىشكە خەۋەر بەرگەن بەگنىڭ ئۆيىنى تېپىشىم كېرەك ئىدى. بىز كۆز يەتمەس ئېتىز ـ باغلار ۋە قاتار ـ قاتار ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا نەچچە ئىنگلىز مىلى ماڭغان بولساقمۇ، بەگنىڭ ئۆيى يەنىلا خېلى ئالدىمىزدا ئىكەن. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ تارقىلىپ كەتكەن رايونلار ئىچىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئىسمى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر كىچىك مەمۇرىي رايونغا ۋەكىللىك قىلاتتى. 14 سائەتكە يېقىن ئاتلىق ۋە پىيادە

مېڭىپ بەگنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىنىمدا ھېرىپ كەتكەنىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگنىڭ قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لەسسىدە بوشاپ كەتتىم. ئەمدى بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلماقچى بولسام، پوچتا ئۆتەڭگە بىرىپ قاراڭغۇلۇقتا يەنە ئاتلىق ئىككى ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئاتلار ھارغىنلىقتىن يېتىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن يېرىمگە ئاخىر يېتىپ باردىم. ئارقىمدىن يۈك - تاقلارمۇ يېتىپ كەلدى، چېدىرىم بېدىسى يېڭى ئورۇلغان ئوتلاققا تىكىلدى. سائەت ئوندىن ئاشقاندا بىر نېمىلەر قىلىپ «يۇيۇندۇق»، تەڭ كېچىگە يېقىن ئاندىن ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماقنى يېدىم.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. قەشقەرنىڭ يېنىغىلا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر سېھرىي كۈچ بىزنى تېزرەك مېڭىشقا ھەيدەيتتى، ماتېرىيالدىن كۆرگەن توغرا ئارىلىق 50 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن بولسىمۇ، بۇ يولنى بۈگۈن بېسىپ بولۇشقا ئالدىرايتتىم. قىيىنچىلىق ئوخشاشلا قورۇق قورغاندىن ئىجارىگە ئېلىپ كەلگەن ئات - ئۇلاغلارنى قانداق قىلىپ يېڭىشقا ئالماشتۇرۇش ئىدى. ئىنگلىزلار ئۇلارنى داۋاملىق ھەيدەپ قەشقەرگىچە ئاپىرىشقا ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتى. ئەمما، جۇڭگو پوچتا ئۆتەڭىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئالىيا بەگ (Alia Beg) قول ئاستىدىكىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشنى خالىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئالتىدە، ئىككى پوچتا ئېتىنى ئېلىپ ئەڭ كېرەكلىك يۈك - تاق ۋە ئەسلىھەلەرنى ئارتىپ يولغا چىقتىم. چېدىرلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئالماشتۇرۇشقا كېلىدىغان ئات كېلىشى بىلەنلا ئارقىدىن ئېلىپ بارىدىغان بولدى. كۆل رەڭ تۇمان ئاسماننى توسۇۋالسىمۇ، ئەمما شىمالدىكى بارماقچى بولغان نىشانىمىز بولغان ئويال تېرىقچىلىق رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى پاكار تۇتاش تاغلارنى ئازراق بولسىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

بىز ئۇ يەرگە بارغاندا، گەزدىن ئېقىپ كەلگەن بىر دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ يامانيار دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇنىڭ سۈيى پۈتۈنلەي سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىسىمۇ يەنىلا ئالتە چوڭ بۆلەك ئېقىنغا بۆلۈنۈپ بۇ تۈزلەڭلىككە ئاقىدىكەن. نۇرغۇن جايلاردا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 — 5 ئىنگلىز مىلى بولۇپ، تېز ئاقاتتى، شۇڭا مەخسۇس ئادەم ئۆتكىلى بولىدىغان تېيىز جايدا تۇرۇپ ئات - ئۇلاغلارنى ئېھتىيات بىلەن يېتىلىگەندە، ئاندىن بىخەتەر ئۆتكىلى بولاتتى. بىر سائەتتىن كېيىن، بىز كەڭ دەريا قىنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتتۇق. تىزىمىنىڭ ئۈستىمۇ پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى، بىراق يۈك - تاقلار پۈتۈنلەي ساق ئىكەن. ئارقىدىن دەريا بويىدىكى سوزۇلۇپ كەتكەن يېشىل ئوتلاقتا بىمالال نەچچە ئىنگلىز مىلى يۈردۈق. ئوپال پەس ئېگىزلىك ئېتىكىگە جايلاشقانىدى، جوڭگو ئەسكىرىنىڭ ۋەيرانە كىچىك بىر قاراۋۇلخانىسى تۇراتتى. بىر يۇمىلاق شەكىلدىكى پوچتا ئۆتەڭگى سىرتىدا بىز ئارام قىلىپ ئالماشتۇرىدىغان ئات تاپتۇق، بىراق شۇ ئارقىلىق ئىگە بولغان ۋاقتىمىز ئۆتەڭ خادىمى ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش پەيدا قىلغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا قارىغاندا ھەر ھالدا ئاز بولىدى. بۇ تالاش - تارتىش ئەلۋەتتە كىم مەن بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ دېگەن مەسىلىدىن چىققانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يۈك - تاقلارنىڭ قايتىدىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەربىر ئاتنىڭ ئۈستىدىكى يۈك - تاق ئۈستىدە بىردىن دېھقان ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئامالسىز قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغان باشقا سەۋەبىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، كىچىككىنە ساياھەت ئەترىتى يول بويى خۇشال - خۇراملىق بىلەن توختىماي مېڭىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئوپال ئېتىزلىق ۋادىلىرى ۋە سۇغىرىش ئوتلاقلىرى ئارىسىدا تارقالغان نۇرغۇن ئاھالە كەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە گەۋدە ئىكەن. بىز بۇرۇنقى بېسىپ ئۆتكەن مەنزىرىسىز قاقاس

قۇملۇق، تاشلىق يەردىن كېيىنكى ئاق تېرەك، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك يولدا ئاتلىق ماڭغىنىمىزدا بەكمۇ راھەت ھېس قىلدۇق. ئېتىزلاردىكى قوغۇنلار پىشقان، تۇجۇپىلەپ ئىشلەنگەن باغلاردا كۆكتات كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ يوللارنى بويلاپ كېسىپ ئۆتەتتى. ھەممە يەردە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. قىزغۇچ لاي قۇم ئارىلاشقان سۇلار ئالاھىدە بىر تۈس ئالغانىدى. مەن بىر ئېرىق بويىدا دەم ئالغاچ يول بويىدىكى كىچىك باققاللاردىن سېتىۋالغان ئالما، نەشپۈتلەرنى ھەمدە خورجۇندا ئالغاچ ماڭغان ئازراق ئاددىي «چۈشلۈك تاماق»نى يەپ ھاردۇقۇمنى چىقاردىم. بۇ مەن بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئېتىغان تۇنجى يېڭى مېۋىلەر ئىدى.

بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن، بىز پۈتۈن ئوبال بوستانلىقىنى كېسىپ ئۆتتۇق. شەرقتىكى سوزۇلۇپ كەتكەن قاقاس قۇملۇق تۈزلەڭلىكتىن ئۆتكەن ۋاقتىمدا، بۇ يەردىكى قۇملۇقنىڭ دەسلەپكى تەسىرىگە ئىگە بولدۇم. كۆز ئالدىمىزدىكى قۇرۇپ كەتكەن، ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئېقىنلار ئىچىدە قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە پاكار چاتقاللار بۇ يەرنى قارىماققا ئانچە قاقاس كۆرسەتمەيتتى. ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، ھاۋا يەنىلا سالقىن، قۇياش نۇرى ئاستىدىكى تېمپېراتۇرا فارېنگېيت 93 (34°C) گرادۇس بولۇپ، ساپ مەيىن شامال شەرقتىن ئۇرۇپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان باشقا نەرسە يوق ئىكەن. ئەمما، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا ئادەم چىدىغىلى بولمايتتى. مەن تېزلىكتە كۆل رەڭ ئەينىكىمنى تاقاپ، كۆزۈمنى ئاسراشقا مەجبۇر بولدۇم. بىزنىڭ پاكار قۇم بارخانلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشىمىزگە ئەگىشىپ، ئانچىلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا توۋلاشقا باشلىدى، ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، بۇ قاقاس دۇنياغا ھايات ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، بىز قۇملۇقتىن

چىقىپ توققۇزاق (Tokuz ak) تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ چېگرىسىغا قەدەم قويدۇق. بۇ يەردىكى سايباغ (Saibagh) سارىيىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە توپ يولۇچى ھەمدە ئات ۋە قوپال ھارۋىلار بولۇپ، ئاق تېرەكنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىۋاتاتتى. چوڭ كۆللەردىكى سۇ ۋە بىر دۆۋە قوغۇن شىنجاڭنىڭ يول بويىدىكى سارايلاردا تەمىنلەيدىغان ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان نەرسىلەر ئىكەن.

بۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە سائەتلىك كۆڭۈللۈك مېڭىش مەندە مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى. ئاق تېرەك، ئۈجمە، ئۆرۈك ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىكى يوللاردا كىچىك كەنتلەردىن بىر - بىرلەپ ئۆتتۇق. بۇ خىل سەينا - ئارام ۋە مېۋىلىك باغلار ئارىسىدىكى ئوچۇق سېرىق رەڭدىكى ئۆيلەر ۋە بوررەڭ تاملىرى ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنەتتى، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىكى كېسەكتىن ياسالغان قەبرە ھەمدە گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن مەسچىت ياكى ئوخشاش ماتېرىياللار بىلەن ياسالغان مەقبەرىلەر باشقىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا تۈسىنى ئالغانىدى. بىز ئاتلىق دەرەخلىك يولدا مېڭىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئاتچىلارنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئېيتقان ناخشىلىرى بالىلار ۋە ئاياللارنى ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتاتتى. توققۇزاق بازىرىغا كەلگۈچە بىكار يۈرگەن چوڭلارنى كۆرمىدىم. ھازىرغا قەدەر كۆپ توپا - چاڭلارغا يولۇقمىدۇق، چۈنكى بىزنىڭ ماڭغىنىمىز تاشلىقتىن كېلىدىغان چوڭ يول بولماي، يېزا - كەنتلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەگرى - بۈگرى كىچىك يول ئىكەن. بىز ئاخىرى چوڭ يولغا چىقتۇق، ئەمما يول كېڭەيگەنسېرى توپا - چاڭلار پۇرقىرايتتى. نەچچە ئات قوشۇلغان قوپال ھارۋىلار ۋە ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا توپا - چاڭلارنى توزۇتاتتى. مەن بۇ مۇساپىنى تېزرەك بېسىپ بولۇشقا بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كەتتىم. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش ئەتراپىدا، سادىق ئاخۇن ماڭا قەشقەرگە بىر «تاش» ئارىلىق قالغانلىقى

توغرىسىدا كاپالەت بەرگەنىدى. مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاساسلىق يوللاردا ئادەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى لاي بىلەن ياسىغان كىچىك مۇنار، يەنى «تاش» (Tash) بارلىقى. تاش ئارىلىقى 10 يول (ئىككى ئىنگلىز مىلىغا يېقىن)نى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ ئارىلىق ھېسابلاش بىرلىكى ئېھتىمال شىنجاڭدا ئارىلىقنى ئانچە توغرا كۆرسىتىپ بەرمىسە كېرەك. كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى ئاتلىق بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىنمۇ دەريا قىسنى كۆرۈنمەيتتى. بىلىشىمچە، شەھەرگە يېقىنلىغاندا ئۇ دەريادىن چوقۇم ئۆتۈش كېرەك ئىكەن. ئاخىرىدا يولنىڭ ئەگىلىدىغان بىر يېرىدە كەڭ دەريا كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تېيىز ئېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە شەھەر سېپىلىنىڭ كۆزنىتىش مۇنارى ياكى باشقا شەرق شەھەرلىرىگە سىمۋول بولىدىغان ئالامەتلەر يوق ئىكەن. بۇ قەشقەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل (Kizil su) دەرياسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بولغان ئاقسۇ (Ak su) ياكى تەلۋىچۇك (Talwichuk) دەرياسى ئىكەن. مەن روھىم چۈشكەن ھالدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئات ئۈستىدە ناھايىتى يىراق بىلىنگەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتۈم. ئاخىر بۇ يولنى تۈگىتىپ ھەقىقىي قىزىلسۇ ئاقىدىغان قىزىل دەرياسىدىن ئۆتتۈم.

دەريانىڭ قارشى تەرىپىدە توپىلىق شەھەر ئەتراپىدىن كىچىك يولنى ئايلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ئاياللار ھەيران قالارلىق ئېگىز دوپپىلارنى كىيىشىپ تۆت، بەشتىن بولۇشۇپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. كۈنپاتقاندا شەھەر سېپىلى تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. لايدىن قوپۇرۇلغان شەھەر سېپىلى ھەممە رەتلىك سېپىل گەۋدىسى ۋە تۆت چاسا قورغان غايەت زور ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ ماڭا نۇرغۇن قەدىمكى ساياھەت خاتىرىلىرىدە كۆرگەن ئوتتۇرا ئەسىر قورغانلىرىنى ئەسلەتتى. شەھەرنىڭ سىرتى جىمجىت، قاپقاراڭغۇ ئىكەن. شەھەر

دەرۋازىسىمۇ ئاللىقاچان تاقالغانىدى. ئاخىرىدا سادىق ئاخۇن بىزنى باشلاپ سولغا بۇرۇلۇپ، قاتار ئاق تېرەكلەر ئارىسىدىكى كىچىك يولدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇسى سىرتىدىكى دەرۋازىغا ئېسىلغان پانۇس بىزگە يول كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۇ يەر مېنىڭ كەلگۈسى بىرنەچچە ھەپتىدىكى ئائىلەم ئىكەن. مەن خېلى ئۇزاق كېچىكىپ قالغان بولساممۇ، بىراق ئويلىغىنىمدىن ئېشىپ كەتمىگەنىدى. مەن ئاتتىن چۈشۈپ كەڭ سەينادىكى سۇپا شەكلىدىكى گۈللۈككە كەلگىنىمدە، ماكارتنېي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ ئەڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتىم. گۈللۈك يېنىدىكى ئازادە مېھمانخانا مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا كېلىپ ساھىبخانلار بىلەن شاد - خۇراملىققا چۆمدۈم. چەكسىز راھەت ئىچىدە مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئاسىيانىڭ يۈرىكىدىن يىراق جايدىكى ئەنگلىيە ئائىلىسىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدىم.

## قەشقەردە

ماكارتنېي ئەپەندى مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغان تۈنجى كېچە ناھايىتى خۇشال ئۆتتى، بۇ مەن قەشقەردە تۇرىدىغان بىرنەچچە ھەپتىلىك ئالدىراش كۈنىنىڭ مۇشۇنداق خۇشال - خۇراملىق كەيپىيات ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ۋاقىت ناھايىتى ئالدىراش ئۆتەتتى، مەن شىنجاڭنىڭ مەركىزىدىن يولغا چىقىپ تەكشۈرمەكچى بولغان ھەقىقىي كۆزلىگەن يېرىمگە بېرىشتىن بۇرۇن كۆپلىگەن جىددىي خىزمەتنى تاماملىشىم كېرەك ئىدى. ھەربىر خىزمەت دېگۈدەك ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ بىلىمى ھەمدە ئەمەلىي ياردىمىدىن ئايرىلالمايتتى، مەن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىكى ئورنى ۋە شۇ يەرگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بىزگە ناھايىتى چوڭ قولايلىق

ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. دەسلىپىدىلا ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى قوللىدى ۋە ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى بولمىسا، ئېھتىمال پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. ئىككى ئايلىق توختىماي دېگۈدەك ماڭغان تاغ سەپىرىمدىن كېيىن، ئوبدان دەم ئېلىۋېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مېنى كۈتۈۋاتقان قىزغىن قەشقەرلىك دوستلىرىمنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرالغۇسىدا تۇرۇپ، كېيىنكى قەدەملىك ئۇزاق مۇددەتلىك سەپىرىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلدىم. ئۆزۈمچە بۇ يەردىنمۇ ئازادە جاي يوقتۇ، دەپ ھېس قىلدىم.

مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن، ماكارتنېي ئەپەندى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سىياسىي ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋاقتىدا، چىنىباغ (Chini bagh) تۆت ئەتراپى قورشالغان بىر ئاددىي مېۋىلىك باغ ئىكەن. باغدا بەزى ئۆي ـ سەينالارمۇ بار ئىكەن، ئۇ خۇددى ھەربىر ئابرۇيلۇق قەشقەرلىكنىڭ شەھەر سىرتىدا مېۋىلىك بېغى بار بولغانلىقىغا ئوخشايتتى. ئۇ كۆپلىگەن يۈرەك قېنىنى ۋە ئەمگىكىنى سىڭدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئاددىي سەينا ـ ئاراملىق كىچىك ئۆيدىن ئازادە ئىللىق تۇرالغۇغا ئۆزگەرتكەنىدى. ئۆيلەردە ئەنگلىيىچە ئائىلىلەرنىڭ ھەممە نەرسىلىرى تولۇق ئىكەن، كەڭ سېلىنغان تاشقىرىقى ئۆي ۋە ئىچكىرىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ھىندىچە بولۇپ، تۆت ئەتراپى كارىدورلۇق بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىكەن. قورۇلۇش تۆۋەنگە قارايدىغان تۈمەن دەرياسى (Tumen Darya) نىڭ ئېگىز سېرىق توپىلىق قېشى ئۈستىدە بولۇپ، ئۆيلەر ۋە ئەتراپىدىكى پەلەمپەيلىك جايلاردىن شەھەرنىڭ شىمالىدىكى مۇنبەت سالا ئېتىزلار ۋە دەرەخلىك باغلارنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. شىنجاڭنىڭ ياز پەسلىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز توپا ـ تۇماندىن يىراقتىكى پاكار تاغ قىرلىرىنىڭ سۈرەتتەك كۆرۈنۈشى

بۇ مەنزىرىلەر ئۈستىگە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئارقا كۆرۈنۈش قوشقانىدى. يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ئۇچۇق ۋاقىتتا، مەن كۆپ قېتىم يىراقتىكى مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلار ھەمدە يىراقتىكى تەڭرىتاغ تىزمىلىرىغا مەنسۇپ ئاق قار بىلەن ئورالغان تاغ چوققىلىرىدىن ھوزۇرلاندىم.

ئىككى ئايلىق ئالدىراشچىلىقتا بەكمۇ چارچىغانىدىم. دوستۇمنىڭ ئائىلىسىدە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇھىتتا دەم ئېلىشتىن خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بولدى. ۋاقتىمنىچە دالا تۇرمۇشىدىكى پارچە - پۇرات ئىشلاردىن قۇتۇلدۇم، ياۋروپا بىلەن باغلانغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىزىقارلىق ئىدىيە، كۆزقاراشتىن بەھرىمەن بولالىدىم. مەن ھازىر ئاددىي ياۋروپالىق ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز بولغان سىرتقى ئاۋارىچىلىك ۋە ئالدىراشچىلىقتىن قۇتۇلدۇم، تۇرمۇشۇم ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. مەن ئېرىشكەن بىكارچىلىق ۋە تىنچلىق مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. ئەمما، مېنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم ئۆلارنىڭ ياردىمىدە ھەر تەرەپلىمە ئەمگەك كۈچىنى ھەل قىلىش ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىم ۋە قولۇمدىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىم ئۈچۈن يېڭى بىر سەپەر ئەترىتى تەشكىللەش ئىدى، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كەڭ رايوندا تەكشۈرۈش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، زور دەرىجىدە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملارنى ۋە ئات - ئۇلاغلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللىشىمگە باغلىق ئىكەن. ئىشنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، يۈك - تاقلارنى تىزگىنلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر خىل ئوخشىمىغان يەر يۈزى ۋە ھاۋا شارائىتى ئاستىدا سەككىز ئايدىن كۆپرەك سەپەر قىلىشقا كېرەكلىك بارلىق نەمسنات ۋە ئەسلىھەلەرگە ئوخشۇشلۇق ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ئىكەن. مېنىڭ

ھېسابىچە، يۈك - تاق ئارتىش ۋە مىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، مېنىڭ سەپەر ئەترىتىمگە سەككىز تۆگە ۋە 12 ئات كېرەك ئىكەن، بۇ پەسىل تۆگە سېتىۋېلىشقا بەكمۇ پايدىسىز ئىكەن. چۈنكى، ياز پەسلىدە روسىيىنىڭ سودا مەركىزى ئەنجان ۋە ئالماتاغا قاتنايدىغان قاتناش ئەڭ كۆپ بولغاچقا، كۆپ ساندىكى سەپەرگە ئىشلىتىدىغان ئات - ئۇلاغلار ئىجارىگە ئېلىنىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇزاق ۋاقىتلىق ئىزدەش ۋە سۆزلىشىش ئارقىلىق ترانسپورتقا كېرەكلىك تولۇقلاش ئەسلىھەلىرى ۋە يۈك - تاق ئارتىش، مىنىشكە كېرەكلىك ئات - ئۇلاغلار ئاستا - ئاستا تولۇقلاندى. بۇ مەزگىلدە، كاتىپ باھادۇرشاھ ۋە ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ قول ئاستىدىكى باشقا كىشىلەر ھەمدە ئۇنىڭ ھەمكارلىقى مۇشۇلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ياردەم بەردى. كېيىنكى ئەمەلىي ئەھۋال ئۇلارنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي تاللىشى بىلەن تولۇق ئۇنۇمگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3000 ئىنگلىز مىلىدىن ئارتۇق سەپەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە جاپالارغا ئۇچرىغان بولساقمۇ، مېنىڭ قەشقەردىن ئېلىپ چىققان ئات - ئۇلاغلىرىمنىڭ بىرەرسىمۇ ھارغىنلىقتىن يېتىپ قالمىدى. تۆگە سېتىۋېلىشقا كەتكەن باھا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 624 تەڭگە بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئىشلىتىۋاتقان پۇلغا سۇندۇرغاندا 91 رۇپىيە ئىكەن. ئاتنىڭ خىراجىتى بۇنىڭ بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر يۈك - تاق ئارتىشقا ئىشلىتىدىغان ئاتنىڭ باھاسى 260 تەڭگە، يەنى 38 رۇپىيە ئىكەن.

تەمىنات ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇشنى ۋە ئىقتىسادنى ئويلىغاندا، بىللە ماڭىدىغان خادىملارنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە ساقلاش ئۈچۈن، سەپەر ئەترىتىمىز خادىملىرىنى ئوخشاشلا ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاشقا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ خۇسۇسىي چاكىرىم پېشاۋۇردىن كەلگەن مىرزا

ئالىمنىڭ جاپالىق، ھېرىپ - چارچاش ۋە تاغلىق رايوندا جىددىي يۈرۈشكە ماسلىشالمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا مەن باشقىدىن بەكمۇ ئەسقاتىدىغان مۇھەممەد جۇنى تاللاپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردۇم. ئۇ يېرىمى ياركەنت قان سىستېمىسى، يېرىمى كەشمىر قان سىستېمىسىدىكى قاۋۇل كىراكەش ئىكەن. ئۇنىڭ قاراقورۇم قاتناش يوللىرىدا ئۇزاق مۇددەت سودا بىلەن شۇغۇللىنىش كەچۈرمىشى بولغاچقا، ئاتچىلىقتا ئائىت نۇرغۇن كېرەكلىك بىلىمى بار ئىكەن. ئۇ يەنە كاپىتان دېسىينىڭ ھىندىستانغا قايتىش سەپىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىدى. شۇڭا، «خوجايىن» لارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ۋە يېمەك - ئىچمىكىگە قاراش جەھەتلەردە دەسلەپكى قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەن.

نەچچە ئادەمنى تاپقان بولسامۇ ھەممىسى مۇۋاپىق كەلمىدى، ئاخىرىدا ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە، مەن ئامال قىلىپ خەنزۇچە سۆزلىيەلەيدىغان قەشقەرلىك نىيازئاخۇننى تېپىپ، ئۇنى تەرجىمان ھەم قوشۇمچە ئاتچى قىلدىم. سىرتىدىن قارىغاندا، ئۇ چىرايى كېلىشكەن، يۈرۈش - تۇرۇشى جايىدا كىشى بولۇپ، ئەر - ئايال لىتىلېدېل (Littledale) غا ھەمراھ بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدە ۋە تىبەتنىڭ سەپىرىدە بىللە بولغانىدى. مېنىڭ ئاشۇ بېيجىڭ ياكى جۇڭگونىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان تۈرك ھەمراھلىرىم ئالدىدا قىلچىمۇ يوشۇرماستىن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغان كىبىرىنى تىكلىگەنىدى. بۇنىڭغا قارىتا بىردىنبىر تىلغا ئېلىشقا بولىدىغىنى كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر خىل گۇمانلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى، ئۇنىڭ ھەقىقىي سادىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ ماختاپ ئۇچۇرغان مۇكەممەل ئوبرازى خەنزۇلارغا تەۋە دەپ گۇمانلىناتتى. ئۇ خېلى مەدەنىيەتلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسىگە ناھايىتى پايدىسى بار ئىكەن. تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ماڭا سادىقلىق

بىلەن خىزمەت قىلدى. ئىھتىمال، يېقىنقى بىرنەچچە ھەپتىدە بىز چىنىباغنىڭ تەرتىپى ياخشى مۇھىتتا تۇرغانلىقىمىزدىن، ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ شەخسىي كەمچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاشقا پۇرسەت بولمىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ مال - دۇنياغا ھەددى - ھېسابسىز بېرىلىشتەك كەمچىلىكى كېيىن بەزى ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈردى. تۆگە ساتقان سودىگەردىن ئوڭايلا ئىككى ياش تۆگىچى يالىلىۋالدىم. روزى ئاخۇن بولسۇن ياكى ھەسەن ئاخۇن بولسۇن، شىمالدىكى سەپەر يولىدىن باشقا جايلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنداق ياش تۇرۇپ تۆگە باشقۇرۇشتەك مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھۈنەرگە پىششىق بولغانلىقى، ئىھتىمال ياشلارنىڭ قىزىقىشى ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلىش روھىغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار قۇملۇقتا سەپەر قىلىشنىڭ جاپاسى ۋە خەتەرگە يولۇقۇشقا ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ خۇشاللىق پوزىتسىيىدە ئىكەن.

دالا ئەسلىھەلىرىگە كېرەكلىك نۇرغۇن رېمونت قىلىش قوراللىرى ۋە زاپاس قوراللارنىمۇ بالدۇر تەييارلاشقا توغرا كېلەتتى. ئاتقا كېرەكلىك ئۇسكۈنىلەر، يۈك - تاقلار ساندۇقى ۋە كۆپلىگەن ئۇسكۈنىلەر ئىچىدىكى باشقا نەرسە - كېرەكلەر كەشمىردىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن، ھەممىسى دېگۈدەك ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ بۇزۇلغانىدى. بىز خۇنزا جىلغىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تۆت ئەتراپتىكى تاشلىق قىيالار ئارىسىدىكى كىچىك يولدا قوتاز ۋە قىرغىز ئېتى بىر - بىرىگە يول بەرمەي قىستىلىشىپ سوقۇلۇش - بۇزۇلۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. قەشقەردە تۇرغان ۋاقىتتا رېمونت قىلىشقا كۆپ ۋاقىت چىقمىدى. چۈنكى، شىنجاڭلىق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاددىي ھىندى ھۈنەرۋەنلىرىگە ئوخشاش ئوخشىتىپ ياساش تېخنىكىسى يوق ئىكەن، بەلكى يوقىنى ياساش خېلى ئوڭاي دەپ ھېس قىلىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

زېھىن قۇۋۋىتىنى ئىسراپ قىلىپ ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ ھاجىتىنى قاندۇرۇشنى خالىمايتتى. بۇنداق كۆڭۈل قويمىغان ھالدىكى خىزمەت ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دائىم نازارەت قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. مەن ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تاشقىرىقى قورۇسىغا ئاز - كۆپ بولسىمۇ، ئۇزاق مەزگىللىك يالانغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تاپشۇرۇقۇمغا بويسۇنۇشىنى خالايدىغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىمدا خېلى خاتىرجەم بولدۇم.

بارلىق تەييارلىق خىزمىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئاۋارە ئىش قۇملۇقتا ئىشلىتىدىغان سۇ باكى ياساشنى قارار قىلغىنىمدا بولدى. كالكۇتتادا مەن ئۈچۈن ئىككى تاختا ئاق قاڭالتىردىن ئالاھىدە ياسالغان سۇ باكى تاغ ئارىسىدىكى سەپەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپمۇ يەنىلا ناھايىتى ساق قالدى. توڭگىنىڭ كۆتۈرۈپ مېڭىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ سىغدۇرالايدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى ھەربىرى 17 گاللون (77.28 كىلوگرام) ئىكەن. مېنىڭ چوڭ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن خارابىلىككە ئېلىپ كىرمەكچى بولغان نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلىرىمغا بۇنچىلىك سۇ ھەرگىزمۇ يەتمەيتتى. ئاز دېگەندىمۇ يەنە تۆت چوڭ سۇ باكى ياساشقا توغرا كېلەتتى. بۇ يەردىن تېپىلغان باك ياساش ماتېرىيالى ئىچكى دېڭىزدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريول ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن كېرسىن قاچىلانغان باك ئىكەن. بۇ ۋەيرانە كونا قاڭالتىر باكلارنى ئۆزگەرتىش ھەمدە مۇستەھكەملەش، بىخەتەر توشۇشقا كېرەكلىك ياغاچ جابدۇقلار قوشۇلۇپ تۆمۈرچى ئۇستىلىرىمنى بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ ئىشلەشكە بىرنەچچە ھەپتە ئالدىراتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇ خىزمەتلەرگە قاراش، مېنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ مۇھىم، جىددىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلىشىمغا كاشىلا قىلمىدى. ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ سەيناسىدىكى سالقىن ئاق تېرەك سايىسىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ، زور قىزغىنلىق بىلەن تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئائىت قەدىمىي

ماتېرىياللارنى قايتىدىن كۆردۈم ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلدىم. مەسىلەن، جوڭگونىڭ يىلنامە كىتابلىرىدىكى قەدىمىي جوڭگونىڭ نوم ئالغۇچىلىرى ھەمدە ئەڭ بۇرۇنقى ياۋروپا ساياھەتچىلىرى تەسۋىرلىگەن خاتىرە - بايان قاتارلىقلاردا مۇشۇ تۇپراق تىلغا ئېلىنغان. شۇ تۇپراققا ئائىت قەدىمىي خاتىرىلەرنى كۆرۈپ، مېنىڭ روھىي كەيپىياتىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چىنىباغدا جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان بۇ خىزمىتىم ئالاھىدە مەنپەئەتكە ئېرىشتى. چۈنكى، ماكارتنېي ئەپەندى مۇشۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن، ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ ماڭا كۈچىنىڭ بارىچە بۇ رايوننىڭ قەدىمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدىغان ماتېرىياللارنى تېپىپ بېرىشكە قوشۇلغانىدى. ھەر قېتىم جوڭگو تارىخىي بىلىملىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ماكارتنېي ئەپەندى كونسۇلخانىدىكى سۇن شىيېنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەت سورايتتى. ئۇ كلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق، پۇختا بىلىدىغان ئالىم ئىكەن، يەنە كېلىپ بۇ رايوندا بولغان ئىشلارغا پۇختا كۆزقارىشى بار ئىكەن. ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ قەدىرلىك پېشقەدەم كەشمىرلىك پاندىت گوۋىند كول (Pandit Govind Kaul) بىلەن ئۇزاق يىللىق تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا، ئۇنىڭ بىلەن دائىم سانسكرىتچە پاراڭلىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ قالدىم، مەن خەنزۇچىنى ئازراقمۇ بىلمەيمەن، بۇ مېنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەڭ زور ئەپسۇسلىنارلىق ئىشىم، بۇ مېنى بەكمۇ پۇشايمان قىلدۇردى. ئەمما، مەن قانداق قىلىپ بوش ۋاقىت چىقىرىپ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىمەن؟ ئېھتىمال «ئاخىرەت»نى كۈتۈشكە توغرا كېلەر، «ئاخىرەت» توغرىسىدا دائىم ھىندىستاننىڭ ئۇقۇمىدىن

پايدىلىنىپ، جۇڭگولۇق دوستلاردىن مەسلىھەت سورايمەن.

مېنىڭ قەشقەردە تۇرۇشۇمدىكى مۇھىم بىر مەقسەت جۇڭگولۇق يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئېكسپېدىتسىيە پىلانىمنى بىلدۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. بۇ جەھەتلەردە، مەنمۇ ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن ئەمەلىي ياردىمىنىڭ كۆپرەك بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتىم. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى يوقلىدىم. ئۇنىڭ ئۇ خىل تەجرىبىگە مول يول كۆرسىتىشى مېنى ناھايىتى چوڭ پايدىغا ئېرىشتۈردى. بۇ بىر قاتار زىيارەت ھەمدە ئۇلارنىڭ كېيىندىكى «زىيارەت قىلىپ كېلىش» لەر ۋە باشقا رەسمىي بولمىغان كۆرۈشۈشلەردىن مەن جۇڭگو قائىدە ـ يوسۇنىدىكى ئەدەپلىك دەپ قارالغان بېرىش ـ كېلىشلەردە كەم بولسا بولمايدىغان «قائىدە ـ يوسۇن» ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋالدىم. ماكارتنېي ئەپەندىگە ئوخشاش مۇشۇنداق جۇڭگونىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تولۇق بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ مەشىق قىلدۇرۇشى ئارقىلىق خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشتىم. ھەربىر كىچىك ھەرىكەت ۋە قائىدە ـ يوسۇن دائىم كىشىنى يات ۋە يىراق ھېس قىلدۇراتتى، بىزنىڭ ئادىتىمىز بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارىمۇقارشى ئىكەن. ئەڭ ئاخىرى قەشقەردىكى دوستلىرىمنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىپ يات «يامۇل»نى زىيارەت قىلغان ۋاقىتقا كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ نەدىلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن مۇشۇ قائىدە ـ يوسۇندىن بىرئاز بولسىمۇ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىدىغان ئىشەنچنى تېپىۋالدىم.

مەن دوتەيىنىڭ خوتەن ئامبىلىغا بەرگەن زۆرۈر، ئېنىق كۆرسەتمىسىگە ئېرىشتىم. بۇ مېنىڭ ترانسپورت، تەمىنات، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق بارلىق لازىمەتلىكلەرگە ھەمدە تولۇق

ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشىشىمگە كاپالەتلىك قىلاتتى. 18 ئاي بۇرۇن، كاپىتان دېسىينىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رايوندا بەزى يېرىم ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ توسالغۇسى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقىنى ئويلاپ، بۇ يولدا ئوڭۇشلۇق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش - بارماسلىقىمدىن، بولۇپمۇ خوتەننىڭ جەنۇبىدىن يىراق جايدىكى ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىمدىن دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن باغلىنىشلىقى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىم ئۇنىڭ بىز ئېلىپ بارىدىغان قېزىش ۋە ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتىگە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان گۇمانلىرىنى ئىشەنچلىك چىقىرىپ تاشلىدى.

مۇشۇ سۆھبەتلەردە، شۆەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» توغرىسىدىكى سۆزلىگەنلىرىمنىڭ پايدىسى بولغان ئوخشايدۇ. بارلىق مەدەنىيەتلىك جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بۇ مەشھۇر نوم ئالغۇچىنىڭ غەربتىكى بۇددا دىنى خانلىقىغا بېرىپ زىيارەت قىلغانلىق توغرىسىدىكى رىۋايەت - ھېكايىلىرىنى دېگەندەك ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان. مەن ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغاندا ھەر قېتىم «تاڭ راھىبى» تىلغا ئېلىنغاندا ئۇلاردا ئومۇميۈزلۈك تەسىر قوزغايتتى. خۇددى ئۇ بۇرۇن ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بارغىنىغا ئوخشاش، ھازىر مەن ئۇنىڭ ئىزى بىلەن شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتاتتىم. ئېھتىمال، مەن بۇتونلەي بۇ مۇقەددەس ساياھەتچىنى ئارخاتلار ئىچىدىكى ئالاھىدە قوغداش ئىلاھىم دەپ قارىغاندىمەن.

ئۇ ۋاقىتتا، ئىمپېرىيىنىڭ يىراق شەرقىدە يۈز بەرگەن سىياسىي قالايمىقانچىلىقنى ئويلىغىنىمدا، مېنىڭ دوستانە پېشقەدەم دوتەي ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى - شېتەي ياكى جياڭجۇن ھەمدە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بولغان بۇ باردى - كەلدىلىرىم كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. گىلگىتتىن ئەكېلىپ بەرگەن رېتىبىر ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراما خەۋەرلىرى،

روسىيىدىن ۋاستىلىك يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەر ئارقىلىق، بىز جۇڭگونىڭ ھەممە جايلىرىدا ئەلچىخانىلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىنغانلىقىنى، ياۋروپا پۇقرالىرىنىڭ كۈنى خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىدىغان تېلېگراف سىمى ئارقىلىق، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بۇ چوڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى خەۋەرلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، ۋەزىيەتتىن ئېنىق خەۋەر تاپقانىدى. ياۋروپا بېيجىڭدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەنلىك توغرىسىدىكى پىتنە - پاساتلاردىن ئالاقزادە بولۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا، يامۇل بىزگە خېلى كۆپ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولغان بولسىمۇ، ئەلچىخانىلارنىڭ قوغدىلىشى مۇستەھكەم بولغانلىقىنى، يەنىلا بىخەتەر ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا ئۇقتۇردى.

كۈچلۈك ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇش توغرىسىدا، 7 - ئايدا قىلىنغان پىتنە - پاسات قەشقەرنىڭ ھەرقايسى بازارلىرىدا تارقالغانىدى. مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، ئۆزئارا خۇدۇكلىنىش ۋە تەشۋىشلىنىش كەيپىياتى مۇسۇلمان ئاھالە بىلەن يېڭىشەھەر (Yangi shahr) دە تۇرۇشلۇق جۇڭگو چېرىكلىرى ئارىسىدا بىر قېتىملىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا تاس قالغانىدى. بەختكە يارىشا، جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ باش ھەربىي ئەمەلدارلىرى قوغداش ئەترىتىنى ئېلىپ، كونا شەھەرگە بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئاستا - ئاستا بېسىققان، ئەمما ئۇ شىبتەي يامۇلغا بېرىپ، بىر قول قارت ئوينىغان، خالاس. دېمىسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك توپىلاڭ (1863 – 1877 - يىللىرى) خاتىرىسى شىنجاڭدىن تېخى يوقاپ كەتمىگەنىدى، ئەمما بوستانلىقتىكى قانائەتچان دېھقانلار ھەمدە قورقۇنچاق شەھەر - بازار كىچىك سودا - سېتىقچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر زالىم «ئەنجانلىق» (ياقۇپبەگنى دېمەكچى) نىڭ ئىسلام دىنىنىڭ نامىدا ئۇلارغا

قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە قايتىپ بېرىشنى خالىمايتتى.

دوگلاس فورسىس (Douglas Forsyth) مۇشۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، ياۋروپا ساياھەتچىلىرى قەشقەرگە كېلىپ تۇردى. مەن بۇ سەپەر خاتىرەمدە چەكلىك ئابزاسلار بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن. چىنىباغدا كۆپ ۋاقىتلاردا خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولدۇم، دوستانە ساھىبخانىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنگلىيە، ھىندىستان مەدەنىيەت كىچىك ئارامگاھى مېنىڭ قەشقەرگە بولغان ئاساسلىق ئەسلىمەمنى رام قىلىۋالغان بولۇپ، ئىنتايىن ئاز بولغان سىرتقى ئالاقە بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەر كۈنلۈك ئەركىن - ئازادە ۋە خۇشال - خۇرام تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىپ تۇردۇق. شىنجاڭدىكى قاتتىق ئىسسىق ياز پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر كۈنى چۈش ۋاقتىدىكى دىمىق ئىسسىققا چىداپ بولمايتتى. ئەتىگەندىكى ساپ، سالقىن ھاۋا خىزمەت قىلىشقا بەكمۇ ئەپلىك ئىدى. مەن ھامان ھەر كۈنى سەھەردە قانۇنىيەتلىك تۇرۇپ، سائەت دەل ئالتە بولغاندا سۇپىلىق سەينادىكى ئېگىز ئاق تېرەك ئاستىدا ئولتۇرۇپ، گېزىت - كىتابلارنى ئوقۇيتتىم.

مول مېۋىلىك پەسىل ئاللىقاچان باشلانغانىدى. سالا ئېتىزلارنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلىك باغدا ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت دەرەخلىرىدىكى سانجاق - سانجاق مېۋىلەردىن دەرەخ شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەنىدى، تال بارىڭى ئاستىدىكى سالقىن سايە ئەتىگەنلىك ئاددىي تامىقىمغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى. مەن ئۈستەلگە مۈكچىيىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ شاد - خۇراملىق بىلەن ئۇلاغلىرىغا مىنىپ، مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ، سەينا بىلەن كىچىك دەريا ئارىسىدىكى يولنى بويلاپ شەھەردىكى بازارغا

ماڭغانلىقىنى ئاڭلايتتىم ياكى كۆرەتتىم، پەقەت نىلەمچىلەرلا پىيادە ماڭاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېشەك يېتىلىۋالغانلىرىمۇ بار ئىدى. بىز يىغىلىپ ھەشەمەتلىك كىچىك شىپاڭدا تاماق يەيتتۇق. ئەتىگەنلىك ۋاقىت ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ كېتەتتى، شىپاڭنىڭ تۆت ئەتراپىغا قاتار - قاتار ئاق تېرەكلەر تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەنىدى. بارلىق سەينالارغا مۇشۇ خىل شەكىلدە پۈتۈن كۈن تولۇق سايە چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە كۈندىلىك ئەتىگەنلىك گېزىت ياكى خەت - چەك بولمىغاچقا، ئۇستىلارنىڭ ئىشىغا قارشىمىغا كاشىلا بولمايتتى، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا بىمالال، تەمكىن ھالدا ئۆز خىزمەتلىرىگە بېرىلگەنىدى. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ماكارتنېي ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەينادا سەيلە قىلىپ، ئۇستىلارنىڭ رېمونت ۋە ياساش خىزمەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياكى باشقا ئەھۋاللارنى ئىگىلەيتتىم. ئارقىدىن دوستۇم ئىشخانىسىغا قايتىپ دوكلات يازاتتى ياكى ھىندىستاندىن كەلگەن ۋاكالەتچىسىنىڭ ھەر خىل تىل - يېزىقتا ئارىلاشما يازغان ھۆججەتلىرىنى باش چۆكۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى. پەنجابلىق سودىگەر، ھىندىستاننىڭ شىكاپۇر (Shikapur) دىن كەلگەن جازانىخور، لاداختىن كەلگەن ھاممال، راسكام (Raskam) دىكى كانجۇت كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر ۋاقىت مۇلكىي ساھىب (مەمۇرىي ئەمەلدارلار)نىڭ ئارىلىشىشىغا موھتاج بولاتتى، بۇ ئەمەلدارلار ئۇلارغا دادىسى، ئاكىسىغا ئوخشاش كۆڭۈل بۆلەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يىراق شىنجاڭنىڭ مەركىزىگە شۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئەۋەتكەنىدى. مەن يېزىقچىلىق ۋەزىپەمنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرغان بولسامىمۇ، دائىم چۈشتە بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئەستايىدىل موللام ئابدۇل قاسىم (قەشقەردىكى بىر مەدرىسەدىكى ئابرۇيلۇق ئالىم) بىلەن بىرلىكتە تۈركىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلاتتىم. شۈبھىسىزكى، بۇ ئاق كۆڭۈل

موللام ئەرەب دىنىي قانۇنلىرى ئىچىدىكى چۈشەندۈرۈش تەس بولغان باب - پاراگرافلارنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايتتى، ئادەتتىكى تۈركىي تىلىدىكى ئوقۇشلۇقلار توغرىسىدا سۆزلەشنى خالىمايتتى. ھەتتا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس جەڭچىسى ۋە غايە ئۈچۈن جان بەرگۈچى مۇقەددەس ساتۇق بۇغراخان[①] ( Satok Boghra khan) نىڭ پارلاق ئىش - پائالىيەتلىرى سۆزلەنسىمۇ شۇنداق ئىكەن. چۈشتىن كېيىنكى بىر ئاز ۋاقىت بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ۋاقىت ئىكەن. مەن ئادەتتە كونۇۋالغۇچى خادىمنىڭ بىر ئېغىزلىق ۋاقتىنچە ئۆزگەرتىلگەن سۈرەت يۇيۇش ئۆيىدە ئالدىنقى مەزگىللەردە تارتقان نۇرغۇن سۈرەتلەرنى يۇياتتىم، ئارقىدىن ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن، ساھىبخان بىللە يېزىنىڭ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان دەرەخلىك كىچىك يولىدا سەيلە قىلاتتىم ياكى يېڭى سېتىۋالغان ئەنجان بايتىلىغا مىنىپ ئايلىنىپ كېلەتتىم. ئەمما، ئەڭ خۇشاللىق ۋاقىت كەچلىك تاماقتىن كېيىن بولۇپ، مەن تورۇشلۇق ئۆيگە تۇتاش ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كەچلىك مەيىن شامالدا سالقىنداتتىم. مەن ئۇ يەردىن قەشقەردە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئائىلىلەرنىڭ دالا تاماقى پائالىيىتىنى كۆرەلەيتتىم، بارلىق نام - ئاتاقلىق ئائىلىنىڭ شەھەر سىرتىدا دېگۈدەك مېۋىلىك باغلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەتىگەندىلا ئۇ يەرگە بېرىپ شېرىن مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولۇشاتتى. ھازىر دەل توپ - توپ قايتىشىۋاتقان شاد - خۇرام ئەر - ئاياللارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ماڭا ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى، مېنى خېلى بۇرۇن ھۆنگرىيەنىڭ يوللىرىدا ۋە دەريالىرىدا ئاڭلىغان ئاھاڭلارنى ئىختىيارسىز ئەسلەتتى.

يېرىم ئىنگلىز مىللىي يىراقلىقتىكى رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىدىكى كازاك (Cassak) ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭ

[①] ساتۇق بۇغراخان — سۇتۇق بۇغراخان.

ئېيتقان رۇسچە ناخشا ئاھاڭلىرى مەيىن شامالغا ئەگىشىپ ئاڭلىنىپ، كىشىنى يەنە يىراقتىكى غەربنى ئەسلىتەتتى. بىز شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئاتلىق يۈرگەن ۋاقىتلاردا، ئۇلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتۇق. بىراق، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى بىلەن تونۇشۇشقا پۇرسەت بولمىدى. رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكى بۇ رايوننىڭ قەدىمىي تارىخى ۋە ئىرقشۇناسلىقىغا بەك قىزىققانتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقۇچى بولغاچقا، يېنىغا بېرىپ سالام بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، زىيارىتىمنى قوبۇل قىلالمىدى. توققۇز ئايدىن كېيىن خوتەندىن قايتىپ كېلىپ، ئاندىن بۇ ئالاھىدە تالانتلىق ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

كونسۇلخانىغا يىغىلغان ئاز ساندىكى رۇس پۇقرالىرىدىن باشقا، پوپ خېندرىكس (Hendricks) ۋە شۋېتسىيىلىك مىسسىئونېر راكۋېت (Raquette) ھەمدە ئۇنىڭ خوتۇنى قەشقەردىكى بىردىنبىر ياۋروپالىق بولۇپ، مەن ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم. خېلى يىللار بۇرۇن پوپ خېندرىكس كاتولىك دىنى مىسسىئونېرى بولۇپ، يۇرتى گوللاندىيىدىن موڭغۇلىيىگە بارغان، كېيىن قەشقەرگە كەلگەن، ئۇ دائىم چىنىباغ، رۇسىيە كونسۇلخانىسى، شۋېتسىيە مىسسىئونېرلار ئۆمىكىنى ۋە جۇڭگو يامۇللىرىنى زىيارەت قىلىشتا باراۋەر مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق خەلقئارا ئىناق ئەخلاق نىزامىنى ئىپادىلىسە كېرەك. خەير - ساخاۋەتلىك پوپنىڭ زىيارەتكە كېلىشى ھامان نورغۇن خەۋەر ۋە سۆز - چۆچەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، بۇ دائىم ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنىڭ ئەكسى بولغان ئۇچۇرلاردىن مەقسەتسىز بەزى ئاخباراتلارنى يىغقاندا، ئېھتىمال بىر پارچىمۇ يەرلىك گېزىت يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلانغان كىشىلەرگە نورغۇن تەسەللى ئېلىپ كېلەتتى.

مەن يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارغا بېرىپ قەدىمىي
قورۇلۇش خارابىلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلىپ
ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق قىسقا سەپىرىمنى ئاددىي قىلىپ
تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: قەشقەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ شىۋەنزاڭ
نەسىرلىگەن يۈزدىن ئارتۇق بۇتخانىسى بار قەدىمكى «كىشا»
(Kie sha) خانلىقىنىڭ مەركىزى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى
كۆزدە تۇتقاندا، ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇنقى
خارابىلەرنىڭ يەر يۈزىدە كۆرگىلى بولىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز
ئىكەن. كىشىنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىغىنى تۇمەن
دەرياسىنىڭ شىمالىي تىك قىرغىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاش
كېسەكتىن ياسالغان، گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن توپا دۆۋىسى بولۇپ،
چىنىباغنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1.5 ئىنگلىز مىلى
يىراقلىقتا جايلاشقاندى، شۇبھىسىزكى ئۇ بىر غايەت زور بۇد
مۇنار سۇپىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 85 ئىنگلىز
مىلى، مۇنارنىڭ ئۇلى شەرقتىن غەربكە دىئامېتىرى 160
ئىنگلىز مىلى ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەش
ئېلىپ بارغان بولسامۇ، بىراق بۇنداق چوڭ جايدىكى
گۈمۈرۈلۈپ يېرىلغان يۇمشاق توپا دۆۋىسىدە، پۈتۈن بۇددا مۇنارى
سۇپىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى تەكشۈرۈش ياكى ئۇنىڭ
مەركىزىنى بېكىتىش مۇمكىن بولمىدى. مۇنار ئۇلى يېنىدىكى
ئېتىزلىق يۈزىدىن 15 ئىنگلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلگەچكە،
بۇ ماڭا بەكمۇ ياخشى پايدىلىق كۆزىتىش بولدى. مەن بۇ يەردە
بىرىنچى قېتىم كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەكشىلىك
يۈزىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈشى ئاساسەن، لاتقىلارنىڭ
چۆكۈشىدىن بولغانلىقىدەك ئىسپاتقا ئىگە بولدۇم. بۇ مېنىڭ
كېيىن خوتەن قەدىمىي پايتەختىنىڭ خارابىسىگە بولغان
كۆزىتىشىمدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. بۇ شەھەرنىڭ
شىمالىدىكى 1.5 ئىنگلىز مىلى جايىدا مۇشۇ يەرگە ئوخشاپ
كېتىدىغان كىچىكرەك بۇددا مۇنارى سۇپىسىنىڭ توپا دۆۋىسى بار

ئىكەن، بۇ يەرنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن، ئەترابتىكى مەن بارغان خېلى زامانىۋى قىزىقارلىق جايلارنىمۇ بىرمۇبىر تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن. مىسال سۈپىتىدە، غەربىي گازارما تۈرۈشلۈق يېڭىشەھەر توغرىسىدا كۈندىلىك خاتىرەمدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن تەسىراتىمنى سۆزلەپ ئۆتەي:

ماكارتنىي ئەپەندى تەكلىپكە بىنائەن شەھەر مۇداپىئە ئەمەلدارىنىڭ ئاساسلىق يارەمچىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردى، مەنمۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو ماللىرىنى سېتىۋېلىشقا بارماقچى بولدۇم. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق، سالقىن ئىكەن، شۇڭا قۇياش بېشىمىزدا تۇرسىمۇ، ئىككى شەھەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان 8 ئىنگلىز مىللىق ئۇزۇنلۇقتىكى دەرەخلىك، كەڭ سايىلىك يولدا ئاتلىق مېڭىپمۇ، يەنىلا ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدىم. يېرىم يولدا قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ لىپمۇلىق قىزىل سۇ ئېقىۋاتقان ئارماق ئېقىنىدىن ئۆتتۇق. بۇ نەچچە كۈن بۇرۇن ئاغلىق رايوندا بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. يېڭىشەھەرگە يېقىن غەربىي شىمالىي بۇرجەكتە، يولنىڭ سول تەرىپىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، ھەيۋەتلىك بىر ئونئۈچسال قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ لىيۇ جىنتاڭغا نەزىر - چىراغ قىلىدىغان جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى خاتىرە ئىبادەتخانىسى ئىكەن. بۇ گېنېرال 1877 - يىلى ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنى قايتىدىن قايتۇرۇۋالغانىدى. قايتۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ، بۇ گېنېرالنىڭ توغقانلىرى پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەنىدى. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. خاتىرە ئىبادەتخانىسى ئاق تېرەك ياغىچىدىن ياسالغانىدى. بىز خاتىرە مۇنارىنىڭ سەيناسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئالاھىدە ھاكلىق لاي بىلەن نەقىشلەنگەن ئەگمىسىمان دەرۋازا كارىدورى ئارقىلىق ئىككىنچى سەيناغا كىردۇق. دەرۋازىغا تۇتاش ئەڭ ئىچكەركى سەيناغا سىپتا ياغاچتىن راۋاق ياسالغان بولۇپ، يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 8

ئىنگلىز مىلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىمىز. بىز بىنا سەھنىسىگە چىققان ۋاقتىمىزدا، ئويلىمىغان يەردىن ئارتىسلارنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى بولۇش ئېھتىماللىقى بار تامدا يەنە ياغاچ كۆمۈر بىلەن سىزىلغان نەپىس ياۋروپاچە نەقىشلەرنى بايقاپ قالدۇق.

خاتىرە ئىبادەتخانىسىنىڭ تۆۋرۈكلۈك، كارىدورلۇق ئۆچىنچى سەيناسىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك چوڭ زالغا كىردۇق. سەينا سىرتىدا تۇم قىزىل ۋە ئالتۇن رەڭدىكى بېغىشلىما خەتلەر بارقىراپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، بىز ئۇنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ مول ھەم مۇكەممەل ھۈنىرىگە قايىل بولماي تۇرالمىدۇق. ئوڭ، سول ئىككى تەرەپتىكى تامغا لىيۇ جىنتاڭنىڭ غەلىبە قىلىش تارىخى، سىياسىي پائالىيىتى ھەمدە شەخسىي تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بىر قاتار چوڭ تىپتىكى سىزما رەسىملەر چاپلانغانىدى. ئۇنىڭ تۇپىلاڭ كۆتۈرگەن ئۆلكىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدىكى ئۇرۇشى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىدەك ئالاھىدە، جانلىق كۆرۈنۈشلىرىمۇ بار ئىكەن. تۇپىلاڭچىلار ئارىسىدا رەھبەرلىك قىلغان ئەنجانلىق شەخس ھەدەم، ئۇرۇمچى ۋە شەرقتىكى باشقا مەركىزىي رايونلاردىكى ئىرىسى قوڭغۇر تاتارلار ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەنىدى. بىز گېنېراللىنىڭ زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆلكە باش بوغى بولۇش چوڭ ھوقۇقى بىلەن ئەسىرلەرگە جازا بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردۇق. يەنە ئۇنىڭ شەرپ بىلەن يۇرتىغا قايتقانلىقى، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەرمۇ بار ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۇلۇغ كەچۈرمىشىگە بولغان رەسىملىك چۈشەندۈرۈشىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، سىپتا نۇسخىغا ئېرىشەلىسە، ھەربىر ياۋروپا ئىنسانشۇناسلىق مۇزېيلىرىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان تۇپلاش بۇيۇمى بولاتتى. ئالتۇن يالىتىلغان ھەشەمەتلىك نەزىر - چىراغ سۇپىسى ياكى مەركىزىي زال دەپ ئاتالغان جايغا بۇ جۇڭگو گېنېراللىنىڭ كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغان غەربچە خاتىرە بويۇمى — چوڭ - كىچىكلىكى ئادەم
بويى كېلىدىغان سۈرەتنى قويۇلغانىدى.

مەن بۇ يەردە، ئاللىقاچان ئۆلگەن بۇ قەھرىمان شەخسكە ھېچقانداق جۇڭگوچە ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. بىراق، زال ئىچىدىكى نەزىر - چىراغ سۇپىسى بار تامدا ئىككى ئەپسانىۋى ھايۋاننىڭ چوڭ رەسىمى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئوڭ تەرەپتىكى رەسىمدە بۇلۇت - تۇمانلارنى پۈركۈپ تۇرغان جانلىق تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئەجدىھا رەسىمى بولۇپ، داڭلىق شەخسىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ غايەت زور ئەجدىھانىڭ پۈركىگەن تۇمانلىرىنى كۆرۈپ، قەدىمكى زاماندىكى شۆھرىتىنىڭ كىشىنى قورقۇنچ باسىدىغان ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ بوران ۋە قار - مۇز بىلەن پامىردىكى كۆپ تاغ چوققىلىرىنى قوغدىغانلىق توغرىسىدىكى تەسۋىرىنى ئويلاپ قالدىم. جۇڭگولۇقلارنىڭ تەبىئەت كۈچىگە بولغان كۆزقارىشى بۇرۇنقى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن. قارشى تەرەپتىكى تامغا سۈرلۈك يولۋاسنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، يېرىمى ئادەمگە ئوخشايدىغان، روھىي قىياپىتى بەكمۇ چۈشكۈن رەسىمنى كۆرۈپ، كۆڭلەمنى باسالماي قالدىم. مەن رەسسام بۇ ئالىي ھايۋاننىڭ ۋەھشىي قىياپىتىنى قەستەنگە بىر خىل ئۈمىدسىز، تىز پۈككەن قىياپەتتە سىزدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئىبادەتخانىغا قارايدىغان كاھىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن «بايۋەچچى» نى كۈتۈۋالدى، بۇ ماكارتنىبي ئەپەندىنىڭ جۇڭگوچە ھۆرمەتلىنىش نامى ئىكەن. كاھىن تارتىنچاق ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئاشۇ يېگانە كىچىك بۇتخانىدىكى لامالارنى ئەسلەتتى. ئۇ بىزگە راۋان قىلىپ ئىبادەتخانا بەھرىمەن بولغان سەدىقىنىڭ ھەممىسى ئۆلكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەردلىك بىلەن تەقدىم قىلىشىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇلار ليۇ جىنتاڭنى ئۆزلىرىگە بايلىق، ئەمەل ئاتا قىلغۇچى مۇقەددەس

ئۇلۇغ كىشى، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئۇنى سۈرەتكە تارتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، سۈرەتكە تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا دىنىي مۇخلىسلارغا خاس كەمتەر قىياپەتتە بولدى.

يول بويى ئاتلىق مېڭىپ يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن ئۆتتۇق. شەھەر سىرتى پۈتۈنلەي روشەن جۇڭگو ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ھەممە يەردە توپ - توپ جۇڭگو چېرىكلىرى ۋە يات ئەلدىكى باشقا مىللەت خوتۇن - قىزلىرى بار ئىكەن. ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭمۇ كۆپىنچىسى جۇڭگولۇق خەنزۇلارنىڭ ئۆزىگە ماس ماللار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھىندىستاندىكى ھەربىي گازارما بازىرىنىڭ جۇڭگوچە نۇسخىسى بولۇپ، تەرتىپ ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشىلا ئوخشىمايتتى. بۇ جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆزقاراش جەھەتتىكى روشەن پەرق ئىكەن. ئازراق ئۆزگەرتىش قىلىپ، قەدىمكى رىم قەلئەسى سىرتىدىكى سودا مەيدانىنى شەرققە يۆتكەپ كەلگەندە، ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولاتتى.

شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ماڭغان كەڭ كوچا يوللىرى ئادەمنى تېخىمۇ قەدىمكى رىم قەلئەسى ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. ھەر خىل ئاممىۋى قورۇلۇشلاردىن باشقا، ھەربىي گازارمىنىڭ ئاساسلىق بازىرىمۇ بار بولۇپ، كوچا يولى پۈتۈن يېڭىشەھەرنى جەنۇبتىن شىمالغا ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى جۇڭگو دۇكانلىرى كونا شەھەردىكىگە قارىغاندا، كۆپ رەتلىك، پاكىز بولۇپ، كىشىنى جەلپ قىلاتتى. ئەقىللىق سودىگەرلەرنىڭ زامانىۋى ئالاقىلىشىش شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىشى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. بىر سودىگەرنىڭ رەتلىك، پاكىز ئىشخانىسىنىڭ ھۆججەت جازىسىدىكى بەزى خەتلەرنى ئۇنىڭ خېنەن سودا ساھەسىدىكى دوستلىرى شاڭخەي - ھىندىستان پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. لىپاپ ئۈستىگە ئىنگلىزچە

رەتلىك ئادرىس بېسىلغان بولۇپ، پوچتا يولى كولومبو - راۋالپىندى - گىلگىت ئىكەن.

دۇكاندىن چىقىپ، دېيىشىپ قويغىنىمىز بويىچە ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ جۇڭگولۇق دوستى لىيۇ لەيچىننى زىيارەت قىلدۇق. ئۇنىڭ شەھەر مۇداپىئە شتاب يامۇلغا يېقىن جايدا ئاددىي، ئەمما رەتلىك، پاكىز، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ناھايىتى ياخشى بىر ئۆيى بار ئىكەن. ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىدىن باشقا، بىزنىڭ بۇ ساھىبخانىمىزنىڭ يەنە سەنئەتكار دېگەن ئاتىقىمۇ بار ئىكەن. بۇرۇنلا ئۇنىڭ ماكارتنىيغا سوۋغا قىلغان يەلپۈگۈچىنىڭ يۈزىگە سىزىپ بەرگەن چىرايلىق سىپتا رەسىمنى كۆرگەنىدۇق. ئۇنىڭ ھەم ئىشخانا، ھەم قوشۇمچە رەسىم سىزىش ئۆيى قىلغان كەڭ، يورۇق مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ، بۇ سەنئەتكار ھەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ نەقىشلەنگەن تېمىدىكى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن يۈكسەك رەسىمگە مەھلىيا بولۇپ ھوزۇرلاندىم. مېنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگىنىم ئۇنىڭ ماكارتنىي بىلەن بولغان قىزغىن ھەم جانلىق سۆھبىتى بولدى. شۇئەنزاڭنىڭ «يېڭى زېمىن» (New Dominions) توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمدا، سۆز قەدىمىي بولغانلىقتىن مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمىنىلا چۈشىنەلىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ ھەقىقىي تارىخ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدا شەك يوق ئىكەن. مەن بۇ تىنچ مېھمانخانىدىكى ئىلمىي ھەمدە سىپايە كەيپىياتنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئەڭ كۆڭۈللۈك خاتىرىسىنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايمەن.

## خانئۆي ۋە ئوردا پاشاھىم[1] مازىرى

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە مەن يەنە سەپەرگە

[1] ئەسلىي تېكىستتە «ئوردام پادىشاھ» (Ordam Padshah) دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

ئاتلىنىشقا تەييارلاندىم. قەشقەردىكى بەش ھەپتىلىك دەم ئېلىش ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى، بۇ مېنىڭ شەرققە سەپەر قىلىشىمنىكى ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغىلا يەتتى. بىز قەدىمىي يادىكارلىق بار دېيىلگەن خانئۈي (Khan ui) گە سەپەر قىلدۇق، بۇ بىر قېتىملىق روشەن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ مېنىڭ سەپەر ئەترىتىمگە بىر قېتىملىق پراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بەردى. تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغان خارابىلىك قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بىر كۈنلۈك يول بولۇپ، ئارىلىق ئانچە قىسقا ئەمەس ئىكەن. مەن خوتەنگە مېڭىش سەپىرىمنى باشلاشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئالدى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشى بىلەن سەل قارالغان مەسىلىلەرنى بايقىشىم ھەم تولۇقلىشىم كېرەك ئىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىمىزدىن بارلىق ئۇستىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تېزلىكتە ئورۇنداپ بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. يېقىملىق ھەم سۆيۈملۈك ساھىبخانلىرىم 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى جاكارىمغا ئەھمىيەت بەرمەي، سەپەر ئەترىتىنىڭ يولغا چىققىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى، ئۇلارنىڭ گۇمانى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مېنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگەن ياللانما ئىشچىلىرىم، ھەمراھلىرىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يىغىلىپ بولالايدىغان - بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىكەن. كىشىنى بىزار قىلىدىغان، ۋاقىت زايە بولىدىغان بۇ خىل مىساللارنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار بۇ خىل ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مەقسىتى بىزنى يەنىمۇ ياخشىراق كۈتۈش ئىكەن. ئۇ كۈنى ئەتىگىنىلا ھەمراھلىرىم ۋە تۆگە، ئات قاتارلىقلارنىڭ ھېچقانچە ئاۋارىچىلىك تارتمايلا تېزلىكتە

يىغىلغانلىقىنى بايقاپ، بەكمۇ رازى بولدۇم. تەييارلانغان يۈك - تاقلار تېزلىكتە بېسىلدى. ئۇستاملار تۈنۈگۈن كەچتە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ بولغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىتىشىنى ساقلاشقا ۋاقىت يوق ئىكەن، شۇنداق قىلىپ دوستلىرىمنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە سەپەر ئەترىتىم ئاتلىنىشقا تەييارلاندى، ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، ھەممىسى بەكمۇ ھەيران قېلىشتى.

تۆگە ئەترىتى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىكىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ، يۈك - تاقلارنى ئارتىش بىلەنلا يولغا چىقتى، كىمنىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئەتىگەنلىك تاماق تېخى يېيىلىپ بولمىغاچقا، ساھىبخانلار سەپەر ئەترىتىنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى تارتىشماقچى بولۇشقانىدى. تۆگىلەر يىراق ماڭمايلا دوستلىرىمنى يېڭى ئالغان سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىنىڭ ئالدىغا قايتۇردى. قەشقەر ھاكىمىنىڭ مېنى ئۆزىتىشقا ئەۋەتكەن بەگلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە كىيىملىرى مەيدانغا باشقىچە تۈس كىرگۈزگەنىدى.

يۈك ئارتىلغان رەتلىك تۆگە ئەترىتى، ئاتقا مىنگەن بەگلەرنىڭ قوغداش كىچىك ئەترىتى ھەممە مۇلازىمەتچىلەر ئىككى ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، مېھماندوست چىنىباغدىكى تۇرالغۇدىن ئايرىلدىم. مەن بۇنىڭ دوستلار بىلەن ھەقىقىي خوشلىشىش ئەمەسلىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى شۇنداق سەممىي كۈتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مېنىڭ ماڭىدىغان يولۇم يارباغ (Yarbagh) دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ شىمالىدىكى شەھەر سېپىلىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش ئىدى. ئارقىدىن دەريادىكى تاربوغاز[1] (Tarbugaz) كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇق. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كىچىك

[1] تاربوغاز — ھازىرقى شىنجاڭ قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىسىدىكى تاربوغوز.

چىراغ مۇنارى بار ئىكەن. بازار كونى بولمىسىمۇ، چارۋىچىلار مىنگەن، دېھقانلار ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقان ئېشەك ۋە ئاتلارنى ھەيدەپ يېقىندىكى بازاردىن سۈدەك ئۆتۈشۈۋاتاتتى. ئېھتىمال بۈگۈن باشقا جايدا بازار بولغان بولۇشى مۇمكىن. يول ھەزرىتى ئاپاق (Hazrat Apak) خوجىنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ بىر يېنىدىن ئۆتەتتى. بۇ ۋاقىتتا، مەن كارۋانلار توپىغا يېتىشىۋېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى باغلار ئارىسىدىكى سايىلىق يېزا يولى بىلەن شىمالغا مېڭىپ بەشكېرەم (Beshkarim) گە يېتىپ كەلدىم. بۇ نۇرغۇن كەنتلەردىن تەشكىل تاپقان ئولتۇراق جاي بولۇپ، يىراقتىكى نارىم (Narim) غا بارىدىغان يولغا جايلاشقان. نارىمدا 1902 - يىلى بىر قېتىملىق قورقۇنچلۇق چوڭ يەر تەۋرىگەنىدى. بىز چۈش ۋاقتىدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

مەركىزىي كەنت دائىلىق بەشكېرەم بازىرىدا مېنى كۈتۈپ نۇرغۇنىنى بىر قېتىملىق داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى بولدى. بۇ رايوننىڭ بېگى بىر خۇشخۇي قەشقەرلىك كىشى بولۇپ، رەسمىي جۇڭگو ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيىپ، «يامۇل» ئالدىدىكى قاراياغاچ ئاستىدا تۇرۇپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆپلىگەن مېۋە، چاي ۋە تاتلىق - تۈرۈملار تىزىلغانىدى. شامال ئۆتمەيدىغان پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، يەرلىك تاتلىق مېۋىلەردىن ھوزۇرلاندىم. مېنىڭ ھەمراھلىرىم ۋە مۇلازىمەتچىلىرىمگىمۇ يەتكۈدەك ئىچىملىك، چوڭ لېگەنلەردە قوي گۆشى ۋە نانلار داستىخانغا تارتىلدى. كەڭ بازار ئالدىدا ئادەم ۋە چارۋىلار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. ھەربىر كەنت باشلىقلىرى ئاتلىق كىچىك بىر ئەترەت قوغدىغۇچىلارنى يىغىپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە جاپالىق پىيادە مېڭىش پەقەت ئاشۇ كەمبەغەل بىچارە يوقسۇللارغا قالغانىدى.

بەشكېرەم بازىرىدا بىر سائەتتەك تۇرۇپ قالدىم، يۇرت - تاقلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۇتتەك ئىسسىقتا مېڭىش ھاجەتسىز

ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بىز ئاتلىق شۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋە كەنت باشلىقلىرى بىلەن بىللە شەرققە ماڭىدىغان چوڭ يولغا قەدەم قويدۇق. تەخمىنەن 8 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن يول ئەگرى - بۈگرى ئېگىز جايدىكى تېرىلغۇ رايونغا كىردى. بۇ يولنى بويلاپ، كەڭ ئۆستەڭنى ياقىلاپ ماڭدۇق. ئۆستەڭ بويىدا قاتار ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر بار ئىكەن. سائەت ئۈچكە يېقىن بىز ئانچە مۇنبەت بولمىغان جايغا كەلدۇق. مەن بۇ تېرىلغۇ يەرنىڭ ياقىسىغا ئالدىراش يېقىنلاشتىم، كۆز ئالدىمدا بىر توپ قويۇق ئۆسكەن چوڭ ئاق تېرەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ دەرەخ شاخلىرى بىلەن قورشالغان بۇۋى مەريەم خانىم (Bu<Bibi>Maryam Khanum) مەقبەرىسى ئىكەن. ئۇ شۇ يەردىكى ئىسلام دىنى رىۋايىتىدىكى مۇقەددەس قەھرىمان ساتۇق بۇغراخاننىڭ خوتۇنى ئىكەن. تۆت ئەترابى ئېگىز لاي تام بىلەن قورشالغان كىچىك ئىشىكتىن سەيناغا كىرىپ، كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان توغراق دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قەدىمىي تۆت چاسا سەينانى كۆردۈم. ئوتتۇرىسىدىكى بىر توپ چوڭ قارىياغاچ دەرىخى ئاستىدا بىر دۆۋە يېغى يېمەكلىكلەر بار ئىكەن. مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەن ئاشۇ قاقۋاش ھەمراھلىرىمغا ئوخشاش ئۇ بىر دۆۋە مېۋىلەرگە ئېتىلماي، ئايلىنىپ باغقا كىردىم. ئۇ يەردە سالقىن سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان چېغىر يول بولۇپ، كەڭ كۆلچەك ۋە توپا تامدىن ياسالغان چىرايلىق رەسمىيەت زالى ئارىسىغا جايلاشقانىدى. دەرەخلىك ئارىسىغا يېرىم يوشۇرۇنغان كىچىك قۇرۇلۇش ناۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ياتىدىغان جايى ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىرگە تۇرغانلار سەرگەردان - دىۋانىلەر ۋە ئىلاھشۇناسلىقنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىدىغان تالىپلار ئىكەن.

باغچىنىڭ يېنىدا قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ تۇرغان كەڭ

بوشلۇق بولۇپ، ھەممە يەردە بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قەبرىلەر بار ئىكەن. ئوتتۇرىدا ئاددىي، ئەمما مۇستەھكەم يۇمىلاق گۈمبەز چىقىرىلغان مۇقەددەس مەريەم ئانىنىڭ مەقبەرىسى تۇراتتى. ھەممە كىشىگە مەلۇمكى، ياقۇپبەگ (Yaqub Beg)، يەنى بەدۆلەت (Bedaulat) قاتتىق يىغىشىق خىش بىلەن ئۇنى ئىگىزلەتكەن بولۇپ، شارائىتى ياخشى بۇ قۇرۇلۇش قۇرۇلغان ۋاقتىدىن ھازىرغىچە رېمونت قىلىنمىغاندەك قىلاتتى. بۇ مۇستەھكەم قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭغا ياخشى چۈشەندۈرۈش بولاتتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ۋەيرانە تاشلاندۇق نەرسىلەر بولۇپ، لاي تام ئۆزىگە ئىشلىتىلگەن لاي، توپىلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىشكە باشلىغانىدى. قەبرىستانلىقتا بۇرۇنقى ئىخلاسمەن ئىگانە قىلغۇچىلار قالدۇرغان يەرلەر بولۇپ، شەرقنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، بارلىق ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قۇرۇلۇش ياساشقا ئىشلىتىپ بولۇپ، كەمبەغەل تاۋاپ قىلغۇچىلارغا سەدىقە بېرىشى ۋە قۇتقۇزۇشى بىر خىل تېخىمۇ جىددىي ۋەزىپە ھېسابلىناتتى.

سائەت ئۈچتە ساھىبخان ۋە يولباشلىغۇچىلار ئىخلاسلىق دۆڭلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مېۋە - چېۋە ۋە گۆشلەر راسلانغان كاتتا زىياپىتىنى ئاياغلاشتۇردى، بىزمۇ سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىز ئۈستەڭنى بويلاپ ئاتلىق يۈردۇق. بۇ ئۈستەڭ پۈتكۈل تۇزلەڭلىكنى تەمىنلىمەيدىكەن. بىز ئۇ يەردىن خانئۆي رايونىغا كىردۇق. ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرىپىدە قۇملۇق سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بەش يېرىمدا شەرق تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىك كەنتكە يېتىپ كەلدۇق. سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، زىيارەت قىلماقچى بولغان قەدىمىي خارابىلىككە بېرىپ قونۇش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، مەن كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چېدىرىمنى كىچىك كەنت يېنىدىكى بىر پارچە چوڭ ئوتلاققا تىكتىم. دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان جايدا قونۇش بەكمۇ راھەت

ئىكەن، پاكىزلىك ۋە تازىلىقنى ئويلىمىساقمۇ بولاتتى. كۈنپاتقاندا تۆگىلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قونالغۇ تېپىلغانلىقتىن بەك خاتىرجەم بولدۇم. كۈمۈشتەك ئاي نۇرى ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىدە جىلۋىلىنەتتى. ئەتراپتىكى ھەممە جىمجىتلىقتا چۆكۈپ، قۇملۇقنىڭ بىزگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەيۋەتلىك سەپەر ئەترىتىمىز قەدىمىي خارابىلىككە قاراپ ئاتلاندى. چۈشكۈنلۈكنىڭ شەرقىدىكى ئېرىلغۇ يەردىن ئۆتۈپ بولدۇق، يەنە ئالدىغا ماڭساق، ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنىڭ ئازراقمۇ ئىزناسى كۆرۈنمىدى. ئىككى ئىنگلىز مىلى جايدا، قۇياش نۇرىدا قاقلىنىپ قېتىپ كەتكەن پاكار سېرىق توپىلىق دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە قەدىمكى ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى، ئەينەك ھەمدە كۆل - داشقاللىرى چېچىلىپ ياتاتتى، شەك - شۈبھىسىزكى بۇ قەدىمىي ئولتۇراق جاينىڭ خارابىسى ئىكەن. ئەمما، باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ قېپقالغان ئىزناسى يوق ئىكەن. قۇرۇلۇشنىڭ توپا ياكى كېسەك تاملىرى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. كېيىنكى كەچۈرمىشىم ماڭا بۇنىڭ ئاساسلىقى قۇم - بوراننىڭ ئۆزلۈكسىز ئۇپرىتىشىنىڭ پەيدا قىلغان ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ ۋەيرانە قاقاس جاينى كىشىلەر ھاسانام (Hasa Tam) دەپ ئاتايتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ جاينى ھەزرىتى سۇلتان، يەنى ساتۇق بۇغراخان ۋەيران قىلغانىكەن.

مەن ساپال قاچا پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان رايوننىڭ مەركىزىدىكى ئېگىزرەك جايدا، ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نىكىلگەن چېدىر ھەمدە يېڭى يىمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇلغان داستىخاننىڭ سېلىنغانلىقىنى كۆردۈم. بىراق، بۇ راھەتلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا تېخى بالدۇر ئىكەن. يولباشلىغۇچىلار ئۈمىد قىلغان تونۇگۇنكىگە ئوخشاش مول دالا تامىقى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بۇ ئېگىز جايدىن جەنۇبقا قارىغاندا، ئۇپۇق سىزىقى

ئۇستىدە ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغان چالا ـ تۇزان قۇملۇق تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ تۇراتتى. ئەمما، غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى سېرىق توپا ۋە قۇملۇق پاكار قىرلار ئۈستىدە چىقىپ تۇرغان دۆڭنى كۆردۈم، چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان بەشكېرەمنىڭ ئاقساقىلى سوپىنىياز يېقىن ئەتراپتىكى جايلارنى پىششىق بىلىدىكەن، ئۇ بۇ ئالاھىدە توپا دۆڭنى تىلغا ئالغاندا، يەرلىكلەرنىڭ ئادەتتە قەدىمكى قورۇلۇشلاردىن شەكىللەنگەن دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شەرقتىكى ئۇپۇق سىزىقى ئۈستىدىكى توپا دۆڭگە ئاتلىق ئۈچ ئىنگلىز مىلى مېڭىپ يېتىپ باردىم. ئارمىنىمغا يېتىپ بىر بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسىنى كۆردۈم، تارىخى ئۇزاق بولغانلىقتىن، ئۇ بۇزۇلۇپ كىچىك توپا دۆڭگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەمما، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قەۋەتنىڭ بىرنەچچە جايى ئېچىلىپ قالغانىدى. كەينىدىن توپا دۆڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەكشىلىك يۈزىدىن ئېگىزرەك جايدىكى تۆت چاسا سەينانىڭ خارابىسىگە باردىم، ئۇنىڭ دائىرىسى 260×170 ئىنگلىز مىلى بولۇپ، شۈبھىسىزكى بۇ ئىلگىرى بۇددا مۇنارى تەۋە بولغان بۇتخانا ئىكەن.

مەن خارابىلىكتە ئەمدىلا ئاددىي تەكشۈرۈشنى باشلىشىمغا شىمال شامىلى چىقىپ، ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىشكە باشلىدى، دەسلەپتە كۆزگىلى بولىدىغان يىراقتىكى تاغ تىزمىسى ئۇزاق ئۆتمەي قويۇق چالا ـ تۇزان ئىچىدە قالدى، مەن دەسلەپتە ئېنىق تونۇيالمىغان توپا دۆڭمۇ تاغ تىزمىسىغا ئوخشاشلا كۆرۈنمەي قالدى.

ئەمما، يولباشلىغۇچىلىرىم ئۇلارنىڭ ئورنىنى پىششىق بىلگەچكە، توپا دۆڭدىكى خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي شىمال تەرەپتىكى توپا دۆڭگە قاراپ ماڭدىم، قوم بورىنىغا قارشى ئاتلىق تۆت ئىنگلىز مىلى مېڭىپ ئاخىر چىدىيالماي قالدىم، ئەمما كۆز ئالدىمدا بىر خىل

قىزىقارلىق يەر تۈزۈلۈشى كۆرۈندى. ئويلىمىغان يەردە بىر تىنىك دەريا قىنىغا كېلىپ قالدىم، ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنىدى. يولباشلىغۇچىلار ماڭا تاغدا قاتتىق يامغۇر ياغقاندا، بۇ چوڭقۇر جىلغىدا ئازراق سۇ ئاقىدۇ، دېيىشتى. قاراشقا، ئەڭ كەڭ يېرى تەخمىنەن 500 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بۇ دەريادا بۇرۇن چوقۇم ئۇلۇغ سۇ ئاقاتتى. چۈنكى، بۇ ئېنىق ھالدا قەدىمكى يېزا - كەنتلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ دەريا ئىكەن.

ئاتلىق كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز چاڭ - توزان ئارىسىدىن خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بۇددا مۇنارىنى كۆردۈم، ئۇ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە نىسبەت جەھەتتە ئافغانىستان چېگرىسى ۋە شىمالىي پەنجاب رايونىدىكى بۇددا دىنى خاتىرە مۇنارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك تۆت چاسا شەكىلدىكى مۇنار سۇپىسىدا تىكلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېرىم شار شەكىلدىكى مۇكەممەل يۇمىلاق تورۇسىنىڭ ئېگىزلىكى 40 ئىنگلىز مىلىغا يېقىن ئىكەن. مۇنارنىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇزۇنلۇقى خېلى بار، بۇزۇلۇشى خېلى ئېغىر بولغان تۆت چاسا توپا دۆڭنى كۆردۈم. بوران - يامغۇرنىڭ ئۇپرىتىشىغا ئاز ئۇچرىغان بىر تەرىپىدە بىر قاتار ئۈچ بۇد تەكچىسى شەكىلدىكى كىچىك ئۆينىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇددا مۇنارىغا تەۋە بۇتخانىنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئىككى قۇرۇلۇشنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈز سۇپا ئاستىدا بەزى كىچىك قۇرۇلۇشلارنىڭ پاكار گۇمۇرۇلۇپ بۇزۇلغان تېمىنى تاپقىلى بولاتتى.

بەشكېرەمنىڭ ئاقساقىلى بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: كىشىلەر بۇ جاينى مورى تىم (Mauri Tim) دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ، بۇ «ئەگمە تۆپىلىك»، يەنى بۇ مۇنار رىۋايەتلەردىكى «چىن ماچىن پادىشاھى»نىڭ كۆزىتىش مۇنارى، ئۇ ئىلگىرى بۇ قەدىمىي شەھەردە تۇرغان، كېيىن ھارۇن بۇغراخان (Harun Boghra Khan)

بۇنى بۇزۇۋەتكەن، دەپ قارايدىكەن. شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ مۇنار ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى ياسالغان دەپ قارايمەن. ئۇنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىدى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ غەربىي يۈزىدە بىر تال چوڭقۇر كامار بارلىقىنى بايقىدىم. بۇنى بەلكىم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى كولىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ كامار يېرىم شار شەكىللىك ئۆگزىنىڭ مەركىزىدىن ئويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچكى ھالىتى خۇددى مەن تەكشۈرگەن سۋات (Swat) ۋە بۇنېر (Buner) دىكىگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۆت چاسا شەكىللىك ئۆي بەلكىم نەرسە - كېرەك ساقلاش ئورنى بولسا كېرەك. ئۆي يۇمىلاق ئۆگزىگە يېقىن بولۇپ، تۆۋەن تەرىپى تار، تىك قۇدۇق، مۇنار سۇپىسىغا تۇتىشىپ تۇراتتى.

ناچار ھاۋا رايىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر ئاز بولغاچقا، تۆۋەن تەرەپنى زىچ چۆرىدەپ تۇرغان يۇمىلاق تامنىڭ ئۈلىدىكى قاتار - قاتار تۈۋرۈكلەر يەنىلا مۇكەممەل ساقلانغانىدى. گەرچە بۇ ياغاچلارغا 1000 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇغىنىغا بىرنەچچە ھەپتە بولغان يۇلغۇن ياغىچىغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانداق ئالامەتنى سەزگىلى بولمايتتى.

ئۇ كۈنى بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، ئۆلچەش - سىزىش ئىشىمىزنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتتى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، خانئۆيدىن قايتىپ كېلىپ مىنزۇلا ۋە تېئودولىت بىلەن بىر كۈن ئىشلىدىم ھەمدە قېپقالغان ئۆلچەش خىزمىتىنى تاماملىدىم. ئەتىسى مورى تېمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تەخمىنەن 8 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى ئەسكى بىر كىچىك كەنتنى قونالغۇ قىلدىم. مەن چېدىرنى ئۈزۈم تېلى بىلەن شاللىقنىڭ ئارىسىغا جايلاشتۇردۇم. مورى تېمىدىن

قايتىش يولىدىكى تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا تەخمىنەن 22 ئىنگلىز مىلى كۆلەمدىكى بىر غەلىتە ئىمارەتنى تەكشۈردۈم. ئۇنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، تاختايدىن قوپۇرۇلغان قېلىن توپا تام كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كەپتەرخانا (Kaptar khana) بولۇپ، 10 ئىنگلىز دىيۇيم كېلىدىغان كىچىك كاتەكلەرگە ئايرىلغانىكەن. تامنىڭ ئىچىدىكى يەردە ئادەمنىڭ پارچە - پارچە سۆڭىكى تۇراتتى. بۇ تاشلاندۇق ئىمارەتتىن ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ئۇنىڭ قايسى يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسە تېپىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، كىشىگە جەسەت كۆلى ساقلايدىغان ئورۇندەك غەلىتە تۇيغۇ بېرەتتى. بۇددا مۇرىتلىرى ياكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئادەمنىڭ سۆڭىكىنى بۇنداق ساقلايدىغان ئادەت يوق ئىكەن. ئۇنداقتا، شۇنداق ئېھتىماللىق بارمۇ - يوق؟ بۇنداق ئىزنا ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە مەلۇم ساندا بولۇشى مۇمكىن.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم ھەمدە رام سىڭگىنى شەرقىي جەنۇب تەرەپنى ئۆلچەپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. بۇ قېتىملىق كىچىك كۆلەمدىكى ساياھەت ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشى مېنى تولىمۇ شادلاندۇردى. خانئۆيگە بېرىش سەپىرىدە، سەپەر جابدۇقلىرىمنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم. بولۇپمۇ تۆگە كەملىك قىلدى. بەزى جانىۋارلار ياخشى ئېگەرلەنمىگەچكە، يېغىر بولۇپ كەتكەنىدى، ساندۇقمۇ ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، بىرنەچچە سېيۋەت ئېلىۋېلىش كېرەك ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەمچىلەرمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئىككى كۈن جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ۋە سەپلەش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چېدىرلىرىمنى تۆگىگە ئارتىپ خانئېرىق (Khan arik) قا قاراپ يولغا چىقتىم. رام سىڭ خانئۆيدىن ئۇدۇللا شۇ يەرگە باردى. 9 - ئاينىڭ 11 -

كۈنى ئەتىگەندە، مەن قەشقەردىن چىقىپ پاركەنت ئارقىلىق خوتەنگە ماڭدىم. ئۇ يەر مەن تەكشۈرمەكچى بولغان جاي ئىكەن. ماڭىدىغان چاغدا ھېچقانداق كاتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىدى، ئاخىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ھېچقانداق ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىمىدى. پەقەت يولغا چىقىدىغان كۈنى ئاخشىمى ماكارتنىي ئەپەندى مېنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغاندىلا، ئاندىن مەن بۇ يەردە ماڭا تولىمۇ تونۇش بولغان بارلىق ياۋروپالىق كىشىلەرگە «خەير - خوش» دېيەلىدىم.

11 - كۈنى ئەتىگەندە، ساھىبخانلار بىلەن خوشلاشتىم، قەشقەردە خېلى ئۇزاق تۇرغاچقىمىكىن، ئۇلار ماڭا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلدى ۋە ياردەم بەردى. بۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. چىنىباغدىكى قورۇدا نۇرغۇن كىشى مېنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماكارتنىي ئەپەندىنىڭ شۇ جايدىكى مەسلىھەتچىسى ھەمدە بەزى ئالاقىدار كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

پاركەنتكە بېرىشتا، مەن دائىم ماڭىدىغان چوڭ يولنىڭ شەرقىدىكى يول بىلەن ماڭدىم ھەم قۇملۇق ئارقىلىق داڭلىق ئوردا پاشاھىم مازىرىغا باردىم. گەرچە بۇ يەرگە بېرىشتىن ئىلگىرى سىر دوگلاس فورسىسنىڭ ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىللە دوكتور سۋېن ھېدىنمۇ بۇ يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مازارنىڭ ئورنىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرەلمىگەن. شۇڭا، بۇنداق يەر شەكلىنى بىلىۋالىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشىپ ھەمدە بۇ قېتىمقى قىسقا مۇددەتلىك سەپەردە دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېيىنكى ئۇزۇن مۇساپىگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈشتە ئايلىنىپ يول يۈرسەممۇ ئەرزىيتتى. دەسلەپ چوڭ يولنى بويلاپ تۆگىگە مىنىپ بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى مېڭىپ «يېڭىشەھەر»گە يېتىپ كەلدىم. ئەمدىلا قىزىق بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قورغان سېپىلى تۈۋىدە، مۇشۇ قورغاندا تۇرۇشلۇق بىر توپ ئەسكەرلەرنى كۆردۈم. مەن ھېچقانداق ئاۋارىچىلىككە يولۇقمايلا بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىغان، توپا - چاڭ ئۇچۇپ

تۇرغان بازاردىن ئۇچۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتىم. ماڭا غەمخورلۇق قىلغان جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بەگنى ماڭا يولباشلىغۇچى قىلىپ قويدى. كەنتتىكى تار يوللاردا ماڭدۇق، يولدا بۈك - باراقسان ئۆسكەن تېرەك ۋە سۆگەتلەر بىزگە ھەمراھ بولدى. قەشقەردىن 12 ئىنگلىز مىلى نېرىسىدىكى ياندۇرما (Yondurma) غا كېلىپ تاشمىلىقتىن يامانيارغا قاراپ ئاقىدىغان دەريادىن ئۆتتۇق. ئالدىمىزدا كەڭ كەتكەن شال ئېتىزلىرى بىلەن چۆپلۈك بار ئىكەن، بۇلار نۇر شەكىللىك ئۇششاق ئېرىقلار بىلەن سۇغىرىلاتتى. مەن داڭگالچى (Dangalchi) دىكى دەرەخ سايىسىدا بىردەم ئارام ئېلىپ، قەشقەردىن 28 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتىم.

بىز ماڭغان بازار خانئېرىق بەش يېزا - بازارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن. بۇ يەردىن سورۇشتۇرۇش ئارقىلىق بىزنىڭ چۈشكۈنىمىزنىڭ بۇ يەردىكى «دۈشەنبە» بازاردىن «يەكشەنبە» بازارغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۇق. كېيىنكى بازار شەرق تەرەپتىن 10 ئىنگلىز مىلى نېرىدا ئىكەن. ئارىلىقتىكى يول ھەم يىراق، ھەم ئىسسىق بولغاچقا، بىز ئانچە قارشى ئېلىنمايتتۇق. يۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. قاش قارايغاندا يەنە ئالتە ئىنگلىز مىلى يول ماڭدۇق، خانئېرىقتىكى تار، ئۇزۇن قاقاس يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر توپ سالاپەتلىك كىشىلەرگە يولۇقۇپ تولىمۇ ھەيران قالدۇق.

ئەسلىي ئۇلار شىكاپۇردىن خانئېرىققا ئۆسۈمگە قەرز بەرگىلى كەلگەن ھىندىستانلىقلار بولۇپ، خوجايىنىنى قارشى ئالغىلى كەلگەنىكەن. ياۋروپانىڭ قىشلاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇشۇنداق بوستانلىقتا ئۇچرىشىپ قېلىش تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىكەن. ئۇلار پەنجابتىكى گۈللەنگەن بىر نەبىقىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. گەرچە بۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ھېيداشلىق تۇيغۇسى كەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆيدىن يىراق جايدا قەتئىي بوشاشماي، قىلچە قانائەت قىلماي تەۋەككۈلچىلىك

قىلىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش روھىغا ئىگە كىشىلەر ئىكەن. شۈبھىسىزكى، شىكاپۇر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاقىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. XVIII ئەسىردە، فورستېر (Forster) ئۇلارنىڭ ئۆسۈمگە قەرز بېرىش سودىسىنىڭ سەمەرقەندكىچە، ھەتتا كاسپىي دېڭىزىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى بايقىغان. شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن ھىندىستاننىڭ سودىسى يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاستا - ئاستا جەلپ قىلغانىدى.

يەكشەنبە بازارغا يېقىنلاپ قالغاندا، مېنى قارشى ئالىدىغانلار قەيەردىن ئۇققان، خانىئېرىقلىق ۋە شىكاپۇرلۇق بولۇپ 18 ئادەم چىققانىدى. ھىندىستاننىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزگە تايىنىش پەقەت دېھقانچىلىق رايونلىرىدىلا بار ئىكەن. گەرچە بۇ يەرنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ قەرزى يىلدىن - يىلغا تۈگىمەيتتى. ماڭا ئىچكى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنلەر بۇ كەسىپتىن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ئېتىراپ قىلىشتى. يېقىنقى سەككىز يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار قىسقا مۇددەت تۇرۇش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. كۆپ قېتىم ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆسۈمى بىلەن پايدىسىنىڭ نورماللىقىنى ئىگىلىدىم. بۇ ئۆسۈم ھىندىستاننىڭ يېزىلىرىدا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بەرگۈچىلەرنىڭكىدىن ئاز بولىدىكەن. بۇ چوقۇم يۇقىرى پايدا ئېلىش ئارقىلىق تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئاخىرى ئۈزۈلمەي شىكاپۇرلۇق بانكىرلارنىڭ بىخەتەر ئىشكابىغا كىرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىسى ئىكەن. شۇڭا، مەن قارشى ئالغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ماكارتنېي ئەپەندى دەپ تەرىپلىشىدىن ھېچقانداق ھەيرانلىق ھېس

قىلمىدىم.

مەن چېدىرنى بەگنىڭ بېغىغا تىكتىم، ئۇ يەر تولىمۇ كەڭ ۋە جىمجىت ئىكەن. ئۇزۇن سەپەردىن كېيىنكى جىمجىت بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. ھىندىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇلار ماڭا دالى مېۋىسى ۋە كەمپۈت بەردى، مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئانار، ئۆرۈك ۋە ياسىغان كەمپۈتلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن ئارام ئېلىشقا قايتىپ كەتتىم. شۇ خىل كەسپتىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئاقسۇدىن كەلگەن باي بانكىر پارماناد (Parmanad) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۆز رايونىدىن بۇ يەرگە قەرز سۈيلىگىلى كەلگەنىكەن. ئۇ ماڭا ئاقسۇدا پۇل ئالماشتۇرۇشتا ئاۋارىچىلىككە يولۇقمايدىغانلىقىمغا كاپالەت بەردى.

ئەتىسى ئۇردا پاشاھىم تەرەپتىكى خانئېرىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەڭ ئاخىرقى كەنت ئاچچىق (Achchik) قا قاراپ ماڭدىم. گەرچە 12 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يول بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا يولدا تىك قىيالىق دەريا قىنى بار ئىكەن. بۇ تۆگىنىڭ مېڭىشىغا توسالغۇ بولدى. يامانياردىكى لەڭ - لەڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەك خېلى قىيىن ئىكەن، تۆگىنىڭ ئۆتۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بىز شالاڭ ئۆسكەن سۆگەتنىڭ سايىسىدا سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتتۇق. ئات - ئۇلاغلار تولىمۇ ئەزمىلىك بىلەن يېتىپ كەلگەندى، كېيىن يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ ئايرىم - ئايرىم يۈرۈپ كەتتۇق. ئاخىر دەريانى بويلاپ بىر ئىنگلىز مىلى مېڭىپ دەريادىن ئۆتىدىغان بىر جايغا كەلدۇق، ئۇ يەر ئانچە تىك ئەمەس ئىكەن. ئۇلاغلارنى بىرمۇبىر يېتىلەپ دەريادىن ئۆتۈش خېلى تەسكە توختىدى، ئۇلارنى سۇغا يېتىلەپ ئەكىرسەك، سۇ ئۈزۈش ماھارىتى بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولۇپ چىقتى. ھەر قېتىم شۇ يەرلىك ئىككى كىشى بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولۇپ سۇغا كىرىپ، بىزگە

يولباشلاپ ماڭدى. مېنىڭ ئۇلاردا 700 روبلىيە قىممىتىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىم بولغاچقا، بۇ ماڭا نىسبەتەن جانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتەك بىلىندى. ئۈچ سائەتتىن كېيىن بىزنىڭ ئەترەت قايتىدىن سەپەرگە ئاتلاندى.

ئاچچىققا بارىدىغان يولدا ئېتىزلارنى ئارىلاپ يەنە قاقاسلىق يەرلەردىن ماڭدۇق. بۇ بىزنىڭ قۇملۇققا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن، ئاچچىق كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان جاي ئىكەن. كەنت باشلىقى ئۆيىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى خېلى ئازادە بولۇپ، ئاپئاق ئاقارتىلغان تامغا خوتەن گىلىمى ئېسىلغانىدى. لېكىن، ئۆي سەل قاراڭغۇ بولغاچقا، ھاۋامۇ ياخشى ئۆتۈشمەيتتى. شۇڭا چېدىرنى ئەمدىلا ئورۇلغان بېدىلىككە تىكتىم. بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك بىر ئاخشام بولدى. يىراقتا بۇغدايلىق ۋە شاللىق بار ئىكەن. ئۇلارنى تېرەك بىلەن ئۈجمە دەرىخى ئوراپ تۇراتتى. بۇ ئېتىز مەنزىرىسى خۇددى مەن تۇرغان ھۇنگرىيىنىڭ مۇنبەت تۈزلەڭلىكلىرىگە ئوخشايتتى.

ئاچچىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ، يەنى بىر تاشلاندۇق جاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇ يەر شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قۇملۇقتا جايلاشقانىكەن. بىزگە بۇ گەپنى ئېيتىپ بەرگۈچى گەرچە بۇ يەر بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرگە مەن تۇرغان چۈشكۈندىن ئوردا پاشاھىمغا بىر كۈندە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى. شۇڭا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە زىيارەت قىلىشنىڭ ئورنى يوق ئىكەن. ئۇ يەردە ھازىرقىدەك ئىمارەتلەر بولمىسىمۇ، لېكىن كېسەك دۆۋىلىرى ۋە ساپال پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان جاي بار ئىكەن. شۇڭا، مەن ئەترەتتىكىلەرنى يولباشلىغۇچىنىڭ يولباشلىشى بىلەن جەنۇبتىكى قۇملۇقتىكى قەبرىستانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ مېڭىشقا بۇيرۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەنە بىر

يولباشلىغۇچى ۋە ياردەمچى ئۆلچەپ سىزغۇچى خادىم بىلەن سائەت سەككىزدە، ئۆگمىلىك قەدىمكى شەھەر بايخان (Baikhan) دېگەن جايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ئاچچىقتىكى ئېتىزلاردىن يىراقلاشتۇق، بىز كەڭ كەتكەن توغراقلىق بىلەن قاپلانغان قۇملۇقتا ۋە سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىككە قەدەم باستۇق. جەنۇبىي تەرەپتىكى نەخمىنەن تۆت ئىنگلىز مىلى نېرىدىكى غېرىبانە قۇرۇز (Khuruz) دېگەن كەنتكە بارغۇچە يولدا نە ياۋايى ھايۋان، نە ئادەمزات يوق ئىكەن. بىر كىچىك ئۆستەڭ بىرنەچچە ئائىلىنى ۋە ساناقلىقلا ئېتىزلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. يەنە تۆت ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر قاقاسلىق جاينى كېسىپ ئۆتۈپ نورۇنام (Nurunam) غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئىككى چوپاننىڭ كونا كەپىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۇق، ھەربىر دەرەخ بۇ جىمجىتلىقتا چۆمگەن تۈزلەڭلىككە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا، يول ئۈستىدە مىنزۇلا[1] بىلەن ئورنىمىزنى ئېنىقلاش ئانچە تەس بولمىدى. قاق چۈش بىلەن تەڭ ھاۋامۇ ئىسسىپ كەتتى. بىز يەنە سازلىقتا تۇتاشقان قاتار - قاتار ئۆيلەر بار بەكتۇرۇق (Bekhtauruk) قا كەلدۇق. بىر كىچىك ئۆستەڭ بۇ سازلىقتا قۇيۇلىدىكەن، ئەمما بايخان دېگەن جاينىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، بۇنىڭدىن ئارىلىقنىڭ خاتا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىپ ئىزدەش ياكى كەچتە قۇم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ ئوردا باشاھىمغا بېرىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىكەن. شۇڭا، مەن بۇ سەپەرنى تاشلاپ ئۇدۇل قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدىم، ساياھەت ئەترىتىمىنىڭ مەندىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ بولىدىغانلىقىنى پەملىدىم.

بىز بىر چوپاننى يولباشلىغۇچىلىقتا ياللاپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بارا - بارا قۇملۇق تاغنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتۇق.

---

① مىنزۇلا — بىر خىل ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابى.

بىر يېرىم سائەت يۈرگەندىن كېيىن، رەسمىي قۇملۇققا قەدەم باستۇق. بارلىق چاتقاللىق كەينىمىزدە قالدى، كۆز نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قۇملۇقتا قومۇشلار ھەممە جەنۇب تەرەپتە چەكسىز قۇملۇق بار ئىكەن، قۇملۇقتىكى بارخانلار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆرۈنەتتى. يىراقلارغا نەزەر سالساق، تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا قارايغان پاكار بىر تاغ پەيدا بولدى. بۇ خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغان جاي ئىكەن. بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر رەت ئېگىز تۆۋرۈكلەر بولۇپ، ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقەددەس بەلگىسى ئىكەن. يىراقتىكى بۇ بەلگىگە قاراپ، ئاندىن ئۇردا پاشاھىمنىڭ ئورنىنى ۋە باشقا يەنە دوسبۇلاق (Dostbulak) مازىرى، سۇلتانىم (Sultanim) مازىرى ۋە قىزىل جايىم (Kizil Jaim) مازىرىنىڭ ئورنىنىمۇ بېكىتىۋالدۇق.

يولباشلىغۇچىغا ئەگىشىپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تاۋاپ قىلغۇچىلار ماڭغان چوڭ يولغا چىقتۇق. ئەتراپتا بىر كىچىك ساراي بولۇپ، ئۇفتۇ لەڭگەر (Uftu Langar) دېيىلىدىكەن. ئەمما، ئۇ يەردە بۇرۇن ماڭغان كارۋان ئىزى چېلىقمىدى. ئۇزۇنغىچە تىت ـ تىت بولۇپ ساقلاش بىلەن ساياھەت ئەترىتى ئاخىر يىراقتىكى قۇم تاغنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى، كۆڭلۈممۇ جايىغا چۈشتى، ئەمدى ئۇزاق ساقلىمايدىغان بولدۇق. شۇنداق قىلىپ، گۇگۇمدا يەنە سەپەرگە ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم.

يولدا قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، يولمۇ ماڭغانسېرى قىيىنلاشتى، غۇۋا يورۇقتا يېرىم ئاي شەكىللىك بارخانلارنى تەسلىكتە كۆرگىلى بولاتتى. بارخانلار ئارىسىدىكى ئويمان يەر تولىمۇ قاتتىق ھەم شورلۇق بولۇپ، 30 – 40 ئىنگلىز مىلى مېڭىپلا، خېلى ھېرىپ قالدۇق. قۇم بارخانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان، يېرىم ئاي شەكىللىك بارخانلار بولۇپ، تىك

قىيالىرى بىردەك شەرقىي جەنۇبقا قىيسايغانىدى. تەخمىنەن بەش ئىنگلىز مىلى يۈرگەندىن كېيىن، قۇم يۆتكەلگەن جايغا باردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن نىشانلىق جايغا يېتىپ باردۇق.

بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئېتىپ باقساق شۇنداق تۈزلۇق، ئەتراپتىكى سارايمۇ شۇنداق كونا بولغاچقا، دەرھال قوزغالدۇق. تەخمىنەن يېرىم ئىنگلىز مىلى نېرىدىكى قۇملۇق قەبرىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان كىچىك كەپە ۋە ئۆيلەرنى كۆردۈم، بۇلار مەخسۇس قەبرىستانلىقتا قارىغۇچىلارنىڭ تاۋاپ قىلغۇچىلارنى تەمىنلەيدىغان تۇرار جايى ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى پاكىز تازىلانغان بىر ئۆيي بىزگە بېرىلدى. ئۇلاغلارغىمۇ ئوت - چۆپ، سۇ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايغا چېدىرىمنى خاتىرجەم تىكتىم. ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن كەچ سائەت سەككىزلەر بولغاندا، نەرسە - كېرەكلەر يېتىپ كەلدى. كېچە، قۇملۇقنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ساپ بولۇپ، شەرقتىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئارام ئالدىم، بۇ ۋاقىتتا مەن بىر كۈنلۈك يول ھاردۇقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

ئەتىگەندە تۆت ئەتراپنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. چېدىرىمنىڭ ئالدى - كەينى تەرەپتە پۈتۈنلەي كۆچكەن قۇملارنىڭ ئىزى بار ئىكەن، ئەتراپىدىكى كونا ئۆيلەر، ياتاقلار ئوخشاشلا بىر خىل سېرىق توپا رەڭگىدە ئىكەن، ھەتتا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشىمۇ سارغۇچ نۇر چېچىپ تۇراتتى. كىيىملىرىمۇ، چېدىرىممۇ شۇ خىل رەڭگە ماسلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلدىم. مەسچىتنىڭ كەينىدە 35 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن مەن بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۇزاقتا بارماي بۇ ئىمارەتنى كۆمۈپ تاشلاش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، بۇ بىزنىڭ مېنزىلا

بىلەن بۇتۇن قىسمىنى ئۆلچىشىمىزگە قولايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇرۇپ مەسچىتنىڭ شىمالىي تەرىپىدە لەڭگەر ۋە مۇقەددەس قەبرىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق، بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى، قولىمىزدىكى خەرىتىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىقى بەلگىلەر ئارقىلىق ئوردا پاشاھىم مازىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېرىم گرادۇس پەرق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق.

قارىماققا كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان شەيخ بىزگە ئەگىشىپ قۇم بارخىنىغا چىقتى ۋە بىزگە سۇلتان ئارسلان بۇغراخاننىڭ بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا بۇ تۇپراقتا شېھىت بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. ئەڭ ئاخىرى غەلىتە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، شېھىت بولغانلارنىڭ جەسىتى مەككىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشىشىپ قاپتۇ، جەسىتىنى قۇم يۇتۇپ كېتىپتۇ. غەربتىكى يېرىم ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى جايدا، ئېگىز تېرەك خادىسى بۇ مۇقەددەس پادىشاھنىڭ شېھىت كەتكەن جايىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. مۇشۇ رايوندىكى بارلىق قەبرىگە تىكىلگەن خادىلارغا ئوخشاش، ھېلىقى خادىغا تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى سۈپىتىدە قىزىل تۇغلار ۋە ھەر خىل لاتىلار باغلاپ قويۇلغانىكەن. مازارغا بارىدىغان يولدا بىر ئۆيمان يەر بولۇپ، ئۇ يەردە شەيخ ئىشلىتىدىغان بىر قۇدۇق بار ئىكەن، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى سۇلتاننىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىشىدىكەن، ھازىرقى ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ غەربىدە پاكار بىر تام بار بولۇپ، قارىماققا بۇرۇنقى كەنتنىڭ ئىزناسىدەك قىلاتتى. ئۆيىنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ خارابىلەرنى قۇم بېسىپ كەتكەن، قۇم بارخانلىرى شەرقىي جەنۇبقا يۆتكەلگەندە، ئۇلار يەنە يېڭىۋاشتىن ئېچىلىپ قالغان.

گەرچە بۇ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولسىمۇ، لېكىن ھەمراھلىرىم بۇ يەردىن تېز كېتىشكە ئالدىرايتتى، شۇڭا مەن ئوردا پاشاھىم مازىرىدىن يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا،

ئەترەتتىكىلەر ئاللىبۇرۇن مەندىن يىراقلاپ كەتكەنىدى، ياركەنتتىن ئۆتۈشتە جەنۇب تەرەپنى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇقتا يەنە بىر مۇقەددەس جاي ھەزرىتى بېگىم (Hazrat Begim) قەبرىگاھى بار ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىشتا تونۇگۇنكىدىنمۇ كۆپ جاپا چېكىشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى، بۇ يەردە تۇتاش كەتكەن قۇم بارخانلىرى بار ئىكەن. قايسى نىشان بويىچە مېڭىشتىمۇ خېلىلا قىيىنچىلىق بار ئىكەن. ئۇ يەردە ئۆزۈنىسىغا سوزۇلغان قۇملۇق ئايرىۋەتكەن تار يول بار ئىكەن.

بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تاغ تىزمىسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، قۇم بارخانلىرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ، ئاخىرىدىكى قاتتىق سېرىق تۇپراق تېخىمۇ چوڭايغىلى تۇردى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. يىراقلارغا نەزەر تاشلىساق، تېخىمۇ ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، قۇملۇقتىكى تۈزلەڭلىك 3000 ئىنگلىز مىلىدىن چوڭ ئەمەس ئىكەن. شېغىل قاپلىغان يانتۇلۇق يۈزىدە بىر خىل غەلىتە دەز كەتكەن يېرىق بولۇپ، بۇ قۇم - بورانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىر قىلىشىدىن شەكىللەنگەن يانتۇ تەكشىلىك خۇددى بىرسى سۈپۈرۈپ قويغاندەك تولىمۇ پاكىز بولۇپ، ئۇ يەردىن ئاللىقانداق گرانىت تاش پارچىلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى.

تاغ دۈمبىلىدە، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا يول كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئۇلۇغ نىشان (Ulugh Nishan، يەنى ئېگىز خادىلار) بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئارسلانخان مۇشۇ جايدا ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇقەددەس بەگكە ئاخىرقى دۇئاسىنى قىلغانىكەن. بەگنىڭ قەبرىسى غەربىي جەنۇب تەرەپتە بولۇپ، كۆرگىلى بولاتتى. يانتۇلۇقنىڭ يەنە بىر تەرىپى تولىمۇ تىك بولۇپ، قۇم كۆچمەيتتى. ھايال بولماي، ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇق. ساياھەتچىلەر ھەزرىتى بېگىمدە تولىمۇ ئاز تۇراتتى، چۈنكى تۇبا لايدا ياسالغان قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا پەقەت شەيخلەرنىڭ

بىرنەچچە ئېغىزلىق كەپىسى بولۇپ، قۇم ئۈستىدە ئادەم ئۇستىخانلىرى ۋە ئەخلەتلەر چېچىلىپ ياتاتتى، تۆگە 10 ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن ھالسىراپ قالدى. ئەمدى باردىغان جاي قىزىل (Kizil) ئىكەن، يول ئۇزۇن ھەم جاپالىق بولغاچقا، بىز چېدىرنى قەدىمي قەبرىنىڭ يېنىغا قۇردۇق. يېنىمىزدىكى بۇلاقتىن چىققان سۇنىڭ تەمى تولىمۇ قىرناق ئىدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەتىگەندە، مەن كەڭ دالىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بارا - بارا قاتتىقلىشىپ كېتىۋاتقان چاتقاللىق جايغا كەلدىم. تەخمىنەن تۆت ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى سادىق لەڭگەر (Saduk Langar) دېگەن جايدا بىر كىچىك بوستانلىقنى كۆردۈم ھەم ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدىم. بۇ يەر ناۋاپ قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن ۋەخپە يەر ئىكەن. بىز خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇق. ئات - ئۇلاغلار بۇ يەردە ئوتلىدى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە قەشقەر بىلەن ياركەنتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ يول تۆپىسىدىكى كەنت قىزىلغا يېتىپ كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان قۇملۇق ئاخىر كەينىمىزدە قالدى. يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېتىزلار ۋە باغلار ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلاتتى. باشقىلار ئۇدۇللا خەنزۇلارنىڭ سارىيىغا بېرىشماقچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنداق مەينەت سارايدا تۇرۇشقا قارشى چىقتىم. ئۇلار تولىمۇ ھەيران قېلىشتى. ساراي ئات - ئېشەكلەر، ھارۋىلار ھەمدە ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى، سادىق ئاخۇن پەس ئاۋازدا غودۇڭشىپ: «قەشقەردىن كەلگەن غوجاملارمۇ مۇشۇ سارايدا تۇرىدۇ» دېدى. ئەمما، ھىندىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك تەجرىبىلەر ماڭا بۇ جاينىڭ تۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا، مەن چۈشكۈن قىلىشقا جاي ئىزدەپ دەرھاللا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر يەرنى تاپتىم. بۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مېۋىلىك باغ بولۇپ، ئەتراپى كەڭرى كەتكەن

دالا ئىكەن. بۇ يەر سايە تاشلاپ تۇرغان دەل - دەرەخلىك بولۇپ، چىبدىرنى تىكىشكە ئەپلىك ئىكەن. بۇ يەردىكى مېھماندوست كىشىلەر بىزنىڭ تۇنجى قۇملۇق سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى تەبرىكلەشتى.

ئەتىسى، يەنى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پۈتۈن كۈن گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاسلىقتا كۆك رابات (Kok rabat) قا قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەر بىپايان ياركەنت بوستانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى ئىكەن. 14 ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتا نە بىرەر تۈپ تېرەك، نە بىرەر چاتقالنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ يەردىن پەقەت قۇم باسقان كۆل رەڭ دالا بىلەن يىراقلارغا سوزۇلغان چاڭ - توزان قاپلىغان ئۇپۇق سىزىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. يولدا توپا بىلەن قوپۇرۇلغان مۇنار شەكلىدىكى بىر يەرنى ئۇچراتتۇق، بۇ «پوتەي» (Potai) بولۇپ، ھەربىر پوتەي جۇڭگونىڭ يول مۇساپە ئۆزۈنلۇقىدا 10 چاقىرىم ئىكەن. ئىنگلىزلارنىڭ ئىككى مىل ئارىلىقىغا يېقىن كېلەتتى. بۇ خىل ئۆلچەم بىرلىكى — «چاقىرىم» تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ خوددى تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ ۋە باشقا جۇڭگولۇق بۇددا نومىنى ئالغۇچى تويىنلارنىڭ ھىندىستاندىكى خاتىرىلىگەن يول مۇساپە ئارىلىقىغا ئوخشايتتى.

چۈشتە ئاق رابات (Ak rabat) تا بىر پەس توختاش جەريانىدا، بۇ قاقاس چۆلدە بىر سارايىنى ئۇچراتتۇق، سارايىنىڭ تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ يەردە جۇڭگولۇق ئەمەلدار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تۇرغانلىقى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەر پاكىز، كارىدورلىرى جىمجىت ۋە سالقىن ئىكەن. تۆگىلەر كېلىشتىن بۇرۇن، بىز بۇ يەردە بىر پەس ئارام ئالدۇق. ئەتراپتىكى ياپيېشىل ئېتىزلارغا ۋە دەرەخلەرگە نەزەر سالغىنىمدا، سائەتمۇ بەش بولاي دەپ قالغانىدى. غەربتىكى تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريا سۈيى كۆك راباتنى بېقىپ كېلىۋاتقانىدى. مەن ئاساسلىق كەنتتىن

ئۆتۈپ بۇ جايدىكى بىردىنبىر سوزۇلغان يولدىن بىر ئىنگلىز مىلى نېرىغا باردىم. كېيىن دەل - دەرەخلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر جايغا چېدىرنى تىكتۇق. بۇنىڭدىن ياخشىراق سايە تاشلاپ تۇرغان جاي بولسىمۇ، لېكىن بۇ قورشاۋ تامنىڭ كىرىش ئېغىزى يوق ئىكەن. بىراق، تامدىن ئاسانلا كامار ئاچقىلى بولاتتى، شۇڭا مەن ئارقا سەينانى تاللىدىم. ساھىبخان ئانچە كۆچىمەيلا تامدىن بىر كامار ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن سەينا بىلەن دالان ئارىسىدا بىر يول ئېچىلدى. ھەمراھلىرىمىز مۇشۇ جايدا تۈزۈپ قالدى. شاپتۇل ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايغان بولۇپ، سالقىن كۈز كۈنلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا ئىدى.

## ياركەنت ۋە قاغىلىق

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كۆكراباتتىن ئالاھازەل 18 مىل يۈرۈپ ياركەنتكە يېتىپ كەلدۇق. يول بويىدىكى مەنزىرىلەر ئالدىنقى كۈنىكىگە قارىغاندا خېلى كۆڭۈللۈك بولۇپ، يول بويى بىر پارچىمۇ قاقاسلىق كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، چوڭ - كىچىك ئېرىقلاردىن يېتەرلىك سۇ ئېقىپ كېلەتتى، ئېرىق بويىدىكى تېرەك ۋە سۆگەتلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇنداق قىستاڭ يەر شارائىتىدا مېنزۇلانى قويۇپ ئارىلىق ئۆلچەش ئەپسىز ئىكەن. ئەمما، ئالاھازەل يېرىم يولنى بېسىپ توغۇچاق (Toguchak) قا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، يول يۈزى ئېچىلىپ، ياركەنتنىڭ يۆنىلىشىنى پەرق ئېتەلىدۇق ۋە خاتىرجەم ئارىلىق ئۆلچەپ خاتىرە قالدۇردۇق. بۇرۇن ئۆلچەنگەن بۇ جاينىڭ ئورنى بىلەن بىزنىڭ ئۆلچىگىنىمىز بىر خىل چىقتى.

توغۇچاق كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە مىل كېلىدىغان جايلار يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى

ئۆستەڭلەر چېپىلىش بىلەن ياركەنت دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىپ ئېچىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولىغا تايىنىپ، بۇنداق قاقاسلىقلارنى مۇنبەت يەرلەرگە ئايلاندۇرۇشى ئادەمنى تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجانغا سالاتتى. پاكار كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىكى چاتقاللىقلار يەنىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن تۆت ئەتراپ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىپايان ئېتىزلىقلار بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يىل بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. يول بويلىرىدا ئۆستەڭلەرنىڭ بەزى جايلىرى ئۇچرىشىشى ھەم كېسىشىشى بۇنىڭ بىر خىل پىلانلىق ئېلىپ بېرىلغان سۇغىرىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن. يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ياركەنتتىكى لېيۇ ئامبالنىڭ بىۋاسىتە پىلانلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەمەلىي تۆھپە قوشقانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر ھەقسىز ئىشلىتىلگەنىكەن. شەرقتىكى بارلىق قورۇلۇش نەتىجىلىرى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ۋۇجۇدقا چىققانمىدۇ؟ مەن ئىشلەمچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما، ئۇلار ھازىر ناھايىتى خۇشال ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھازىر ئۆزلىرىنىڭ مۇنبەت يەرلىرى بولۇپ، بۇ جايلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئېرىشەلەيدىكەن. خۇددى كەشمىردىكى تېرىقچىلارنىڭ «بىزگە كېرىكى پۇل ئەمەس تاياق، يەنى تاياق بىلەن مەجبۇرىي ھالدا پايدىلىق بولغان ئەمگەككە سېلىش» دېگىنىگە ئوخشاش، شىنجاڭدىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئىكەن.

مەن ياركەنت شەھىرىدىن ئۈچ مىل كېلىدىغان يىراقلىقتىكى ئوپا (Opa) ئۆستىڭىگە يېتىپ كەلگەندە، ماكارتنېي ئەپەندى ياللىۋالغان ھىندىستانلىق مۇخبىر،

تەرجىمان بۇنياد ئەلى (Bunyad Ali) باشچىلىقىدىكى بارلىق ھىندىستانلىق مۇھاجىر سودىگەرلەر مېنى رەسمىي قارشى ئېلىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. كۆپ ساندىكى پەنجابلىق سودىگەرلەر بۇ يەردىن لاداخقا قايتىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يىل كېلىدىغانلىرى تېخى كەلمىگەنىكەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئاتلىق سەپەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتلىق يۈرۈپ ياركەنتكە كەلدىم. پەنجابنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قاۋۇل كىشىلەر ۋە جاممۇ (Jammu) رايونىدىن كەلگەنلەر خۇددى يۇرتداشلىرىمغا ئوخشاشلا، ماڭا بىر خىل يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى كەشمىردىن كەلگەن ئىسلام مۇرىتلىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ مۇھاجىر بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق كىيىنىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سەممىي، خۇشال - خۇرام ھالدا بىر «مېھمان»نى كۈتۈۋالدى. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن «يېڭىشەھەر» ۋە «كونا شەھەر»لەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بازارنى كېسىپ ئۆتتۈم. ئات تۇياقلىرىنى تاراقشىتىپ ئۆتكەن سېپىمىز بازاردا توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا، شۈبھىسىزكى ئانچە چوڭ بولمىغان غۇلغۇلا قوزغىدى. شەھەر كوچىلىرى ئازادە ۋە پاكىز بولۇپ، قەشقەرنىڭ مەنزىرىسىگە قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلاتتى.

ئارقىدىن بىز ئوڭغا بۇرۇلۇپ، «كونا شەھەر» سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەھەر ئەتراپىدىكى چىنىباغقا كەلدۇق. بۇ يەردە ماكارتنېي ئەپەندى مەن ئۈچۈن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئېگىز قورۇق تاملىق يازلىق ساراي بار ئىكەن. قاتار كەتكەن گۈللۈكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك، كۆركەم، رەت - رەت تۈۋرۈكلۈك ئايۋانغا كىردىم. بۇ كاتتا ئوردىدەك قورۇلار يۇقىرى مەرتىۋىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئەسلى بۇ يەر نىياز

ھاكىمبەگىنىڭ مېھمانخانىسى ئىكەن. بىراق، ھازىر بۇرۇنقى ھەشەمەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۆيلەرنى ئايرىپ تۇرىدىغان دەرپەردىلەر ئۆڭۈپ كەتكەنىدى، بۇنىڭغا ئوخشاش باشقۇرۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بىراق، ئۆيگە ۋە پېشايۋانغا چىرايلىق گىلەملەر سېلىنغان، تۆت ئەتراپتىكى تاملار ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن، ئۆينىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىمۇ ناھايىتى ھەيۋەت بولۇپ، كىشىگە ئازادىلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى، بولۇپمۇ ئايرىم خانىلىرى مېنى تولىمۇ مەپتۇن قىلدى. لاھور تۈزلەڭلىكلىرىدىكى مەن ياقتۇرىدىغان قەدىمىي موغۇل (Moghul) ۋە شىك (Shikh) لارنىڭ باغچە ئۇسلۇبىدىكى تۇرالغۇ جايلىرىنى بۇ يەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن.

ياركەنتكە كەلگەندىن كېيىن، كونىلەرنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىي مەن بۇ يەردە بەش - ئالتە كۈن تۇرۇپ، ئانتروپولوگىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ۋە قەدىمىي سەنئەت بۇيۇملىرىنى توپلاشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالدىم. قەشقەردىكى ۋاقتىمدىلا كېيىنكى سەپىرىم ئۈچۈن پۇل ئالماشتۇرۇشنىڭ ياركەنتتە قولايلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق پېرېۋوت چېكى ۋە مەندىكى چەككە نەق پۇل ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، ھىندىستاننىڭ پېرېۋوت چېكىگە ئېھتىياجلىق سودىگەرلەر ئاللىقاچان لاداخقا كەتكەن، قېپقالغانلىرىمۇ ماللىرىنى سېتىپ پۇللىرىنى نەقلەشتۇرۇشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. شۇڭا، پېرېۋوت چېكىنىڭمۇ بازىرى چىقمىدى، قارىغاندا مەن ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرگەندىلا، بىر قىسىم نەق پۇلغا ئېرىشەلەيدىكەنمەن. ئاخىر مەن ئامالسىز بىر خىزمەتكارنى كېرەكلىك ئالتۇن - كۈمۈش ۋە نەق پۇللارنى ئېلىپ كېلىشكە

قەشقەرگە ئەۋەتتىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خاتىرجەم بولغىلى بولاتتى.

مەن ياركەنتكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىشتىن يەنە بىرى يۈز بەردى. مەن ئىشلىتىۋاتقان ئىككى تۆگە ۋە ئىككى ئات يىغىر بولۇپ، جىددىي داۋالىمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ ئىشنى ئات ـ تۆگىلەرگە مەسئۇل كىشى ئۇزاقتىن بۇيان مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەنىكەن. نەتىجىدە، ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلاغلارنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر ھەپتە دەم ئالدۇرۇش كېرەك ئىكەن. بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەجرىبە ـ ساۋاق بولغاچقا، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلاغلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئات ـ ئۇلاغ ۋە يۈكلەرگە مەسئۇل كىشىگە ئەگەر ئۇلاغلاردىن ياخشى خەۋەر ئېلىنماي، يۈكلەرنى نوشۇشقا مۇمكىن بولماي، باشقىدىن ئۇلاغ ئالماشتۇرۇش لازىم بولسا، ئۇلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋېلىپ، زىياننى تۆلىتىۋالىدىغانلىقىم توغرىسىدا تەنبىھ بەردىم.

خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، مېنىڭ ياركەنتتىكى تۇرۇشلۇق ئورنۇم ئازادە بولۇپ، كۆڭلۈمگە تولىمۇ ياققانىدى. مەن ئۇ يەردە تۇرغان بىرىنچى كۈنىلا تۇرۇشلۇق ئورنۇم مېھمانلار بىلەن لىق تولدى. ياركەنت تەۋەرتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى گۈللەنگەن سودا مەركىزى بولۇپ، بۇ جايدىن ھىندىستان، ئافغانىستانغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ يەر شىمال تەرەپكە ماڭىدىغان يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى ئۈستىدە بولغاچقا، مەلۇم خەلقئارالىق سودا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەن. كۆچمەنلەر ھەم كەشمىر، گىلگىت، بەدەخشان، شۇنداقلا ھىندىستان چېگرىسىدىكى باشقا رايونلاردىن كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەربىر ئادەم «مېھمان»نىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، مەن تەرجىمان (Munshi) بۇنىياد ئەلىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن دائىم مېھمان قوبۇل

قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشۇم زۆرۈر بولىدى. مېنىڭ «مېھمان قوبۇل قىلىش كىلىمىم» ئۈستىدە، هامان زىيارەت قىلغۇچىلار بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ هەرقايسىسى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆمەكلەر ئۆزلۈكسىز زورايدى.

ئىشەنسىڭىز، ياركەنت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە جاي ئىكەن. بۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ۋاخان (Wakhan)، شىغنان (Shighnan)، بەدەخشان (Badakhshan)، شۇنداقلا باشقا غەربتىكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان رايونلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، كەشمىر ۋە لاداختىن كەلگەنلەر ئەڭ كۆپ، هەتتا ناھايىتى كىچىك بولغان بالتىستان (Baltistan) دىنمۇ بۇ جايغا كەلگەن بىر قىسىم كۆچمەنلەر بار ئىكەن. شۇڭا، مەندە ئىرقشۇناسلىققا دائىر ماتېرىياللارمۇ كەم ئەمەس، بەلكىم بۇ هەقتە نەتىجە يارىتىشقىمۇ هەرىكەت قىلارمەن.

هەر خىل ئۆمەكلەرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا، ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم هىندىستانغا هەم ئۇنىڭ چېگرىلىرىدىكى جايلارغا بېرىپ قالغاندەك هېس قىلىپ قالدىم. شىمالىي هىندىستان يېزىلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جايلارغا ئامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ جايدا، هەر كۈنى دېگۈدەك كەشمىر تىلى، پەنجاب تىلى ۋە پۇشتۇ تىلىدا سۆزلىشىش ۋە بۇ خىل تىللارنى هەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرۇش مېنى خۇددى هىندىستان تۇپرىقىدا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا، ياۋروپا يوسۇنلىرى ئاسىيانىڭ چېتىدىكى بۇ كىچىك زېمىنغا تېخى تەسىر كۆرسەتمىگەن چاغدا، بۇ يەردە ۋاقىت كىشىگە خۇددى ئارقىغا يېنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۇھاجىرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوخشاشمىغان كۆچمەنلەر ئەلۋەتتە تۈركىي تىلنى ئاساس قىلىپ سۆزلىشەتتى، بولۇپمۇ بۇ كىشىلەر دائىم ئۆز يۇرتلىرىدىن خوتۇنلىرىنى ئېلىپ كەلمەي، يەرلىك ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇراتتى. نەتىجىدە ئىككىنچى

ئەۋلاد، ئۈچىنچى ئەۋلادلارغا بارغاندا، ئاتا تەرەپنىڭ تىلى ئاللىقاچان يوقىلىپ كېتەتتى. بىراق، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ئۇنداق ئاسان يوقىلىپ كەتمەيتتى. كۆزەنكۆچىلەر بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ياركەنتلىكلەرنىڭ نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئىران قان تىپىدىكىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

زىيارەت قىلغۇچىلاردىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دائىم دېگۈدەك مېنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇمنىڭ سىرتىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى. تەرجىمان بۇنىياد ئەلى ئاللىبۇرۇن مېنىڭ قەدىمىي سەنئەت بۇيۇمىغا ئېرىشىش خىيالىمنىڭ بارلىقىنى يەرلىك كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويغانىكەن. نەتىجىدە ۋاقىتلىق يىغىدىغان بۇ خىلدىكى سەنئەت بۇيۇمى ۋاكالەتچىلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىشەتتى. گەرچە يەرلىك مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بۇ ئۇقتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق مەن بۇرۇنقى خوتەندىن چىقىدىغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا سەنئەت بۇيۇمى ھەۋەسكارلىرى ياخشى كۆرىدىغان سىرىق مىستىن ياسالغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. يەرلىك بايلاردىن نۇرغۇن پۇختا ياسالغان چىرايلىق ئاپتۇۋا، چۆگۈن، چىلاپچا، كۆپ ھەم باشقا مىتال بۇيۇملارنى يىغىپ ئالدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ساقلىغان نەرسىلىرىنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

مەن سېتىۋالغان بۇيۇملار ئارىسىدىن نەپىس ياسالغان بىر قىسىم مىتال ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى تاللاپ چىقتىم. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن پارس گۈل - گىياھ نۇسخىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. بىراق، يەنىلا يەرلىك مۇستەقىل سەنئەت ئۇسلۇبىغىمۇ ئىگە ئىكەن. بۇ يەرلىك سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە يەنە ئازغىنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئەت بۇيۇملىرىدىن قەدىمىي ۋە قىممىتى بار ساپال بۇيۇملار

ھەمدە يىراق شەرقتىن كەلگەن كۆركەم كەشتە بۇيۇملىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى باي ئۆتكەن بۇ بەگلەرنىڭ كىيىملىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يىپەك يەكتەكلىرى توق قىزىل ياكى قېنىق كۆك رەڭدە بولۇپ، ئۈستىگە ساپ جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. كۆركەم تۈركمەن، خۇراسان گىلەملىرى غەرب ئىمپورت سودىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا گۈللەنگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ جەھەتتىن ياركەنتنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن تارتىپلا بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو، ئىراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جاي ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، خوتەن (Khotan) ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك سانائەتنىڭ ھەقىقىي باشلانغان يېرى ۋە مەركىزىدەك قىلاتتى. غەلىتە يېرى شۇكى، كەنتتىكى قەدىمىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى كەشمىرلىكلەر ئېلىپ كەلگەن. ئۇ يەردىكى شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ يۇقىرى سودا ئىقتىدارى تاغ - داۋانلار ئېشىپ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن يوقىلىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. مەن يەنە ئۆزۈمنى گويا سىرناگار بارگاھىدىكى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدىغان كەشمىرلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋاكالەتچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك ھېس قىلدىم.

مەن ياركەنتكە كەلگەندە، ياركەنت ئامبىلى لىيۇ دارىن سىرتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىپ كەتكەچكە، شەھەردە يوق ئىكەن. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ قايتىپ كەلدى. مەن ئىشلارنى ئالدىراش ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، يامۇلغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلدىم. مەن لىيۇ دارىننىڭ ناھايىتى مۇلايىم، ئەقىللىق بىر بوۋاي ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بىر تەرجىمان ئارقىلىق سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلماق قىيىن بولدى. لېكىن، لىيۇ دارىننىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، روھىي ھالىتى مەندە ناھايىتى

ياخشى تەسىر قالدۇردى. كېيىنكى كۈنى مەن بۇ مۇيسىپىتنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتى «غەربكە ساياھەت» تىكى شۈەنزاڭ زىيارەت قىلغان خوتەن ئەتراپىدىكى مۇقەددەس قەدىمكى شەھەر ۋە قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم. بۇ قېتىمقى يەنە بۇ تەقۋادار ساياھەتچىنىڭ ئوبرازىنىڭ جۇڭگودا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى سەزدىم ھەم ئىشەندىم. گەرچە تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان مۆجىزە تۈسىنى ئالغان ھېكايىلىرىنى ئۇنىڭ «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدىن تېپىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىگەن.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى لىيۇ دارىن مېنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگوچە زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىشىمنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان بىر خىل تەكلىپ بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر قېتىملىق مۇرەككەپ ھېسسىياتقا يۈزلەنگەن كۈتۈۋېلىش ئىكەن. قەشقەردىكى تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق زىياپەت شەك - شۈبھىسىزكى بىر ياۋروپالىق ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قاتتىق سىناق ئىكەن. قانداق بولمىسۇن، ئىشنىڭ تەرەققىياتى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن جىق ئوڭۇشلۇق بولدى. زىياپەتتە 16 خىل قورۇما چىقىرىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر ئۈچ سائەتكە سوزۇلدى. قورۇمىلارنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۈستەللەرنىڭ تىزىلىشى توغرۇلۇق مەن ھېچنېمە دېيەلمەيمەن، بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان قورۇمىلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن چوكا ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، ماڭا بىر ۋىلكا ھەم ناماق يەيدىغان كىچىك بىر قاچا ئەكېلىپ بەردى. بىر تەخسە ئاساسلىق قورۇما نۇرغۇنلىغان ئىسمىنى

ئاتىغىلى بولمايدىغان غەيرىي يىمەكلىكلەردىن قىلىنغان بولۇپ، ساھىبخان ئىزچىل ھالدا مېنىڭ تېتىپ بېقىشىمنى دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ھەر قېتىم يەپ بولغاندىن كېيىن، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ يەردىكى بىردىنبىر ئىچىملىك بىر خىل ئاق ھاراق بولۇپ، ئاغزى يوق، تۆت چاسا كىچىك رومكىدا ئىچىلەتتى. ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغان دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئامالسىز نورمىدىن ئارتۇق ئىچىپ سالدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ساھىبخاننىڭ تېتىك ئىككى ئەمەلدارىمۇ ئىزچىل ھالدا مەن بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ تۇردى. زىياپەت جەريانىدا، لىيۇ دارىننىڭ سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ بېيجىڭنى ئىشغال قىلىشى ۋە جۇڭگو خاننىڭ قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىشى مېنى بىرئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن، مېنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، مەن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قاناەتلەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىدىم.

مەن ئامالسىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئەلچىلىرىنى ياۋروپاغا ئاچىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. بۇ پېشقەدەم «سىياسىئون» مېنى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى قەستەنگە مەندىن يوشۇردى دەپ ئويلاپ، مېنىڭ بۇلارنى بىلمەيدىغانلىقىمغا ئىشەنمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر بەلكىم تېلېگرامما ئارقىلىق قەشقەردىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ياMۇللارغا يەتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار ئۆزلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ خەتەرگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانىدى. ئەگەر مېنىڭ قەشقەرلىك دوستلىرىمنىڭ كۆزقارىشى توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالى

ئىكەن. بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەلدارلارنىڭ ئاساسەن ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئىكەن.

تاماقتىن كېيىن، ساھىبخان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لىيۇ دارېن ئېگىز خەلپەت بەگلىك كۈرسىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كىچىك قىزى بىلەن ئوغلى يېنىدا ئۆرە تۇردى. بىر قىسىم غەرىبچە ئۆي جابدۇقلىرى، خىلمۇخىل سائەتلەر ياندىكى كىچىك ئۈستەل ئۈستىگە تىزىلغانىدى. بىر توپ رەتسىز كىيىنگەن ئەگەشكۈچىلەر ئارقىدا تۇرۇشتى. سۈرەت ناھايىتى تېزلا تارتىلدى. سۈرەتكە چۈشكۈچىلەر خۇددى ھەيكەلگە ئوخشاش تۇرۇشاتتى. ئاخىرىدا بىز دوستانە خوشلاشتۇق. لىيۇ دارېن ئۆزىنىڭ ئۇزاققا قالماي يۇرتى خۇنەنگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئويلىغىنىدەك ئامان - ئېسەن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ھەم ئەۋلىيا «تاڭ سېلىڭ»غا ئوخشاش كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر بولسۇن.

پاركەنتتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندە ھەمراھلىرىمنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەكنى تەييارلاش ۋە سېتىۋالغان بۇيۇملارنى رەتلەش، تېڭىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. زۆرۈر بولغان ھېساباتنى ئۈزۈش جەھەتتە ھىندىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى لالا گورى مالنىڭ دوستانە ياردىمىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم. باھا مەسىلىسىدىن سىرت (يېزىلاردا بۇ كىچىك ئىش ئەمەس)، ئۇ يەردە بارلىق سودا پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. يەرلىك خېرىدارلار قويغان باھا ئاز دېگەندىمۇ نورمال باھانىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن بولمايتتى، پۇل تۆلەش تولىمۇ ئاۋارىچىلىك ئىكەن. بۇ يەردە «سەر»، «مىسقال»، «سىنت» دېگەندەك پۇللار ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ھېسابلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 10 خانىلىق بىرلىك

قىلىنغان. بىراق، بۇنداق بىرلىك ئاساسىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئىمپېرىيىنىڭ بۇ چەت ئۆلكىسىدە ئانچە كۆپ پايدىسى يوق ئىكەن. ئەڭ قىيىن بولغىنى «تەڭگە» بىلەن پۇلنى سۇندۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈك بار جۇڭگونىڭ مىس پۇللىرى شىنجاڭدا «داچەن» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ قەشقەر تەڭگىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن.

ئەينى ۋاقىتتا، مىس پۇلنىڭ قىممىتىگە قاراپ ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، ھەممە پۇللار ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كۈمۈش پۇل «مىسقال»غا ئالماشتۇرۇلاتتى، نىسبىتى سەككىز تەڭگە بەش مىسقال بولاتتى، بولمىسا يەرلىك سودىگەرلەر داچەنلەرنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ، كالباساغا ئوخشاش مەينەت نەرسىلەرنى كۆتۈرگەندەك ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، كۈمۈش ۋە مىس ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش مۇقىم ئەمەس ئىكەن. بىر مىسقال ئەينى ۋاقىتتا كۆپ بولغاندا 40 داچەنگە توغرا كېلەتتى، بۇنى بايا تىلغا ئالغان ئالماشتۇرۇش نىسبىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تەڭگىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇلغا ئالماشتۇرۇش ۋاقتىدا، پۇل تاپشۇرۇشتىن ئاۋۋال ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى. تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغىنى رۇسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ باھاسى «سوم» (رۇبلى) ئارقىلىق ھېسابلىنىش ئىكەن. بۇ پۈتۈن شىنجاڭ بازىرىدا كەڭ ئوبوروت قىلىنىۋاتقان بەش ياكى 10 رۇبلىلىق پۇل ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرقەدەر ئېغىر بولغان جۇڭگونىڭ كۈمۈش «يامبۇ»سى ئات تۇيىقى شەكلىدە بولۇپ، ئېغىرلىقى ئوخشاش ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ قىممىتى بار ئىكەن. مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، تىللانىڭ باھاسى بىلەن يەرلىكتە ئوبوروت قىلىنىدىغان كۈمۈش ۋە مىستىن قۇيۇلغان جۇڭگونىڭ مېتال پۇلى — تەڭگىنىڭ

ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا رۇبلىمۇ باخاللاشتى. شىنجاڭدا رۇبلىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش قىممىتى رۇبلىنىڭ قىممىتىنى ئاساس قىلىدىكەن. پىشقان، تۇغما قابىلىيەتلىك ھىندىستان سودىگەرلىرى بۇ خىل قالايمىقان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېچقانچە قىينالمايدىكەن. لېكىن، بۇ خىل ئاۋارىگەرچىلىك ناھايىتى كۆپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋەتتى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن، سېرىق ئىس - تۈتەكلەر كۈن بويى بوشلۇقنى قاپلاپ، ئاتموسفېراغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىۋەتكەندى. مەن ئايۋاندا تۇرۇپ، كۈزنىڭ سوغۇقىنى ھېس قىلىپ، قىش كىرەي دېگەندە بۇ جايدا ياشاشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاسماننى قاپلىغان تۇمانلار 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى. بىزنىڭ ساياھەت كارۋىنىمىز ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى.

بازار كۈنى بولغاچقا، يېزىلىقلارنىڭ باش - ئايىغىنى كۆزگىلى بولمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ، چوڭ يولنى بويلاپ بازارغا كېلىشمەكتە ئىدى. بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئادەم قانمايتتى. يېزا ئاياللىرى پۈتۈن بازاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توپ - توپ، بەزىلىرى ئەرلىرى ۋە بالىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ، ھەر خىل ئۇلاغلارنى مىنىشىۋالغانىدى. ئەتىگەنىنىڭ بۇنداق سوغۇقىدا ئاياللارنىڭ ھەممىسى قېلىن، يۇمشاق، ئۇچلۇق تۇماقلارنى كىيىشىۋالغان بولۇپ، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى تۇنجى قېتىم كۆرگۈنىمگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ چىرايلىق ئىكەن.

سەھەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بازارغا قاراپ ئاققان ئادەملەر توپىمۇ سېلىكتى، ئەمدى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرمۇ قالمىغانىدى. ئازادە، تۈپتۈز كەتكەن چوڭ كوچىنىڭ

ئىككى قاسىنقىدىكى رەتلىك تىكىلگەن تېرەك، ئۇجمە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى تەكشى، مۇنبەت ئېتىزلارغا سوزۇلغان. ئېتىزلاردا كىشىلەر قوناق ئۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. ئېنىقكى، شاللار ھاۋانىڭ ئىسسىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. شەھەردىن تەخمىنەن بەش مىل مېڭىپ، مەڭلىك (Manglik) بازىرىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا، يول بويىغا جايلاشقان كىچىك - كىچىك لاي ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مال قويىدىغان يايمىلار بازار كۈنى بولمىغاچقا، قۇپقۇرۇق تۇرۇپ قالغانىدى. قاغىلىق (Karghalik) يولىدا ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقتا ئۇرغۇن بازارلار جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن مەركىزى جاينىڭ تۈپرىقىنىڭ مۇنبەت، ئاھالىسىنىڭ ناھايىتى زىچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. سەككىز مىل يۈرۈپ، ياركەنت دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. دەريانىڭ مەنبەسى مۇزتاغ ئاتا چوققىسى بىلەن قاراقۇرۇم (Karakorum) تېغى ئوتتۇرىسىدىكى تاغ باغرىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ياز پەسلىدە كەلكۈن سۇلىرى بۇ دەرياغا قۇيۇلاتتى. ھازىر ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ، پەقەت كېمىگە تايىنىپلا ئۆتۈشكە بولاتتى. قوپال ياسالغان كېمىلەر ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئۇلاغلارنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، يۈكلەرنى بىر - بىرلەپ يېشىپ، يەنە قايتا تېڭىشقا توغرا كەلدى. ھەربىر تارماق ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 40 يارد، چوڭقۇرلۇقى توگىنىڭ قورسىقىغىچە كېلەتتى. دەريادىن ئۆتۈشكە ئۈچ سائەتچە ۋاقىت كەتتى. يۈكلەر ۋە ئېشەكلەرنى ھەر قېتىم دەريادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ تېز بولغاندا ئىككى - ئۈچ كېمە كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئەت ناھايىتى تېز بولۇشى كېرەك ئىكەن. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىن بىر مىل يىراقلىقتىكى پايناپ (Painap) بازىرىدىن ئۆتۈپ سائەت بەشلەردە پوسكام (Posgam) بازىرىغا كېلىپ، بىر كۈنلۈك سەپىرىمىزنى ئاياغلاشتۇردۇق. سارايىنىڭ سەيناسىدىن تەييار چېدىر تاپتىم. سارايىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئۈنچىۋالا

ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، بىراق ئازادە خانىلىرى ياقۇببەگ دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە پاكىز ساقلانغانىكەن. گەرچە ئىسسىقراق يېتىش خىيالىدا بولسامىمۇ، ئەمما ساپ ھاۋادىن كۆبرەك نەپلىنىش ئۈچۈن چېدىردا ياتتىم.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ يول تەخمىنەن 24 مىل كېلىدىكەن. يول ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭۈللۈك ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماي، ئازراق بوران چىقىپ چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا يەنىلا پاكىز ھەم ئوچۇق ئىكەن. ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادا ئاستا مېڭىپ، پوسكامنىڭ جەنۇبىدىكى تەكشى تېرىلغان زىرائەتلەر بىلەن مېۋىلىك باغلارنى كۆرۈش كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ياركەنت دەرياسىدىن ئۆستەڭ ئارقىلىق باشلاپ كېلىنگەن كۆپ مىقداردىكى سۇ ئېقىنىنىڭ چوڭ يول قاسنىقىغا جايلاشقان كەنت - بازارلاردىكى قاتار - قاتار ئېرىقلارغا قۇيۇلۇشى، بۇ يەرنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ئاۋات بىر جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

پوسكامدىن توققۇز مىل يىراقلىقتىكى تۇگۇلاز (Tugulaz) دېگەن يايلاققا كەلگەندە، نۇرغۇن سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىنلىرىنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئېقىنلار غەرب تەرەپتىكى خېلىلا يىراق بولغان بىر بۇلاقنى مەنبە قىلىدىكەن. بۇ سۈزۈك سۇ ئېقىنلىرى قەشقەردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مەن كۆرگەن قىزىل، كۆل رەڭ، بېغىر رەڭ سۇ ئېقىنلىرى بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ھازىر ئۇلار خۇددى جەنۇب تەرەپتىكى مۇز تاغ ئاتا مەنزىرىسى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سەپەر جەريانىدا كۆرگەن كۆپلىگەن تاغ تىزمىلىرى سارىقولدىن ئېقىپ چۈشكەن ياركەنت دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاغ تۆپىسى بولۇپ، مەن ياركەنتتە تۇرغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇلۇت توسۇۋالغاچقا كۆرۈنمىگەنىكەن.

تۇگۇلاز تۇزلەڭلىكىدىكى يېزىلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تىزناپ دەرياسى ھازىر تارىيىپ، تۇرغۇنلىغان تار ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنۈپتۇ. بىراق، ئۇدۇلدىكى كۇئېنلۇن (kuen luen) تاغ تىزمىسى ئۈستىدىكى قارلار ئېرىگەندە، كۆپ مىقداردىكى سۇ ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىپ كېلىشى ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. غول دەريا ئېقىنى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى بىرقەدەر ياخشى بولغان بىر كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈك بېشىدىكى خەنزۇچە، تۇركچە ئابىدە يۇتۇكىگە ئاساسلانغاندا، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 250 قەدەم بولۇپ، 25 يىل بۇرۇن ياسالغانىكەن.

كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن بېدىلىكلەر، كۆممىقوناق ۋە كېۋەزلىكلەر ھەمدە ئېتىزلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا جايلاشقان كەنتلەر تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. بۇلارنىڭ يېنىدىكى «سەيشەنبە بازار» چارباغدا كىشىنى روھلاندۇرىدىغان كۆرۈنۈشنى بايقىدىم. قاغىلىق ئامبىلى ئەسلىدە ياركەنتكە لىۋ دارىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچىنى قارشى ئېلىشقا بارماقچىكەن. بىراق، ئامبال سەپەرنى كېچىكتۈرۈپتۇ (كېيىن ئاڭلىساق، مېنىڭ كېلىشىم سەۋەب بوپتۇ). كۈتۈۋېلىش تەييارلىق خىزمەتلىرى ناھايىتى مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. توق قىزىل، ئېنى كەڭ رەختلەرگە يېزىلغان لوزۇنكىلار رەت - رەت ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ھەم پۈتۈن بازاردىكى چەللىلەرگە ئېسىلغانىدى. كوچىلار كېلىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بايرام شادلىقىغا تولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. مېنى كۈتۈۋالغان يەرلىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگوچە ئەمەلدارلار كىيىمى كىيىشىپ، ئەدەپ بىلەن تۇرۇشاتتى، گىلەم بىلەن بېزەلگەن چوڭ دۇكانغا تەكلىپ قىلغاندا، ئۆزۈمنى خۇددى بىر مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. سەپەردىن كېيىن پۈتۈن ئۈستىۋېشىم توپا - چاڭ پېتى ناشتىلىق ۋە تەملىك مېۋە - چېۋىلەردىن ھۇزۇرلىنىشتەك بۇنداق كۈتۈۋېلىشتىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم.

سائەت تۆت يېرىملاردا، بىز نۆرغۇن مېۋىلىك باغ ۋە قەبرىستانلىقلاردىن ئۆتۈپ قاغىلىققا يېتىپ كەلدۇق. شەھەرگە كىرىش ئارىلىقىدا بىز يەنە بىر تاغ يېنىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان يېرىم قۇرۇق ھالەتتىكى دەريا ئېقىنىدىن ئۆتتۇق، ئۇزاق ئۆتمەيلا تورغا ئوخشاش گىرەلىشىپ كەتكەن قاغىلىق مەركىزي بازىرىغا كىرىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ پاكىز مۇھىتى ۋە ئاۋات مەنزىرىسى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. قاغىلىقتىن ئىبارەت بۇ جاينى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، بۇ جاي قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزى بىلەن خوتەن، ياركەنت يولىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرگە نائىل ئىكەن. كۆپ ۋاقىت ئىزدەش ئارقىلىق شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكي قورۇ يېنىدىن شابتۇل دەرەخلىرى تىكىلگەن، كەڭرى بىر پارچە ئوتلاق تاپتۇق. بۇنى كۆرۈپ كەشمىرنىڭ نۆرغۇن كەتنلىرى ئېسىمگە چۈشتى. بۇ مېنىڭ چېدىر تىكىشىمگە ناھايىتى باب كېلىدىغان جاي ئىكەن. سەپەرداشلىرىممۇ يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەردىن تورالغۇ تاپتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلاغلارغىمۇ ئوتلاق تېپىلدى. بىزمۇ مەمنۇن بولۇشتۇق.

29 - كۈنى ئەتىگەندە ئامبال بىرنەچچە بەگلەردىن سوۋغات ئەۋەتىپتۇ. سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە بىر قوي ۋە ئۇلاغلارنىڭ يەم - خەشەكلىرى بار ئىكەن. مەن جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن بىر بولاق رۇسىيە قەنتى، كاراپ بېلىقى كونسېرۋاسى ۋە گېرمانىيىنىڭ پۇراقلىق ئېسىل سوبۇنىنى ئۇلارغا بەردىم. چۈشتە يامۇلغا بېرىپ ئامبال جاڭ دارىننى زىيارەت قىلدىم. ئۇلار مېنى كۈتۈۋېلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈچ قېتىم ھۆرمەت توپىمۇ ئاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ ئەپچىل، رەتلىك مېھمانخانىسىدا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتىم. ئۇنىڭ خاراكتېرى جانلىق، ئېتىك، زېرەك بولۇپ، مەندە ناھايىتى

ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇ قەشقەر دۇنيىدىن زىيارەتكە كېلىش مەقسىتىمنى بىلىپ بولغاچقا، مېنىڭمۇ خوتەنگە بېرىپ نېمە ئىش قىلمىدىغانلىقىم توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قاتناش ۋە تەمىنلەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىمغا ياردەم بېرىشىنى ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇستىگە ئالدى.

جاڭ دارىن مېنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. چۈشلۈك تاماق بىرنەچچە خىل قورۇما بىلەنلا ناھايىتى ئاددىي بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ئۈزۈم ھارىقىدىنمۇ ئېتىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. تەلىيىمگە بۇلار ليۇ دارىننىڭ شىرەسىدىكىدەك ئۆتكۈر ئاق ھاراق بولماستىن، بەلكى مادىرا (Madeira) نىڭ ئاق ئۈزۈم ھاراقلىرى ئىكەن. بەلكىم بۇلار كاۋكاز ياكى قىرىمدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. غىزالىنىش ۋاقتىدا، ساھىبخان ئۈزىنىڭ ئىلغارلىق تەرىپىنى نامايان قىلىپ، ئەنئەنىۋى چوكىنىڭ يېنىغا يەنە ئىككى ئىستاكان ۋە ۋىلكىمۇ قويۇپ قويغانىدى.

بىز خۇشال كەيپىيات ئىچىدە خوشلاشتۇق. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بازارنى بىر قېتىم يۈزەكى بولسىمۇ زىيارەت قىلدىم. گەرچە بۈگۈن بازار كۈنى بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن دۇكانلار ئوچۇق ئىكەن. مەن ناھايىتى تېزلا ھەمراھلىرىم قىشتا لازىم قىلىدىغان كىگىز ـ كېچەك، كىگىز پايپاق قاتارلىقلارنى ئالدىم. كۆكيار يېنىدىكى تاغلىق جايلار كىگىز پايپاق چىقىدىغان داڭلىق يەر بولۇپ، تاغلىقمۇ چوڭ كىگىز پايپاق بازىرى ئىكەن. پۈتۈن بازاردىكى دۇكانلارغا مۇستەھكەم سايىۋەنلەر ئورنىتىلىپتۇ. بازاردا نۇرغۇنلىغان كىچىك ئېرىقلار بولۇپ، ئېرىقلارغا رەتلىك قىلىپ كىچىك كۆۋرۈكلەر سېلىنغانىكەن، ئېرىق بويلىرىدىكى بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر خىلمۇخىل بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. بازارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇستى ئوچۇق ئاشپۇزۇللارنى كۆرگىلى بولاتتى. بۈگۈن بازاردا ئادەملەر

ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، ئەركىن - ئازادە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. مەن ھىندىستاننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا كۆرگەن ئەسلىھەلەر بىلەن بۇ يەردىكىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەر غەرب جەمئىيىتىگە يېقىنراق ئىكەن. بۇ يەردىكى ئوچاقلارغا ئېسىقلىق داشقازان ۋە داڭقانلار قايناپ تۇراتتى. لېگەنلەردە بولكا ۋە نانلار، تەخسىلەردە ھەر خىل قورۇملار بار ئىكەن. بىر كوچىدىكى ئاشپۇزۇل مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ تاملىرى گەج بىلەن ئاقلانغان بولۇپ، تام ئۈستىگە نەپىس گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى.

كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بارگاھقا قايتىپ كەلگىنىمدە، پەتنىگە كەلگەن ئامبال مېنى ساقلىغاچ نەرسە - كېرەكلىرىمنى كۆرۈۋاتقانىكەن. مېنىڭ ئەسۋابلىرىم ئامبالغا ناھايىتى ياراپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئامبال ئاللائاباد (Allahabad) تىكى لوسكومبو شىركىتى ماڭا ياساتتىپ بەرگەن ئەپچىل قاتلىنىدىغان ئۈستىلىمنى ئۆلچىتىش ئۈچۈن بىر ياغاچچىنى ئەۋەتىپتۇ. جاك دارېن بىلەن ئىككىمىز قەدىمكى دەۋردىكى شۇەنزاڭ ھەمدە ئۇ مۇشۇ رايون توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر توغرۇلۇق خېلى كۆپ پاراڭلاشتۇق. مەن يەنە جاك دارېنغا جۇلىيېن (Julien) تەرجىمە قىلغان «غەربكە ساياھەت»نىڭ قوشۇمچە خەنزۇچە سۆزلۈك جەدۋىلى ۋە دوكتور خورنىل (Hoernle)نىڭ خوتەن ۋە كۇچانىڭ قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن رەسىملىك كىتابىنى كۆرسەتتىم. بۇ كىتابتىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تەڭگىلىرى بىلەن بەزىبىر خەنزۇچە قوليازما پارچىلىرى ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. مەن خەنزۇ تىلىغا سەل قارىغانلىقىمدىن بۈگۈنكىدەك ئەپسۇسلىنىپ باقمىغانىدىم. چۈنكى، نىيازئاخۇنغا ئوخشاش ئەدەبىيات ساۋاتى يۇقىرى بولمىغان ئىقتىدارسىز تەرجىمان ئارقىلىق كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر ئۇتتۇرىغا قويغان كۆپلىگەن قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا

ئېنىق، توغرا جاۋاب بېرىش تەس ئىكەن. ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىشتىن ئىبارەت ئالىي پۇرسەتكە ئېرىشىشى ئىشەنچىمنى ئاشۇرۇپ، ھاكاۋۇرلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىكەن.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، مېنىڭ ھاۋالە قىلىشىم بىلەن ماكارتنېي ئەپەندى قەشقەردىن بىرقانچە خالتا جۇڭگونىڭ كۈمۈش تەڭگىسى ۋە يېڭىدىن قويۇلغان تىللالارنى ئەۋەتتى. مەن يېنىمدىكى لاھور پېرېۋوت چېكىنى بەردىم، مېنىڭ قاغىلىقتا تۇرۇپ قېلىشىمنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇ نەق پۇلنى ساقلاش ئىدى. ماكارتنېي ئەپەندى ئەۋەتكەن ئادەم ئاتلىمەدىن كەلگەن خەتنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى ئەتىسى سەھەردە پوچتا يوسۇنلىرىنى قەشقەرگە ئالغاچ كەتمەكچى بولدى. شۇڭا، مەن ئۇ كۈنى خەت يېزىش ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئەۋەتىدىغان ھېسابات دوكلاتىمنى يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. كالكۇتتادىكى ئەپەندىلەرنىڭ ئايلىق نەق پۇل ھېسابات دەپتىرىمدىكى مۇرەككەپ پۇل ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىيالىشىدىن راستتىنلا ئەنسىرەپ قالدىم. چېدىرىمنىڭ ئالدىغا ياڭاق دەرىخى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭۈللۈك ئىشخانام بولۇپ قالدى. نامازشام ۋاقتىدا ئايلانغاچ غەربكە قاراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ توسمىسىغا كېلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇ يەردىن كۆكيار تەرەپتىكى يىراق تاغقا نەزەر تاشلىدىم. ئۇ يەردە قوي يۇڭى ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى. دەريا قىرغىقىدا روھى ئۇرغۇپ تۇرغان قەشقەرلىك بىر سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مەخسۇس ئەنجان بىلەن قوي يۇڭى ئېكسپورت سودىسى قىلىشىدىغان بولۇپ، مۇشۇ دەريا بويىدا قوي يۇڭىنى يۇيۇش - تازىلاش ئورنى ئاچقانىكەن. مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئېكسپورت قىلىشى

تۆپەيلىدىن يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا يۇڭ مەھسۇلاتلىرى كېمىيىپ كېتىۋېتىپتۇ.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىقنىڭ بازار كۈنى ئىكەن. مەن كۆكيارنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سايدىن كېلىپ پاخپو (Phakhpo) دەپ ئاتىلىدىغان غەلىتە تاغ ئادەملىرىنى كۆرۈش مەقسىتىدە، بۇ بازار كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئېتنىك مەنبەسىدە گۇمان بولغاچقا، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىرقشۇناسلىقتا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەن. ياركەنتلىك بىر باستېرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، پاخپولارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئارىيانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، بىراق يەنە سارىقولدىكى تاجىكلاردىن پەرقلىنىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار چەت جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى ناھايىتى ئاز ئىكەن، ئوياتچان بولغاچقا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆزىتىشتە نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كېلىدىكەن. مەن ناھايىتى بىتەلەي ئىكەنمەن، گەرچە ئامبالنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كۆپ ئىزدىگەن بولساقمۇ، بازاردىكى قىستا - قىستاڭ كىشىلەر توپىدىن بىرمۇ پاخپو ئادىمىنى ئۇچرىتالمىدۇق. تاغدىن چاقىرتىپ كەلگۈچە كۈتۈش سەپىرىمنى يەنە بىر ھەپتە كېيىنگە سۈرۈۋېتەتتى. مەن بۇنداق كۆپ ۋاقىتنى ئاجرىتالمايتتىم.

تاغ ئادىمىنىڭ ئورنىغا ماڭا يولۇققىنى ناھايىتى قىزىقارلىق بىر شەخس بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ بىر جاھانكەزدى راھىبى ئىكەن. ئۇ جۇڭگونىڭ شەرق تەرىپىدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ، خوتەنلەردىن ئۆتۈپ، ھازىر يەنە قايتىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ مېنىڭ «تاڭ سېڭ» غا چوقۇنىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ كېيىنكى سەپىرى ئۈچۈن سەدىقە بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىپ كەپتۇ. ئېنىقكى، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىغا بېرىپ تاۋاپ

قىلغۇچى ئەمەس ئىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئاددىي، ئۇمىدكە تولغان سەپىرى ھەقىقەتەن مېنى جەلپ قىلدى. مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ سوۋغىسىنى ــ قىزىل قەغەزگە بېسىلغان دىنني تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى قوبۇل قىلدىم ھەم ئۇنىڭغا سەدىقە ئورنىدا تەڭگە بەردىم. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا مەن بىلەن خوشلاشتى.

مەن قاغىلىقتا تۇرغان ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىتىنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ چېدىرىم جايلاشقان يېتىملىقۇم (Yetimlukum) كەنتىنى دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەپ تۇرىمەن. يېقىن ئەتراپتىكى قۇملۇق ۋە يىراقتىكى قاقاس تاغ چوققىلىرى مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. يىراقتا نەزەر سالسىڭىز كەڭرى كەتكەن مۇنبەت تۈپراق ۋە باغ ـ ئورمانلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلار ماڭا كەشمىردىكى تۇرى كۆپ، باراقسان ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەرنى، سان ـ ساناقسىز مۇقەددەس مازار ۋە چېدىر ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسىنى، شۇنداقلا بازاردىكى نۇرغۇنلىغان نەپىس ياغاچ ئۆيما ئۆيلەرنى ئەسلىتەتتى.

## خوتەن سەپىرىدە

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سەھەردە، كارۋىنىمىز ئاۋات كىچىك بازاردىن ئۆتۈپ، شەرقىي قوۋۇقتا قاراپ يول ئېلىپ، خوتەن سەپىرىنى باشلىدى. يول ئۈستىدە بىز غوجەك (Ghujak) دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي مەدرىسەنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەدرىسە چوڭ بىر بازاردا بولۇپ، سەينادا 150 تالىپ يېتىپ قوپقۇدەك گۈمبەز شەكىللىك ئايرىمخانىلار قاتار سېلىنغانىدى. غەرب تەرەپتە كەڭرى، ھەيۋەتلىك بىر ساراي بولۇپ، ياغاچ نۇۋرۇكلەر گۈمبەزلەرگە تىرەلگەن، ئۈستى قىزىلنى ئاساس قىلغان قېنىق رەڭلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. بۇ رەڭ بېرىلىشى

كۆزنەرلىك ئېنىق بولغان قەدىمىي ئىمارەت ئىكەن.

مەن يولغا چىققان ۋاقىتتا، جاڭ دارىن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تەرجىمانىنى مېنى ئۆزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتىپ، ياخشى تىلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. «خوتەن قوۋۇقى»دىن بىر مىل يىراقلىقتا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىر مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ، قاقاس چۆل - باياۋانغا قاراپ يول ئالدۇق. ئالدىمىزغا يەنە بىرنەچچە مىل ماڭغاندىن كېيىن، تار كەتكەن تېرىلغۇ رايون بەشئېرىق (Besh arik) بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدۇق. لېكىن، ئۇزاق ماڭمايلا بوستانلىق ئۈزۈلۈپ قېلىپ، يەنە قاقاس شېغىل تاشلىق سايغا دۇچ كەلدۇق. يول بويى قىسقا ئارىلىقلارغا بەلگە تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلىپتۇ. چۈنكى، كېچىلىرى ياكى قار - بوراندا ئاسانلا يولدىن ئادىشىپ قېلىش مۇمكىن ئىكەن. بۇنداق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ سەيياھلارغا قارىتا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن. قوش لەڭگەر (Kosh Langar) گە يېتىپ كەلگەندە، بىر كۈنلۈك سەپىرىمىز ئاياغلاشتى. مەن بۇنداق ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان ئۈنۈمسىز يەردە گۈمبەزلىك ئۆيلىرى ۋە ئازادە خانىلىرى بار، پىششىق خىشتىن سېلىنغان دەڭنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدىم. بۇ ئىمارەتمۇ ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى خوتەن يەرلىك ئەمەلدارى نىياز ھاكىمبەگنىڭ تۆھپىسى ئىكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ياركەنتتىكى تۇرالغۇسىمۇ مېنى ۋاقىتلىق قونالغۇ بىلەن تەمىنلىگەنىدى. كۆلنىڭ سۈيى ئالدىدىكى تاغدىن ھەپتىدە بىر قېتىم كىچىك ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇ باشلاپ كېلىنىپ تولدۇرۇلاتتى. شىمال تەرەپكە بىر يېرىم مىل كېلىدىغان چۆللۈكتە خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئىمارەتنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىدىن شەكىللەنگەن توپا دۆۋىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 فۇت كېلەتتى. بۇ بەلكىم بۇددا مۇنارىنىڭ خارابىسى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى بەك ئېغىر بولغاچقا، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قىيىنغا چۈشتى.

10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ماڭغان يولىمىزنىڭ ھەممىسى قۇملۇق بولۇپ، چاڭ ـ توزان تۈبەيلىدىن جەنۇب تەرەپتىكى تاغ يىراق، ناھايىتى غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئۇ يەردە ھېچقانداق دەريا ياكى ئۆستەڭ يوق ئىكەن. كېچىدىكى سوغۇقتىن كېيىن، چۈش مەزگىلىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىگەنلىكىنى ھېس قىلماق ناھايىتى ئاسان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بىز تەكلىماكان (Taklamakan) قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى تىنجىق چوڭ يولنى بويلاپ كېتىۋاتاتتۇق. بۇ يول ماڭا نىسبەتەن ئالاھىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇبھىسىزكى، بۇ ئۇكسۇس دەرياسى ۋادىسىدىن خوتەن ۋە جۇڭگوغا ئۆتىدىغان قەدىمكى قاتناش تۈگۈنى ئىكەن. مەن ھەممىلا يەردە ھايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى ۋە ئاپئاق ئۇستىخانلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بۇ يولدىن پىيادە ياكى ئۇلاغ بىلەن ئۆتكىنىمدە، بۇرۇنقى سەيياھلارنىڭمۇ چوقۇم قاقاس، ئادىمىزات بۇ يولدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىختىيارسىز خىيالىمغا كەلتۈردۈم. شۇنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىدىغان ۋاقىتتا، بۇ يولنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يىراق يوللارنى بېسىپ جۇڭگوغا بارغان ماركوپولو (Marco Polo) ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئىسمى نامەلۇم سەيياھلارمۇ بۇ يولدىن ماڭغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردىكى ساياھەتنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە تا ھازىرغىچىلىك ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. چۆللۈكلەرنى كېسىپ ئۆتكەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىگە ئەگىشىپ، بۇدda دىنى ۋە ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ سەيياھلار ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەۋە كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى بىز زادى قانچىلىك بىلىمىز؟

چۈشتىن كېيىن، بىز چولاق لەڭگەر (Cholak Langar)

گە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ئالدىنقى تۇرالغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دەڭ بولۇپ، كەڭرى ئېرىق بويىغا سېلىنغانىكەن. ئېرىق سۈيى جەنۇب تەرەپتىكى پاكار تاغدىكى بىر جىرادىن ئېقىپ كېلىدىكەن. دەڭنىڭ يېنىدىكى ئويمانلىقتا سۇ توشتۇرۇلغان چوڭ بىر كۆل بولۇپ، ئۇ قاقاسلىقتىكى بىردىنبىر كۆز مەنزىرىسى ئىكەن. شىمال تەرەپتىكى يىراق بىر جايدا بىر قاتار پاكار چاتقاللىقتا كۆلگە سۇ باشلايدىغان ئېرىق بار ئىكەن. كەچتە ئۆتەڭ ئىگىسى، جۇڭگولۇق خىزمەتچى خادىم مەندىن ھال سوراپ كەپتۇ. ئۇ كۆرۈنۈشتە مۇلايىم، تەمكىن بولۇپ، ئەتراپتىكى قاقاس قۇملۇقلاردىن ناھايىتى نارازىدەك كۆرۈنەتتى. ئۆتەڭدە توققۇز ئات ۋە تۆت پوچتىكەش بولۇپ، خەت - چەكلەرنى گوما (Guma) ۋە قاغىلىققا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بۇ قاقاس پوچتا يولىدا توشۇلىدىغىنى پەقەت جۇڭگو مەھكىمىلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەت - چەكلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىكەن. مېھمىنىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئىككى يىل ئاۋۋالقى قاغىلىق ئامبىلى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئامبال بىلەن يۇرتداش، يەنى خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۇرغان كەنتىنىڭ تاڭ سېڭنىڭ تۇغۇلغان جايى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ كىچىك ئۇچۇر مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىكەن. مەن چاي ۋە پېچىنىلەر بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلغان بۇ كىشىنى مېھمان قىلدىم ھەمدە كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۆزى رازى بولغۇدەك ئورۇنغا ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم.

چولاق لەڭگەردىن گۇمىغىچە بولغان ئارىلىق توققۇز «پوتەي» كېلەتتى. شۇڭا، ئېغىر لاۋازىمەتلەرگە مەسئۇل تۆگە ئەترىتى سەھەردىلا يولغا چىقتى، چېدىر ۋە يېمەكلىكلەر ئارتىلغان ئاتلار كېيىنرەك يولغا چىقىدىغان بولدى. يۈك - تاقلارنى ياخشى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ساراي

سەيناسىغا كىرىپ، تامغا چاپلاقلىق تورغان خەنزۇچە ۋە تۈركچە ھۆكۈمەت ئېلانلىرىنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئۇزۇن، سېرىق قەغەزگە بېسىلغان خەنزۇچە، موڭغۇلچە، تۈركچە يېزىقتىكى ئېلان بولۇپ، ئىككى ئاي ئاۋۋال ئېلان قىلىنغان رۇسىيە بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسىنى مەزمۇن قىلغان خاننىڭ پەرمانى ئىكەن. تەرجىمان نىياز ئاخۇن بۇنىڭ خاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەرمانىمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنى بىلىشكە ناھايىتى قىزىققان. چۈنكى، شۇنىڭدىن كېيىنلا خاننىڭ بېيجىڭدىن قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن بازارغا پۇر كەتكەنىدى.

قاقاس شېغىللىق يولدا 10 مىلدىن كۆپرەك يۈرۈپ، سىلىق لەڭگەر (Siligh Langar) گە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە كىشىنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان، توپا تاملىق كىچىك ئۆيلەر ۋە ئېقىندىن كەلگەن سۈيى قويۇلىدىغان كۆلچەك بار بولۇپ، سۇ ئاللىقاچان تېشىپ قۇملۇقتا ئاققانىدى. سىلىق لەڭگەردىن ئۆتۈپ، شالاڭ چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇقتا دۈج كەلدۇق. بۇ چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇق قۇملۇقنى ئوراپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئانچە جەلپ قىلمايدىغان ھاجىب لەڭگەر (Hajib Langar) دېگەن جايغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئارىلىقى تەخمىنەن 2.5 مىل كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن شېغىل ياتقۇزۇلغان تېيىز ئېرىقتەك دەريا قىنى سەيرى باشلاندى. تۇزلەڭلىكتە گويا بوستانلىقى ئۇزۇن قارا سىزىقتا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ھېرىپ - ئېچىپ ئالتە مىل يۈرۈپ، قۇرۇپ قالغان بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ گومىنىڭ غەربىي چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تارقاق ئېتىزلىقلاردىن ۋە شىمال تەرەپتىن ئاققان قۇم كۆمۈۋەتكەن كىچىك دەرەخزارلىقتىن كېسىپ ئۆتتۇق. ئېگىزلىكى 30 — 40 فۇت كېلىدىغان تۆپىلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم مۇنبەت ئېكىنزارلىقتا قەدەم باستۇق. گوما بازىرى ئەتراپىنى

چۈرىدىگەن بىر چوڭ سۇغىرىش ئۆستىڭى يېنىدىن چېدىر تىكىشكە باب كېلىدىغان، تۆت ئەترابى سۆگەت ۋە تېرەكلەر بىلەن ئورالغان تىنچ بىر باغنى تاپتىم. چېدىر تىكىدىغان چاغدا ئاتلىق بازارغا ماڭدىم. ئۇ يەردىكى ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان بازار ناھايىتى ئاۋات ئىكەن. توپلانغان ئادەملەر ئات - ئۇلاغ، مېۋە - چېۋە، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ھەم باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار ئۈستىدە سودىلىشىۋاتاتتى. بۇ مەركىزى كەگرى بوستانلىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىكەن. قاتار كەتكەن مال يايمىلىرى ئۈستىدە قىزىل خورۇمدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلەر ئېسىقلىق ئىكەن. ئېنىقكى، قىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك بولاتتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەن قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئىزدەش ئۈچۈن، گۇمىدا تۇرۇپ قالدىم.

(مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى).

# قەشقەر ـ تۇمشۇق خارابىلىرى

پائول پېللىئوت

## 1906 ـ يىل 9 ـ ئاي

خانئۇي... بىز قۇتلۇق بەگ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى خارابىلىكنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق. مۇشۇ پۇرسەتتە هاساتام (Hasa tam ـ پېتروۋسكىي بۇنى هىزات تام «Hizat tam» دەپ خاتا يازغان) بىلەن ساقال تام (Saqal tam ـ بۇ يەر ستەيننىڭ ئەسىردە تىلغان ئېلىنغان)نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. قۇتلۇق بەگ ئۇ يەردىن ئۈچ دانە تەڭگە تېپىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئۇستىدە ناهايىتى ئوچۇق ئەرەبچە خەت بار ئىكەن (ساقال تامدا)، بىز يەنە بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغان كەپتەرخانا (khapta khona)نى زىيارەت قىلدۇق، لېكىن ئۇنىڭ پەقەت ئىككى يىلىلا ساقلىنىپ قالغانىكەن بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پاكارلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، بۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدىم.

بىز خارابىلىكتىن



پائول پېللىئوت

ساپال بۇيۇم، ئەينەك ۋە پۇل تىپىپ كېلىشكە ئىشلەمچىلەرنى ئەۋەتتۇق. بىزنىڭ ئۇ يەرنى رەسمىي قېزىشىمىزغا شارائىتىمىز يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇيەردە بوران چىقىپ ئىشلەمچىلەرنىڭ قېزىش ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. لولليس. ۋايللانت (Lollis·Vaillant) تەكشىلىك خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزدى، چارلىس. نائۇتتى (Charles Noutte) مۇ تەكشىلىك خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزدى ھەم سۈرەتكە تارتتى. مەن ساقال تامدىن خان تام (Han tam) غا باردىم. ئۇ يەرگە يېقىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ قىرغىقىغا ۋايللانت ئاستىرونومىيىلىك كۆزىتىش بازىسى قۇردى.

... مەن ئاخىرى بوتەي ناغ (مورىتىم (Moritim) غا باردىم. ستەين ئۇ يەرنى ناھايىتى ياخشى بايان قىلغان. ستۇپا (بۇددا مۇنارى) (Stupa – بۇددا مۇنارى) بىلەن ۋىھارا (Vihara – راھىبلار ياتاقخانىسى) ئارىسىدىكى ستەين قازغان بىر ئۆينىڭ



مارالبېشىدىكى ئۇيغۇرلار

خارابىسىدىن ساپال پارچىلىرى ۋە ساپالدىن پىشۇرۇپ ياسالغان ستۇپا قالدۇقىنى بايقىدىم. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەئەللۇق نەرسىلەر ئىكەن. كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن ناسادىيىي پۇللارنى تېپىۋالغان ياكى تېپىۋالمىغانلىقى يولباشچىمنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. ستەين بايان قىلماقچى بولغان يەر دەل مۇشۇ يەر ئىكەن، ئۇ بەلكىم خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مورىتىم (Moritim) نىڭ يېنىدىكى ۋىھارا (Vihara) ئىكەن. پېتروۋسكىينىڭ ماقالىسىدە ئۇ يەر ساقال ئىم دەپ خاتا ئېيتىلغان.

مەن ئۇ يەردىن كەپتەرخانىغا باردىم. پېتروۋسكىينىڭ ئېگىزلىكى 10 روس گەز كېلىدۇ، دېگىنى خاتا بولۇپ قاپتۇ، ئەمەلىيەتتە 3.5 روس گەز كېلىدىكەن. ئۇ ستەيننىڭ پەرىزىچە بولغاندا، ئادەملەرنىڭ سۆڭىكى قويۇلغان جاي ئىكەن. مەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، مۇبادا مەن كۆرگەن ئاشۇ مۇكەممەل ئادەم سۆڭەكلىرى (سانى ناھايىتى ئاز، بىراق پېتروۋسكىي بىلەن ستەين كۆرگەندەك كۆپ مىقداردىكى پارچە ئۇستىخانلار ئەمەس ئىكەن)نىڭ مەۋجۇتلۇقى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قالدۇق سۆڭەكلەرنى قويىدىغان بىر جاي بار ئىكەن، دەپ پەرەز قىلىش كېرەك. چۈنكى، ھېلىقى ئويۇقچىلارغا ئادەمنىڭ مۇكەممەل سۆڭىكى قويۇلماستىن جەسەت كۆلى قويۇلاتتى. (بۇ مەسىلە توغرىسىدا ستەيننىڭ خوتەنگە بارىدىغان يولدا كۆرگەن «كەپتەر ئىبادەتخانىسى»غا قاراڭ. ستەين ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلغان).

مەن بازىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلەمچىلەرمۇ قايتىپ كېلىشتى ھەم ئۇلار بايقىغان نەرسىلەرنى ماڭا بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەينەك پارچىسى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ زىننەت بويۇملىرى، خەنزۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پۇللىرى بار ئىكەن. بۇلار قىممەتلىك ۋە كىشىلەرگە تونۇشلۇق

بۇيۇملار بولۇپ، ئىلگىرى پېتروۋىسكىي بىلەن ستەين ئادەمنى رازى قىلغۇدەك ھېچقانداق نەرسە تاپالمىغان. پېتروۋىسكىي (ستەين بۇنىڭدىن قىلچىمۇ خەۋەرسىز) پەقەت قەدىمكى ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن ئوقۇغىلى بولمايدىغان پۇلدىن بىر دانە تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاقىت (يىل دەۋر) ئامىلى بار كۆپلىگەن كۆركەم ساپال بۇيۇم پارچىلىرى بار ئىكەن.

بۇ كەنتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى بۇرۇن بايقىغان قەدىمكى بۇل ۋە مىستىن ياسالغان كىچىك بۇيۇملارنى ماڭا ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدىم. مەن بۇ شەھەرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكى پەقەت كېيىنچە سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىدىن گۇمانلانمايدىغان بولدۇم.

## 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

مەن ئون نەچچە ئىشلەمچىنى مورىتىم بىلەن قوشۇمچە ۋىھارا ئارىسىدىكى بىرقانچە كىچىك ئۆينى قېزىشقا ئەۋەتتىم. قېزىش باشلىنىپلا بىز رەڭلىك ساپال پارچىلىرى بىلەن چوڭ بۇددىنىڭ قولىقىدىن بىرنى بايقىدۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھاسا تام بىلەن ساقال تامدىكى قېزىشلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېرى ئىدى. مەن مورىتىمدىن توپا تىم (Topa tim) غا بۇرۇلدۇم. كومپاس ماڭا شەرقىي جەنۇب يۆلىنىشىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇ يەر بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمنىڭ 6000 مېتىر ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى ئاتۇشتىن قىزىل بۇيا (Qyzyl boui) دىكى خان ئېرىق (Khai Aryq) قا بارىدىغان يول ئىكەن. يەنە بىر تەرىپى شەرققە كالتە يايلاق (Qalty ailak) قا بارىدىغان يول ئىكەن. بۇ يوللار توپا تىمنىڭ خېلى يىراق جايلىرىدا ئايرىلىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىۋاسىتە ئاتۇشقا تۇتىشىدىغان يولدىن بىرى بولۇپ بىز ئۆتكەن مورىتىمدىن 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۆزئارا

ئۆتمىشىدۇ. بىز ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەن بىر دەريا ئېقىنىدىن ئۆتتۇق. كېيىنچە ئۇ بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدە قېپقالدى. رۇسچە خەرىتىدە بۇ تاغ چوققىسى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورنى خاتا بېكىتىلگەن. ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن شەرققە يېيىلغان، مورىتىمدىن ياكى توپا تېمىدىن كېيىن بولسا شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ يېيىلغان. توپا تېمىدىن كېمەك بىلەن خىش ئارىلاشقان خىش، ئورغۇنلىغان پىشۇرۇلغان خىش، كۆمۈر داشقىلى (داشقال) ۋە ياغاچ پارچىلىرىنى بايقىدۇق. يولنىڭ بىر تەرىپىدە ۋىھارا (Vihara)، يەنە بىر تەرىپىدە شىمالدىن جەنۇبقا 80 مېتىر، شەرقتىن غەربكە 65 مېتىرچە كېلىدىغان بىر خارابىلىك بار. ئۇ يەردە ئورغۇنلىغان ساپال بۇيۇم، كۆمۈر، لاي ۋە كۆيدۈرۈلگەن ساپال بۇيۇملار قالدۇقى بار ئىكەن. قېزىش ئېلىپ بېرىلسا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشى مۇمكىن ئىكەن. كىشىلەر ھەممە يەردىن بىرنەرسە تاپالايدۇ. چۈنكى، بىز شۇ يەردىن، بولۇپمۇ يەر ئاستىدىن چوڭ ئېغىزلىق كۆپتىن بىرنى بايقىدۇق. ئۇ كۆپ مۇكەممەل ساقلانغانىكەن. بۇ كىشىلەر مۇشۇ خارابىلىكتىن تاپالايدىغان ئاشۇ خىلدىكى كۆپ ئىكەن. قېرى بەگ ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا ئۆشۈكى بار، ئۈستىدە خېتى يوق كىچىك پۇلدىن بىرنى تېپىۋالدى. مەن خانئۆيدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان پۇلدىن بىرنى تېپىۋال-



توققۇزسارايدىن تېپىلغان نىقاب كىيىۋالغان ھەيكەل بېشى

ـغانىدىم. بۇ يەردە زادى چوڭ مىس بۇل ئىشلىتىلگەنمۇ ياكى كىچىك مىس بۇل ئىشلىتىلگەنمۇ؟ مۇبادا بەگ ھەقىقەتەنمۇ بۇ بۇلنى مۇشۇ يەردىن تېپىۋالغان بولسا ئۇنداقتا بۇ يەردىكى مىس پۇل بىرقەدەر كېيىنكى دەۋردە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بولىدۇ. پىشۇرۇلغان ساپالنىڭ سىرتقى شەكلىدىن توپا تىم بىلەن مورىتىم (Moritim) دىكى ساپاللار ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ خانىۋەيدىكى ساپاللاردىن بۇرۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

... بىز كەچتە قايتىپ كەتتۇق. كىشلەر ماڭا بىر توركۇم ئەينەك، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەردى. ئۇلارنى كۈندۈزى 15 تەك ئىشلەمچى ھاساتام ۋە ساقال تام ئەتراپىدىن تېپىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىشۇرۇلغان ساپال پارچىسى، چوڭ بۇد ھەيكىلىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ بار ئىكەن، بۇ يەردە ھېچقانداق مىس پۇل تېپىلمىدى. ستەيىننىڭ مورىتىمغا ئىشلەتكەن مانېرىيالى ئەمەلىيەتتە ساقال تېىم بىلەن ھاسا تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسى بار بولدى.

### 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

سائەت 9 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە خانىۋەيدىن يولغا چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 9 سائەت 45 مىنۇت 3 سېكۇنت ماڭدۇق. بىز سائىتىگە 8 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. بىز خانىۋەيدە (مۇشۇ كەنتنىڭ ئەڭ شەرقىي) بىر نۇقتىنى تاللىدۇق. بۇ نۇقتا شەرقىي شىمالىي يۆنىلىش °29 لۇق بۇلۇڭغا جايلاشقان، ئاۋات غەربتە °111 قا، يېڭىئۆستەڭ (Yangostang) جەنۇبىي ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىش °196 قا، ساقال تىم شەرقىي شىمال يۆنىلىش °350 قا توغرا كېلەتتى. بىز 10 دىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە، يولغا چىقىپ ئاۋاتتىن يېڭىسار (Yangichar) غا بارىدىغان يولنى يەنە كەڭ يايلاقتىن مارالبېشىغا بارىدىغان يولنى توغرىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن

كېسىپ ئۆتتىق. 10 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ھارۋىسى مارالبېشىدا سائىتىگە 8 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن بىر بارماقچى بولغان ئاقتاش يولىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى. بۇ يەردىن 300 مېتىر ھالقىپ ئېگىز بىر قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. بۇ قۇم بارخىنى شامال يۆنىلىشىگە توغرىلاپ تۇرغانىكەن. شامالنىڭ بۇ خىل ئوخشاش يۆنىلىشى بۇ يەردە ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كەينىدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن قۇم دۆۋىلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. بىر بايا ماڭغان يول چىغىلىق (Chigchiglik)، قىزىل بۇي تەرەپلەرگە تۇتىشىدىكەن. بىز ماڭماقچى بولغان باشقا بىر يول يېڭىسار بىلەن ئاۋاتتىن باشلىنىدىكەن.

خانئۈيىنىڭ جۇغرا-پىيىلىك كوردىناتى شىمالىي كەڭلىك °33 قا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ كەنت دۆڭكۆل (Dongkul) بولۇپ ئۇنىڭ مەركىزى °161 قا جايلاشقاندەك قىلىدۇ. ئاقتاش شەرق - شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ °289 قا توغرا كېلىدۇ. ئاۋات غەرب - غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە °117 قا توغرا كېلىدۇ. چىغىلىق شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە °230 قا توغرا كېلىدۇ. بىز سائەت 10 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە يولغا چىق-تۇق. بۇ قۇم بارخىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يەر ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.


توققۇز ساراي‌دىن تېپىلغان لاي ھەيكەل بېشى

10 دىن 55 مىنۇت

ئۆتكەندە، چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە 50 مېتىر كېلىدىغان جايدىكى دۆڭكۆل بىلەن ئاققاش ئارىسىغا جايلاشقان بىر ستۇپا(بۇددا مۇنارى) خارابىسى بار جايغا كەلدۇق. بۇ ستۇپا(بۇددا مۇنارى) ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەردە بىر تۇرا (تىم Tim) بار بولۇپ يولباشلىغۇچىم يولنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. بۇ تۇرا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭ كۆلىمى شەرقتىن غەربكە 3.20 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 2 مېتىر كېلىدىكەن. ئۇ ئاققاشنىڭ دەل غەربىگە 281° قا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆڭكۆلنىڭ شەرقىي شىمالى 147° قا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 3.70 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن جاي 2.5 – 3 مېتىر كېلىدۇ. گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن چالما ـ كېسەكنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 14.80 مېتىر كېلىدۇ. بىز 11 دىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە يولغا چىقتۇق. 11 دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە بىر پوتەيگە يېتىپ كەلدۇق. قۇملۇقتا قاراپ تەخمىنەن 6.5 كىلومېتىر يۈردۇق. پوتەي (تۇرا ـ تىم)گە يېتىپ كېلىشكە 100 مېتىرچە قالغان جايدا ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. بىز بۇ يەردە تۇرۇپ پۈتكۈل خانئۆي تۇزلەڭلىكىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتۇق. بۇ كەنتنىڭ ئارقىسى خانئۆي خارابىسى ئىكەن. جۇغراپىيىلىك ئورنى غەربىي شىمالغا 56° كېلىدىغان جايدا ئىكەن. بىز كەچتە قونغان جاي 60° قا توغرا كېلەتتى، دۆڭكۆل بۇ يەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 140°، ئاققاش شەرقىگە 275°، مورىتىم (MoriTim) ئازراق غەربىي شىمالغا 21°، ساقال تام 53° قا جايلاشقان. بىزنىڭ لىنىيىمىزدىكى بۇ يەر غەرب، جەنۇب، شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە 149° قا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئۆلچەشلەر بىر كىچىك خارابىلىكتە ئورۇندالدى. بۇ خارابىلىك كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىككى تامدىن تۈزۈلگەن، ئۇدۇل بۆلۈڭلىرى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. بۇلار شەرق ۋە جەنۇبتىكى ئىككى تامدىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان تەرەپتىكى تاملار

ئاللىقاچان يوقالغان، جەنۇبىي تامىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.9 مېتىر، شەرقىي تامىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.15 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى يەر يۈزىدىن 3.45 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تام شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە °18، جەنۇبىي تام تۈز بولۇش ھالىتىدە ئىكەن.

بۇ كىچىك خارابىلىكنىڭ شىمالىغا 392 قوش قەدەم كېلىدىغان جاي (°347) دا سىرتى تۈت چاسا ھالەتتىكى بىر خارابىلىك توققۇز ھۇجرا (توققۇز ۋىھارا Vihara راھىبلار يېتىپ - قوپىدىغان جاي) دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا خارابىسى جايلاشقانىدى. بۇ نامنى ماڭا دۆڭكۆلدە ئۇچراتقان بىر بالا دەپ بەرگەن. ئۇ مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھېلىقى كىچىك خارابىلىكنى ساپىل (Sapil، ساپال پىشۇرىدىغان خۇمدان) ياكى پوتەي تىم (Potay tim) دەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىز سەپىرىمىزدە ئەڭ بۇرۇن ئۇچراتقان قەدىمكى تۇر (تىم)نى ئۇ چازىچاق (Qazytchaq) دەپ تونۇشتۇردى. «توققۇز ھۇجرا»دىكى خارابىلىكنى يەرلىك كىشىلەر ئاللىقاچان قېزىپ بولغانىكەن. ئۇ يەردە كىچىك دائىرىدە قېزىش ئېلىپ بارغان باللارمۇ بىرقانچە سىس پارچىسى، ئۈستىدە خەت يوق بىر دانە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يارمىقى، ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلغان بىر پارچە كۆك تاش قاتارلىقلارنى تېپىپتۇ. خارابىلىكنىڭ شىمالىدا پاكار ئۆسكەن چاتقاللار بار بولۇپ باللار شۇ يەردە مال باقىدىكەن.

سەينانىڭ ئومۇمىي دائىرىسى 100 ماڭدام كېلىدىغان بولۇپ شەرق - جەنۇب يۆنىلىش بويىچە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپتە بۇرۇن بىرقانچە دالان بار بولۇپ بۇ يەرمۇ ئىلگىرى قېزىلغانىكەن. تاملىرى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان سەينانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىكى تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ ئۇلىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باللار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرنى قازغانلىقىنى دەپ بەردى. چۈنكى، ئۇلار بىزدىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ... ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 15 كۈن بۇرۇن ئۇ يەردىن كۆيۈپ كەتكەن

يىلانبېشىسىمان قۇلۇلە پۇل، بىزنىڭ خاتىرىمىزنىڭ قەغىزى چوڭلۇقىدىكى ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان بۇت ھەيكىلى تېپىلغانمىش. خۇددى مەن بىلگەندەك بىر فرانسىيە پوسى (Pouce، تەخمىنەن 1/2 فرانسىيە گەزگە ياكى 27.07 مىللىمېتىرغا باراۋەر كېلىدۇ) چوڭلۇقىدىكى كۆيۈپ كەتكەن يىلانبېشىسىمان قۇلۇلە قېپى پۇلنىڭ ئوتتۇرىسى ئاق رەڭلىك، ئۇت چۆرىسى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويالغانىكەن. بالىلار ماڭا ئاققاشتا بۇرۇن ھەقىقەتەنمۇ ئوتتىنچى تۇرا (تىم tim)نىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ قىزىل پوتەي (Qyzyl tim) ياكى قىزىل دۆڭ (Qyzyl dong) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن.

... بەزىلەر ماڭا خانئۆيدىن دۆڭكۆل بېشىغا بارىدىغان يولدا ئورغۇنلىغان ساپال پارچىلىرىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز ھازىر دەل دۆڭكۆلنىڭ ئاياغىرىقىدا تۇرۇۋاتاتتۇق. بۇ يول مەن ئوتنجى قېتىم كۆزىتىش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا ماڭغان نىشاندىكى يول بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ يېڭىئۆستەڭ بىلەن دۆڭكۆلنىڭ بېشىغا ئۇدۇل ئوتىشاتتى. ئوققۇز ھۇجرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كىچىك ئىمارەت پوتەي دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى پاۋتەي (Paotai - 炮台) دېگەن سۆزنىڭ ئانچە توغرا بولمىغان بىر خىل تەلەپپۇزىدەك قىلاتتى. شۇڭلاشقا پوتەي (Potai) دېگەن نام ئادەتتە قىزىلچاق (Qozy tchaq) (قىسىلچاق)نى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئەمەس، بىر پوتەي ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ئىسپات يوق. بىراق، مەن بۇ مەسىلە ئادەمنى باشتىن - ئاخىر گۇمانغا سالىدۇ، دەپ قارايمەن.

## 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

سائەت 7 دە دۆڭكۆلدىكى بازىدا ئورنۇمدىن تۇردۇم... بىز ئاقتاشتىكى بىر تۇركۇم ئۆيلەردىن ئۆتتۇق. بۇ بوستانلىق غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدىن شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە سوزۇلغان

ئۆزۈنچاق شەكىلدە بولۇپ ئىككى قوم دۆۋىسى ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتىدىكەن. كىشىلەر بۇ يەردە پەقەت ئىككى تۈر ياكى پوتەينىڭ بارلىقىنىلا بىلىدىكەن، ئۇنىڭ بىرى قىزىل تىم، يەنە بىرى قاغا (Qavha ،Qagha) پوتەي، ياكى تۇر دېيىلىدىكەن. بەزىلەر ماڭا مۇكا تىم (Moka tim) دېيىدىغان بىر يەرنىڭ بارلىقىنى دەپ بەردى. مۇكا تىم ئەمەلىيەتتە مۇرتىمنىڭ باشقا ئىسمى ئىكەن. يەنە بەزىلەر ماڭا چول پوتەي (چول تىم Tchol tim) ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ توپا تىمنىڭ ئۆزى ئىكەن.

قىزىل پوتەي ياكى قىزىل تىم (Qyzyl tim) ئېنىقلا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بىر ستۇپا (بۇددا مۇنارى) بولۇپ، ھازىر گۇمۇرۇلۇپ كېتىپتۇ، ھازىر پەقەت كېسەك تامنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر تەرىپىنىلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن. يەرلىك خەلقلەر بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ بۇ خارابىلىكتىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان تامنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. بىز گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن ئىمارەت خارابىسىدىن مۇرتىمغا ئوخشاشلا سۆڭەك ۋە ياغاچ كۆمۈر (چۆل - چۆل) پارچىلىرىنى بايقىدۇق، ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئايلانمىسى 25 — 30 مېتىر، گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن كېسەك دۆۋىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرى 2.85 مېتىر كېلىدۇ.



تۇمشۇقتىن تېپىلغان بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى

سائەت 2 دىن 9 مىنۇت ئۆتكەندە بىز يولباشلىغۇچىنى ئېلىپ يەنە يولغا چىقتۇق. 2 دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە بىز يولنىڭ سول تەرىپىگە، يەنى گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن ستۇپا (بۇددا مۇنارى)غا 500 مېتىر كېلىدىغان يەرگە كەلدۇق. بىراق بۇ يەر دۆڭكۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قوزىغاق دېگەن يەر ئىكەن. بۇ زادى پوتەي (تىم)مۇ ياكى ستۇپا (بۇددا مۇنارى) مۇ؟ بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز بۇ يەرنى قوزىچاق تىم (Qozoutchaq tim) دەپ ئاتىدى. ئۇ ئېنىقلا دۆڭكۆل بىلەن ئوخشاش يەر نامى ئىكەن. بىراق، مەن سۆزنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى بىلەلمىدىم. 3 دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە بىز قاغا تېمىغا كەلدۇق. بۇ يەر چىقۋاغ (chikawakh) دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئىكەن.

ئاققاش غەربىي 100°قا. قىزىلسۇ (Qyzyl sou) ئۆنىڭ جەنۇبىغىراق توغرا كېلىدۇ. ئاقۇستاي (Aqostay) ئۆنىڭ شەرقىگە 284° كېلىدىغان جايغا توغرا كېلەتتى. ھاجىم بەگنىڭ يۇرتى لەڭگەر (Langar) شەرقىي جەنۇب 252° قا جايلاشقان، ئۆنىڭ شەرقىي جەنۇبى 238° دىن باشلاپ خازانكۆل (Hazankol) گە تەۋە بولۇپ، ئۆنىڭ قاق ئوتتۇرىسى جەنۇب 196° قا توغرا كېلىشى كېرەك. جەنۇبىتىكى قىما (kima) 180° قا جايلاشقان. غەربى 152° تا سەكىزلىك دېگەن يۇرت بار ئىكەن.

قاغا (قارغۇ) تىم (Qarha tim) ناھايىتى بۇزۇۋېتىلگەن. غەربىي قىسمىدىكى گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن چالما - كېسەكنىڭ ئېگىزلىكى 2.50 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىمارەتنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەگلىك تۇراتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ غەربىي تەرىپى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. غەربىي تەرىپىدىكى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تامنى ھېلىھەم كۆرگىلى بولىدۇ. بىز بۇ يەردىنمۇ خۇددى مۇرتىقىغا ئوخشاشلا ھەيران قالارلىق بىلەن ئۆلىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى ئايرىپ تۇرغان شاخ - شۇمبا بېسىلغان قەۋەتنى بايقىدۇق. ئۆلارنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشى ئادەمنى ئۆزىگە بەكلا مەپتۇن

قىلىمدۇ. گۇمبۇرۇلۇپ كەتكەن چالما ـ كېسەكلەر يەر يۈزىدىن خېلى ئېگىز بولۇپ، ئەڭ ئېگىز جايلىرى 40 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بىراق، بىز بۇلاردىن ستۇپا(بۇددا مۇنارى)نىڭ دائىرىسىنى مۇقىملاشتۇرالمايمىز. شەرقىي تەرەپنىڭ يەر يۈزى بىرقەدەر پەس بولۇپ گۇمبۇرۇلۇپ كەتكەن دۆۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىرچە كېلىدۇ. مەن بۇ يەردىن بىرنەرسە تاپالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. قولۇلە پۈل تېپىۋالدۇق دېگۈچىلەر بۇلارنى بەلكىم ساقال تىم بىلەن خازان تىمىدىن تېپىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

سائەت 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە بىز ئاراباش (Arabach) شەھىرىنىڭ مەركىزىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تېرەك، سۆگەت ۋە زەيتۇنلار تىكىلگەنىكەن. مەن بۇ يەردە ئۆزۈم ئۇچراتقان بىرىنچى پوتەينى ئۇچرىتىپ خانىئۆي بىلەن ئاققاش ئارىسىدا كۆرگەن تۇر ياكى پوتەيلەردىن گۇمانلانمايدىغان بولدۇم، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ستۇپا (Stupa ـ بۇددا مۇنارى) ياكى ھېچبولمىغاندا يېقىنقى زاماندا ياسالغان پوتەيدىنمۇ قەدىمىي ۋە باشقىچە ئۇسلۇب بىلەن ياسالغان ئىمارەت ئىكەن.

مەن ئوتتۇرىغا قويغان تىم (tim) توغرىسىدىكى مەسىلىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماقۇل. بۇرۇن ھەقىقەتەنمۇ بىر پوتەي ياكى تۇر بار ئىدى، بىراق ھازىر ھېچقانداق ئىزمۇ قالمىدى. بۇ يەردە 2 ـ 3 پوتەي بار. يولدا بىرسىمۇ يوق، بىراق بۇ يەردىن 9 ـ 12 كىلومېتىر ئايلىنىپ ماڭسا بىر كونا ستۇپا(بۇددا مۇنارى) خارابىسى بارلىقى، ئۇ يەرگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. مەن يەنىلا شۇ يەرگە بېرىشنى قارار قىلدىم. كىشىلەر ئوخشاشلا ماڭسا پەيزاۋات (Paizabad) دىن ناھايىتى يىراق بولغان يېڭى ئاۋات (Yangi abad) دېگەن يەردە قەدىمكى تۇر (tim) دىن بىرىنىڭ بارلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ بارلىقىدىن شەپە بەردى. مەن ئەتە يېڭىشەھەرگە بارماقچى ۋە قونماقچى بولدۇم. مۇبادا ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە مەلۇم ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر بولسىلا مەلۇم بىر كۈنى ئۇ يەرگە

بارماقچىمۇ بولىدۇق.

## 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

سائەت 9 دىن 6 مىنۇت ئۆتكەندە «قەدىمكى شەھەر»گە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى لەڭگەردىكى توپا شەھىرى بولۇپ، چوڭ يولغا 200 مېتىر كېلىدىغان جايدا ئىكەن.

توپا قەدىمكى شەھىرى تۆت چاسا شەكىلدىكى چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بۇلۇڭى B بىلەن، توغرا بۇلۇڭى D جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە ئىكەن. شەھەرنىڭ تاملىرى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 0.09 مېتىر (ئېگىزلىكى)، 0.25 مېتىر (كەڭلىكى)، 0.30 مېتىر (ئۇزۇنلۇقى) كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى تۆت چاسا يەر تۈزلىنىپ پۈتۈنلەي تېرىلغۇ ئېتىزى قىلىنىپتۇ. يول بىلەن تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان يۆنىلىش بىلەن شىمالدىكى بۇلۇڭ گرادۇسى 310° قا توغرا كېلىدۇ، AB يۆنىلىش 150 ماڭدام، CB يۆنىلىش 169 ماڭدام، CD يۆنىلىش 170 ماڭدام، DA يۆنىلىش 120 ماڭدام كېلىدۇ. AB بىلەن شىمالدىكى بۇلۇڭ 230°، CD بولسا 302° كېلىدۇ. ئىككىنچى قوشۇمچە AC 216 ماڭدام كېلىدۇ. B بۇلۇڭ 58°، A بۇلۇڭ 42°، D بۇلۇڭ بىلەن شىمالىي تەرەپ 123° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ.

تامنىڭ قېلىنلىقى 2.80 مېتىرچە كېلىدۇ. تامنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى C تەرەپتە بولۇپ ھازىرقى ئېگىزلىكى 4.80 مېتىر كېلىدۇ، مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

توپا شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بىر كىچىك بوتەي (تۇرا)نى ئۇچراتتۇق، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى C بىلەن 172° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، B بىلەن 128° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان.

C دىن تارتىپ چاق ۋاستى قەدىمكى شەھىرى (Chakh Vasti chahr) 122° لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان،

ئۈنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئوخشاش بىر نۇقتىدا باغ ئوغراق ( Bagh toghraq) دېگەن يەر بار ئىكەن. چاق ۋاستى قەدىمكى شەھرى بىلەن B تەرەپ °168 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، A بىلەن °165 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان.

كىشىلەر ئېيتقان 30 كىلومېتىرچە كېلىدۇ، دېگەن جاي C بىلەن °120 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ. بىز قومluقتىكى باشقا يەردىن ئېگىزرەك، تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان بىر دۆڭلۈكنى پەرق ئەتتۇق. بۇ ئەسلى بىر بوتەي (تىم) بولۇپ ئېگىزلىكى5 — 6 مېتىر كېلىدىكەن. ئۇ B بىلەن °130 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، A بىلەن °116 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان.

باشقا يۇنىلىشلەردە، قومئېرىق (Qoum - Aryq) بىلەن C تەرەپ °232 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان. ئادارا (Adara) بىلەن C تەرەپ °226 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ، A بىلەن °244 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ. بارىن (Baryn) C بىلەن °254 لۇق، بۇلۇڭ A بىلەن °252 لۇق بۇلۇڭ، B بىلەن °210 لۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ.

C دىن F نۇقتىغا 640 ماڭدام كېلىدۇ. بۇ بوتەيمۇ ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نى قوپۇرغان ئۆلچەمدىكى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن، دىئامېتىرى 17 مېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق سۇپا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئۆلىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىتىكى كىچىك دۆڭ... قەدىمكى قۇرۇلۇشنى ھەرقاچان كۆمۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. E نومۇرلۇق بوتەينىڭ سىرتقى شەكلى ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئۇزاق يىللار مابەينىدىكى بۇزۇلۇش ۋە كەتمەن بىلەن كولاش ئۇنىڭ ھالىنى قويمىغانىكەن. غەرب تەرەپتىكى بىر توز تام بولسا ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئىچىدىكى قىسمىدىن قوپۇرۇلغان ياكى كېيىنچە نامنى ئارقىغا يۆتكىگەنلىكتىن پەيدا بولغان بولۇپ، بىز ئۇ يەردە كەتمەن بىلەن كولىغان ئىزلارنى بايقىدۇق، ئۇمۇمەن ئالغاندا، ئۆتمۈشتە ئۇ ھەرگىزمۇ ستۇپا(بۇددا

مۇنارى)نىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى.

سائەت 12 دە بىز پوتەيگە باردۇق، ناھايىتى ئېنىقكى ئىلگىرى ئۇ ناھايىتى چوڭ ئىكەن. لېكىن، ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئادەتتىكى كېسەك ماتېرىيال قىلىنغان. بۇ پوتەينى دېھقانلار كولاپ بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىن توپا ئېلىپ ئېتىزلىرىنى توپىلايدىكەن (قۇۋۋەتلەيدىكەن). باشقا پوتەيلەرگە ئوخشاشلا بۇ يەردىنمۇ يېرىم كۆيگەن ياغاچ چۇچۇلىدىن بىرنەچچە تال بايقىدىم. بۇ پوتەي قوشتىم (Qochtim) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بەك كىچىك ھەم ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن كىچىك پوتەيدىن بىرى بار ئىكەن (غەرب - غەربىي جەنۇب يۆنىلىشكە 5 — 6 مېتىر كېلىدىغان يەردە).

چوڭ پوتەي (قوشتىم Qochtim) نىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى توپا مۇنبەرنىڭ دىئامېتىرى 14 مېتىر، ئۆرۈلۈپ كەتكەن قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 20 مېتىر كېلىدىكەن. ستۇپا Stupa (بۇددا مۇنارى، ئەمەلىيەتتە بۇ پوتەي بۇددىزم يادىكارلىقى ئىكەن)نىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 4 مېتىر كېلىدىكەن.

بۇ يەرنىڭ غەرب تەرىپىدە قوش ئاۋات (Kohch Awat)، شىمال تەرىپىدە بىنەم، يۆگىمەچلىك (Yogimechlik)، جەنۇب تەرىپىدە قىزاقلىق (Keyaghlik) جەنۇب - شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئاچچىق لەڭگەر (Aqhiq langar)، ئوسمان لەڭگەر (Osman langar) ۋە شەرق تەرىپىدە يېڭى ئاۋات (Yangiabad) مەھەللىلىرى بار.

سائەت 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە 120° قا قاراپ يولغا چىقتۇق. 12 دىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە قۇملۇققا كىرىپ شەرققە بۇرۇلدۇق، 12 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە شەرق، شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدۇق، 1 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە بازىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يېتىپ كېلىپ شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە

قاراپ ماڭدۇق. بۇ يول چوڭ يول بىلەن ئۇزاق ۋاقىتقىچە پاراللېل ماڭىدىغان يول ئىكەن، شىمالىي تەرىپىدە قىزىلسۇنىڭ قارشى قىرغىقىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ئېگىز تاغ بار ئىكەن. 1 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە توساتتىنلا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بىر پوتەينى بايقىدۇق. ئۇ پوتەي باشقا دۆڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن، بىز ئۇنى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ستۇپا(بۇددا مۇنارى)مىكىن دەپ قاپتۇق... ئۇ خارابىلىكنىڭ ئىچىدە بۇغداي سامىنى بار ئىكەن، لېكىن بۇ پوتەي بەكلا بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.

سائەت 4 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە چوڭ يولدىن ئايرىلىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭدۇق، 4 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە «كونا شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۇ يەردىكى قاتتىق شورلۇق ئۈستىدە ساپال پارچىلىرى ۋە سۆڭەكلەرنى ئۇچراتتۇق. پاكار دۆڭلۈكلەر سىستېمىلىق ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا قاراپ كېڭەيگەنىكەن. بىراق، ئۇ يەردىن بىرنەرسە تاپالايدىغانلىقىمىزغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدىم. ئاۋۋالقىدەكلا بۇ يەردىنمۇ ياغاچ كۆمۈر بايقالدى. لېكىن، ئۇ يەردە قورشاۋ تامنىڭ ئىزناسى يوق ئىكەن. مۇبادا بۇ يەرگە «قورشاۋ تام» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسەم ئۇ ھالدا بۇ چۆلگە كۆمۈلۈپ قالغان خارابىلىك بولغان بولاتتى، بۇ يەر دەل يولباشلىغۇچىمىز ئېيتىپ بەرگەندەك قەدىمكى شەھەر بولماستىن سەتەين ئىشلەتكەن شۇ خىل مەنىدىكى تېتىر (Titi) دېگەن يەرنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

ئومۇمەن، بىز نۇرغۇنلىغان قەدىمكى خارابە ئىزلارنى كۆرگەن بولساقمۇ، بىراق بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزغا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بىرسىمۇ يوق ئىكەن. بۇ بەلكىم بۇ جاڭگالدا كىشىلەر تېخى بايقىمىغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پوتەي ستۇپا (بۇددا مۇنارى)لارنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قۇملۇق، شورلۇق ۋە

قۇتلۇقبەگ (Qoutloug Beg) تاتى (Tati) دەپ ئاتىغان يەرلەردىن ۋە ئۆتمۈشتە بۇ ماكاننى سۇغارغان دەريا ئېقىنى (يولباشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە 1700 يىل بۇرۇن)دىن ئۆتكەندىن كېيىن تاغنىڭ جەنۇبىغا 2 ـ 3 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر جايغا يېتىپ كەلدۇق. يەر ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى بۇ يەرنىڭ ئۆتمۈشتە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ چۈشكۈن قىلىدىغان جايى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرەتتى. كۆيۈپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاشۇ نەرسىلەرنى «ئىككى مىڭ يىل» بۇرۇنقى كىشىلەرگە، يەنى ئاشۇ «بۇددىست» (كۇپپار)لارغا تەۋە دەپ قارىساق تامامەن بولاتتى. بىراق، ھېلىقى كۆيۈپ دۆۋىلىنىپ كەتكەن نەرسىلەر دەل ئاشۇ كىشىلەر تاغدىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن مىس كان داشقىلى ئىكەن. بىز سائەت 10 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە بۇ نەرسىلەرنى ئۇچراتقاندۇق، كېيىن 10 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندىمۇ يەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئۇچراتتۇق، 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بىرقانچە تامنى ئۇچراتتۇق، ئاندىن بىر قورۇلۇش خارابىلىكىگە كەلدۇق، قۇتلۇقبەگ بۇنى پوتەي (Potai) دەيدۇ. لېكىن، بۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلەلمىدىم. بۇ قورۇلۇش دۆۋىلىرىدىن خىش پارچىلىرىنى ئۇچرىتالمىدۇق. ئۇ بەلكىم بىر ستۇپا(بۇددا مۇنارى) بولۇشى مۇمكىن. بۇ خارابىلىك پەقەت كونا شەھەر دەپ ئاتىلىدىكەن. بىراق، قۇتلۇقبەگ ئىمام جەفەر سادىق (Imam Djapa Sadxq)، مەشھۇر ئىمام، ئۇنىڭ مازىرى خوتەندە) تەزكىرىسىگە ئاساسەن، بۇ شەھەرنى چوقۇم شەھرى قۇپۇت (Chahri koupout) دەپ ئاتاش كېرەك، دەيدۇ.

بىز ستۇپا (بۇددا مۇنارى)دا چۈشلۈك تاماق يېدۇق، ئاندىن سائەت 12 دىن 10 ~ 12 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە يولغا چىقتۇق. بىز ناھايىتى تېزلا قورشاۋ تاملىرى بار بىر قەدىمكى ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنى ئۇچراتتۇق. يەرلىك خەلقلەر ئۇ يەردىنمۇ ئازراق توپا ئاپىتۇ ياكى قېزىش ئېلىپ بېرىپتۇ. يەرلىك خەلقلەرنىڭ قېزىش نەتىجىسى توغرىسىدا ھېچقانداق توغرا ئۇچۇرغا ئىگە

بولالمىدىم، شۇنداقتىمۇ كولانغان قورۇلۇشنىڭ كىسەكلىرى يەر يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ خىشلار ئالاھىدە تىپقا تەۋە بولۇپ بۇ خىشنى مەن شىنجاڭدا ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر خىل پىشۇرۇپ ياسالغان پىششىق خىش (Pichyq kechi) بولۇپ شەكلى تۆت چاسا، يۈزى تۈز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.28 مېتىر، قېلىنلىقى 0.04 مېتىر كېلىدىكەن. ئۆيىمىڭ ئۇلىدا بىر تام بولۇپ ئۇ يەر پۈتۈنلەي كولىۋېتىلىپتۇ. بىز ئۇ يەرنىڭ يېنىدىن نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۇستىخانلىرىنى بايقىدۇق، ئاندىن كېيىن ئۆردەكلىك (Ordeklik) كە قايتتۇق.

ئومۇمەن بۈتۈن ئۆردەكلىك (Ordeklik) دىكى كەڭلىكى 20 ـ 25 كىلومېتىر كېلىدىغان (خانئۆيدىن، يەنى مارالبېشى تېغىنچە بولغان رايونلار) تار، ئۇزۇنچاق بەلۋاغسىمان رايوندا قەدىمدە ئىنسانلار ياشىغان، بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قاقاسلىشىپ قۇملۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن، زادى كىم، قاچان بۇ يەردە ھايات كەچۈرگەن؟ مېنىڭ ھەيرانلىق بىلەن بىلمەكچى بولغىنىم شۇكى، زادى كىملەر بۇ پىششىق خىشنى ئىشلەتكەن؟ ئۇ خىشلار مەن كۆرگەن ھەرقانداق بۇددىزم ۋە ئىسلام بىناكارلىقىدا ئىشلىتىلگەن خىشلار بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

## 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

ئاخىر سائەت 10 لار ئەتراپىدا ئەزالىرىم يولغا چىقتى ھەم ئۇلار ھەرگىزمۇ چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن بۇرۇن قايتىپ كەلمەيتتى. ئۇلار كەتمەن ۋە بىزنىڭ ئۈچ دانە گۈرجەكلىرىمىزنى ئېلىۋالغانىدى. بىراق، ئۇلار يەر يۈزى ساپال پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن تۈز يەرلەرنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۆردەكلىك خانئۆيگە ئوخشاش «ئۆلجىلار» ناھايىتى مول يەر ئىكەن. بوران قېزىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. مەن بىر كونا ئۆينى ئاچتۇرۇپ ئۇنىڭدىن سۇنۇق ئەينەك پارچىلىرى، تۇنۇگۈن

كۆرگەن پىششىق خىشقا ئوخشاش تۆت چاسا خىش ۋە ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى بايقىدىم. يېقىن ئەتراپتىن كىشىلەر نۇرغۇنلىغان پۇللارنى يىغىپ كەپتۇ. ئەڭ - شۈبھىسىزكى ئۆردەكلىكنىڭ شىمالىدىكى ئىمارەتلەر ئىسلامىيەت دەۋرىدە بۇزۇۋېتىلگەن، ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى.

1906 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇمشۇقتا يېتىپ كەلدۇق. بىز ناھايىتى يىراقتىنلا تاغ ئۈستىدىكى خارابىلىكنى پەرق ئېتەلىدۇق. ئۇلار ئىككى نەرىپتىن تۇمشۇقنىڭ يولىنى توسۇۋالايلا دەپ قالغانىدى. «تۇمشۇق» (Toumchoq) «قۇش تۇمشۇقى» ياكى »تاغ تۇمشۇقى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇ چوقۇم شەرقىي جەنۇبتىكى كىچىك تاغ تىزمىسىنىڭ نامى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ يول مۇشۇ تاغنى بويلاپ ماڭىدىكەن. بىزنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن تەكشۈرىدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىمارەتلەر خارابىسى ئىدى. تاملار ئادەتتە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ كېسەكلەر ناھايىتى تەكشى، قېلىنلىقى ئادەتتە 0.09 مېتىر كېلىدۇ. ئاشۇ شاخ - شۇمبىلار بېسىلغان تام ئۇلى ئۆينىڭ ئاستىنقى قىسمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇلۇڭدا مۇئەييەن ساندىكى تىك تۈۋرۈكلەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردە ساپال پارچىلىرى، ياغاچ كۆمۈر (كۈل؟) كۆپ ئىكەن. شاخ - شۇمبىلارنىڭ كۆپ قىسمى قومۇش ۋە سامانىنى ئاساس قىلغان. بىز ناھايىتى تېزلا يېشىل سىرى بار، پىشۇرۇلغان خىشتىن بىرقانچىنى تاپتۇق. بۇ خارابىلىكتىكى ئىمارەتنىڭ كۆلىمى چوڭ ھەم سانىمۇ كۆپ ئىكەن. ھازىرغىچە ئۆرۈلمەي تىك تۇرغان تامغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلار دەۋرىدىن بۇرۇن ئەمەستەك قىلاتتى. بۇمۇ دەل سۋېن ھېدىننىڭ كۆزقارىشى ئىكەن. يەر ئۈستىدىكى كولانغان ئىزلارنى يەرلىك كېپەن ئوغرىلىرى قېزىۋالغانمۇ ياكى ئالدىنقى يىلى تۇمشۇقتا ئىككى كۈن توختاپ ئۆتكەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى

ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا قالدۇرۇپ قويغانمۇ بۇنى بىلەلمىدىم. لېكىن، خارابىلىكتە بىرقانچە پارچە كۆيدۈرۈلگەن لاي پارچىلىرى بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەيكەللەرنىڭ كىيىمىدىكى قاتلاق رەسىملىرىنى تونۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. نائۇتتى بىلەزۈك تاقايدىغان بىغىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەيكەل پارچىسىدىن بىرنى تېپىپ كەتتۇ. شۇڭلاشقا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەيكەل ياسىمايدۇ. كارىدورنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى خارابىلىكنى تەكشۈرۈش بىزگە قانداق سىرلارنى ئېچىپ بېرىدۇ، قاراپ باقايلى.



تۇمشۇق خارابىسى

چۆل باياۋاندىكى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان خارابىلىكتە، كارىدورنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پۈتۈن تۈزلەڭلىكتە سان - ساناقسىز كېسەك ئۆيلەر چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلاردىن كىشىلەر بىر زامانلاردا ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر شەھەرنىڭ بولغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ. قۇتلۇقبەگنىڭ قارىشىچە بۇ دەل مۇقاتىل (Malatil)نىڭ قەبرىسىمىش.

ئۆردەكلىكتە تارقالغان رىۋايەتتە ئۇچتۇرپانلىقلار (قەبرىنى) بەر - بەر (Bar - bar) دەيدۇ، دېيىلگەن. مەن بۇ يەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتنى ئاڭلىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ دەۋرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى تاغنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ناتۇنتى بىر مۇنارنى ئېنىقلاپ چىقتىم دېدى، ئۇ بەلكىم بىر ستۇپا (بۇددا مۇنارى) بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردىكى تاغ چوققىسىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر نەرسە تۇرغاندەك قىلاتتى.

## 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

مەن سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ خارابىلىككە ئاتلاندىم. بۇ جايدا ناتۇنتى بىلەن ۋايىللانىت ئۇپۇق مېرىدىئان سىزىقلىرى ئارقىلىق 1 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يولنى ئۆلچەۋاتاتتى. جۇڭگولۇق چېرىك مەندىن ئىشلەمچى ئىشلىتىدىغان ياكى ئىشلەتمەيدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بۈگۈن پەقەت بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمەن دېدىم، لېكىن ئۇ ماڭا. ئىككى كىشىنى تونۇشتۇردى. مەن ئۇ ئىككىيلەننى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتىم. بىز غەربىي شىمالغا بارىدىغان يول ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن چوقۇم بىر قاقاسلىقنى بېسىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىكەن. ئۇ يەردىمۇ بۇ يەردىكى باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تورالغۇ ئۆي خارابىلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا دالىدىكى مۇداپىئە قورغىنى بىزنىڭ چوڭ ئىمارەت خارابىسىگە كېلەي دەپ قالغانلىقىمىزدىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرى تۆت چاسا شەكىلدىكى ئەينەكلىك قورغاندىن كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئىككى تامنى ياقىلاپ تاغ چوققىسىغا چىقتىم. تاغ ئۈستىدە سەككىز قات شاخ - شۇمبىدىن ياسالغان، ئۆزۈل ئۈستىگە پىششىق خىشلىق قوپۇرۇلغان بىر ئىمارەت بار ئىكەن. بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىدە نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى،

ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە كۆيۈپ كەتكەن ياغاچلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ يەردە يەنە ئەينەك پارچىلىرىمۇ بار ئىكەن. مەن بۇلارنى چوقۇم مۇسۇلمان خارابىلىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى دەپ قارىدىم. مەن تاغ ئۈستىدىكى بۇ خارابىلىكنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا ھېلىقى ئىككى ئىشلەمچىنى تۈزلەڭلىككە بېرىپ قەدىمكى يول تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئۇلار ماڭا ئۇ يەردىن ئۆرغۈن كونا يول تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

بۇ قېتىملىق ئاددىي تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاغدىن چۈشۈپ بۇ تاغنىڭ جۇۋىللاڭلىرىغا كىرىپ، ئاندىن جەنۇبىغا قاراپ بورۇلۇپ مېڭىپ، بىز تۈنۈگۈن تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىمارەتلەر بار دېگەن جايغا كەلدىم. مەن بۇ يەردە پىششىق خىشتىن تۈز قىلىپ قوپۇرۇلغان، يولغا قارايدىغان تەرىپى رەڭلىك بېزەلگەن (بولۇپمۇ يېشىل ۋە كۆك رەڭدە) تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى ئۆينى بايقىدىم. سۆرۈن ھېيدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغان، بۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە كېيىنكىسىن قوپۇرۇلغان چوڭ دەرۋازىلىق سەينا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىمۇ سۆرۈن ھېيدىن بايان قىلىپ ئۆتكەن. سۆرۈن ھېيدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ. بۇ توغرىسىدا مېنىڭ ھېچقانداق غەيرىي پىكرىم يوق. بىراق، كۆڭلۈمدە گۇمان قالماسلىقى ئۈچۈن خارابىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ۋە ئەڭ يىراق يېرىدىكى بىر بۇلۇڭغا باردىم. ئۇ يەردىن تاسادىپىيلا ساپال پارچىسىنى بايقىدىم، ئۇلار كېيىمنىڭ قاتلاقلىرىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرى بىر دانە پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولغان بىر دانە قولنىڭ ئوبرازى بولۇپ ناھايىتى نەپىس ياسالغان، ئىنچىكە بارماقلىرى ۋە باش مالتىقى بىلەن ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان كەمتۈك بىر نەرسىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىكەن. بۇلاردىن بارلىق گۇمانلىرىم يوققا چىقتى. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايىدا ئەمەس، بەلكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە تۇرۇۋېتىپتۇق، مەن

ناھايىتى تېز بىر دانە باش ھەيكەلنى بايقىدىم، لېكىن ئەپسۇس ئۇ چېقىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ لۇنپيۇس تېغىدىكى زېئۇس (Zeus) نىڭ مەلۇم ئوبرازىغا ئاساسەن ياسالغان بۇد ھەيكىلى ئىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ كازاك ئۇسلۇبىدىكى قامچا بىلەن يەر يۈزىنى ئاستا مىدىرلىتىۋېدىم، شۇئان غەلىتە بىر باش ھەيكەلنى بايقىدىم. ئۇ تىلىنى چىقىرىپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، مەلۇم قوغدىغۇچى تەڭرى (Lokapala) نىڭ باش ھەيكىلى ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك ئىكەن. مەن ئەتە ئۇنى قېزىپ چىقارماقچى ھەم ساپال پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھېلىقى ئەخلەت دۆۋىسىنى رەتلىمەكچى بولدۇق. مۇشۇ چاغدا مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ كازاك ئۇسلۇبىدىكى قامچام بىلەن ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىكى بىر يىلاننى ئۇرۇپ قويدۇم، بۇ ئىش ئەسلىدىلا باتۇر ئادەمنى خۇشال قىلاتتى. مەن قول ئاستىمدىكى ئادەملەرنى چاقىردىم، ئۇلار بىرقانچە پارچە ئەينەك پارچىسى



تۇمشۇق خارابىسىدىكى بۇت سۈرىتى

تېپىپتۇ.

بەزىلەر ماڭا شىمال تەرەپتە بىر بوتەي بارلىقىنى دەپ بەردى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ، بۇ كۆلنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن چۆلدە نەچچە كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىمنىڭ مىش - مىش گەپلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ ئۇنى تېپىشنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىز ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر كۆلنى ئۇ يەرگە يەنە بىر بارايلى دېيىشىپ قايتىپ كەتتۇق، مەن بۇ ئامەتلىك كۆلدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم، چۈنكى بۇ كۆلنى مەن تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرت بۇددىزم سەنئىتىنىڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەلۇم ئۆرنىكىنى قولغا چۈشۈرگەنىدىم. چوڭ ئۈمىد باغلاپ خىياللىرىمنىڭ بەربات بولماسلىقىنى تىلىدىم.

مەن بىزنى قوغداپ ماڭغان جۇڭگو چېرىكىگە 15 ئادەم ئىشلىتىدىغانلىقىمىزنى دېدىم. ئۇ ھازىرلا بۇيرۇقنى يەتكۈزەي، دەپ ئاددىيلا جاۋاب بەردى. بۇ نېمىدېگەن ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان ماكان - ھە! مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام مۇ مەن قول ئاستىمدىكىلەردىن بالدۇرراق يولغا چىقىپ شەرقىي جەنۇبتىكى تاغ ئۈستىگە چىقىپ نائۈنتى كۆرگەن ھېلىقى مۇنارنى



توققۇز ساراي خارابىسىدىن تېپىلغان بۇدساتۋا ھەيكىلى

تەكشۈرمەكچى بولدۇم. چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇنار بولۇپ ئوتتۇرىسىدا ئۆت قورغان بار ئىكەن. يەرلىكلەر ماڭا: بۇ قەبرىنىڭ ئەگمە تورۇسى بىر خىل گۈمبەزگە ئوخشايدۇ، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ 100 يىل ئاۋۋالقى نەرسە، دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. بىراق، بۇ ماتېرىياللار مەندە گۈزەل ئۈمىد-لەرنى پەيدا قىلدى. بىزنىڭ ئۇچراتقىنىمىز ئادەتتىكى بىر ئۆي بولماستىن، يۇمىلاق ئەگمىلىك بىر ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئىدى.



توققۇز سارايدىكى قاپارتما قىلىنغان يارالمىش قىسسى

ياشىنىپ قالغان بىر يەرلىك كىشى ماڭا ئاقسۇ قەدىمكى يولىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يول ھازىرقى يولنىڭ سەل شەرقىگىرەك توغرا كېلىدىكەن. ئۆۋەندىكىلەر ئۇ ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇلار ھېلىقى چېرىكنىڭ تونۇگۇن ماڭا تونۇشتۇر-غان ئەھۋالى بىلەن ئانچە

ماس كەلمەي قالدى. ئۇ يولنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە: مارالبېشى بىلەي تاش (Belai tach)، تۆۋەن تاغ (كۆك چۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قىڭراق (Kingrak)، ئىروندو (Irundo)، دۆڭ زارات (Dongzarat)، دۇجۇن (Dutchun)، سايئېرىق (Saiaryq)، ئاقسۇ. بۇ يولنى كىشىلەر بىر ئەسىرگە يېقىن ئىشلەتكەن. ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىدىكى سىغىزلىق (Sigislik) دېگەن يەردە پەقەت 4 ـ 5 ئائىلىلىكنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بۇ قەدىمكى يولنىڭ قىسمەن يېرى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەنگەن يول بىلەن ئۇزۇنارا ماس كېلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭدىكى قەدىمكى نام بىلەن ھازىرقى نامنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشىمىز ناھايىتى مۇشكۇل. بۇ شىنجاڭ خەرىتىسىنى ئالدىنقى ئەسىر ئۇچۇن ئىبىستقاندىمۇ ئىشلىتىش ناھايىتى قىيىن ئىدى.

روسچە خەرىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، تۇمشۇقنىڭ شىمالىنى كىشىلەر جايدى ئۆرتەڭ (Djajdy ortang) ئەمەس، يايدى ئۆرتەڭ (Yaidy ortang) دەپ ئوقۇيدۇ، كەلپىن ئۆرتەڭ (Qglpyn ortang) نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى چوڭقۇرۇم (Tchan kourum) بولسا، چوڭ قورۇل (چوڭ قارا ئۇل (Tchon qaraoul) دېگەننىڭ خاتا يېزىلىشىدىن بولغان.

### 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

سەھەردە ئەزالىرىمىز يىغىلىپ يولغا چىقىشقا تەق بولدى، مەن ھېلىقى جۇڭگولۇق چېرىككە نائۈنتى ئەپەندى ئالدىنئالا يولغا چىقىدۇ، مەن بىردەم تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىمەن دېدىم. چۈنكى، مەن بۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ، بىز جەنۇب ـ غەربىي جەنۇبتا كۆرگەن ئاشۇ خارابىلەرنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. شۇئان بىر ئات مىنگەن كىشى ماڭا يولباشچى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز بىر مىنۇتمۇ ھايالشىماي تۇمشۇقنىڭ ئۇنۇمسىز تېرىلغۇ رايونىدىن يولغا چىقىپ، يېرىم

قورغاق، يېرىم سازلىق را-يونىدىن كېسىپ ئۆتتۇق. ئۇ يەردە ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى تىك ئورچۇق شەكىللىك گۈل - گىياھلار باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى توزغاقنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ناھايىتى تېزلا يېڭى بىر سازلىققا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە نورغۇنلىغان ياۋا ئۆردەك ھەم توپ - توپ بولۇپ يۈرگەن كىچىكرەك ياۋاش ئاققۇلارنى ئۇچراتتۇق. ئەڭ ئاخىرى بىز تۇمشۇقتىكى كىچىك بىر تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى تويۇقسىزلا كەڭ كەتكەن سازلىققا چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قەشقەر دەريا (Kachgar daria) نىڭ ئېقىنى ئىكەن. تۇمشۇقنى سۇغىرىدىغان ئۆستەڭ دەل مۇشۇ ئۇلۇغ سۇ يۈزىدىن باشلىنىدىكەن. بىز بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ شەرقتە مىسغىنزلىق، جەنۇبتا تىگەن دەرياسى، غەرب - غەربىي جەنۇب تەرەپ تۆۋەن تاغ، غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداش بولغان كولاپ تاغ (kolap tagh)نى كۆردۇق. بىز سازلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى جايدىن يولغا چىقىپ شىمالىي يول تەيلىمە چۆل (Tailama tchol) ئارقىلىق تۇمشۇققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ دەريانىڭ ئېقىنى ناھايىتى قىسقا ئىكەن. چۈنكى، مېنىڭ ئىشلەمچىلىرىم ئىچىدە تىگەن دەرياسىدىن تېپىپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. شەرقىي شىمال تەرەپ ھەم ئۇنىڭ يىراق جايلىرىدىكى بىر قاتار دەرەخلەر ئادەم ئۇلتۇر- مايدىغان چۆللۈكتىن نىشان بېرەتتى.


توققۇز سارايدىن تېپىلغان بۇت ھەيكىلى

بۇ بىز تۇمشۇقتا كۆرگەن مۇنار بار تۇمشۇق

تاغنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. مەن ناھايىتى يىراقتىنلا ئۇنىڭ ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئەمەس، بەلكى پاكارراق تۆت تەرەپلىك مۇنار ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر خىل شەھەر مۇداپىئە سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، بۇ سىستېما تاغنىڭ ئىككى ئۇچىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا قاراپ 180 مېتىرچە سوزۇلغان، مەخپىي ئىشىكنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 75 – 80 مېتىر كېلەتتى. ئىمارەتنىڭ قورۇلمىسى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. كېسەكلەر ئادەتتە 0.09 – 0.10 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، تۈز ياتقۇزۇلۇپ قوپۇرۇلغان. بىز بۇ يەردىن بىر قىسىم ساپال پارچىسى ۋە يېرىم كۆيگەن ياغاچ پارچىلىرىنى تاپتۇق. ئۇيىنىڭ قومۇش ۋە بۇغداي سامىنىدىن قوپۇرۇلغان ئۇلى تۇمشۇق تاغدا كۆرگەنلىرىمىزگە ئوخشايدىكەن. بۇ يەردىن پۇل ۋە ساپال پارچىلىرىنى تاپالمىغان بولساممۇ، پەقەت بىرقانچە پارچە پىشۇرۇلغان خىش (پىششىق خىش) پارچىسىنى تاپتىم. پوتەيىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تۆت پارچە سۈرەت بار. غەربىي جەنۇب تەرىپىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى دەل شەرققە قاراپ ئېچىلغان بىر مەخپىي ئىشىك ئىدى. ئۇ ئىشىك چوڭ تامدىكى ئۆڭكۈردىن ئېچىلغان بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ30 مېتىرچە كېلىدىغان يېرىنىڭ قېلىنلىقى 6 مېتىر كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر دانە كىچىكرەك ئۆڭكۈرمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ئېغىپ T شەكلىگە كېلىپ قالغان. بۇ ئۆڭكۈر ئالدىغا 3.50 مېتىر چىقىپ قالغان، ئۇنىڭ كەڭلىكى 2.30 مېتىر كېلىدۇ. مەخپىي يولدىكى ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 1.50 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.7 مېتىر كېلىدۇ.

ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىغاندا ھەممە نۇقتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن، شەرقىي جەنۇبىي قۇملۇقنىڭ يىراق تەرىپىدە بىر تىك تۆتبۇلۇڭلۇق مۇنار بولۇپ ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي 3.50 مېتىر، ھەرقايسى تەرەپلىرى 4.50 مېتىر كېلىدىكەن. ئىككى تەرىپىدە تىك يېرىقچە بار

بولۇپ، بۇ مۇنار بىر خىل موردىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئېلگىرى ئۇ يەرگە بىر تۇغ سانجىلغاندەكمۇ قىلاتتى.

تاغ ئۈستىدىكى خىش تام شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ غەرب - جەنۇب تەرىپى 8 — 10 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. مەن يەنە تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىدىكى تۈمشۈق خارابىسىگە قويۇندەك ئاتلىنىپ سائەت 10 دا ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم. مېنى ساقلاپ تۇرغان پۈرسەتتە نائۇنتى كىشىلەرنى تەشكىللەپ سەينادىكى ئاساسلىق قورۇلۇشنى ئازراق تەكشۈرۈپ ھېچقانداق بىزەلمىگەن بىر پارچە قارا سوۋاق كاكىلىنى قېزىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدا بۇ قورۇلۇشنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلغۇدەك ھېچقانداق ئالامەتلەر يوق ئىكەن.

مەن نائېقان يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى ستۇپا(بۇددا مۇنارى) دەپ پەرەز قىلغان ستۇپا(بۇددا مۇنارى)غا ئېلىپ كەلدىم، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنى بۇ يەرنى قېزىشقا بۇيرۇدۇم. بىز ناھايىتى تېزلا بېتونغا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇمىلاق تاش ئاختايلىق يەر يۈزىنى كولاپ چىقتۇق، ئاندىن كېيىن يوغان خىشلارنى بايقىدۇق، ئۇنىڭدىن قەشقەردىكى قىزىل دۆۋە (Quzyl Debe) گە ئوخشاش ئەگمە تورۇسلۇق غاردىن بىرنى بايقىدۇق. بىرقانچە خىش ئارىسىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى بايقىغىنىمىزدا، بۇ خىل قارىشىمىز ئىسپاتلاندى. لېكىن، بىز ناھايىتى تېزلا ئەڭ دەسلەپكى تەسىراتىمىزنى چۈشىنىۋالدۇق. بۇ يوغان تېخى پىشۇرۇلمىغان «خىشلار» ئەمەلىيەتتە ئىش پۈتكەندىن كېيىن ستۇپا(بۇددا مۇنارى)نىڭ ئاستىغا قويۇلغان قەبرىدىكى ئۇستىخانلار ئىكەن. ئۇلار جەسەتنىڭ ئۈستىگە ئالاھىدە، قوش قەۋەت قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، توپا ۋە لايلارنىڭ ئۇستىخان ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايتتى. بىز ئوخشاشلا بۇ قەبرىلەرنى بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان دەپ مۇقىملاشتۇردۇق.

جەسەت ئورالغان رەخت ناھايىتى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، ئېخىمچە ئازراق مايلاشقان باش ئېرىسى باش سۆڭىكىگە چاپلىشقىلىق تۇراتتى.

رەخت ۋە جەسەتنىڭ بۇ خىل ساقلىنىش ھالىتى، بىزنى ئېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى، ئوخشاش بىر ئورۇندىن بايقالغان بۇددىزىم دەۋرىدىكى قومۇش، چوكا ۋە ئارغامچىلارمۇ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان. ئۆلگۈچىنىڭ پۈتىنى غەربكە قارىتىپ قويۇشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر ئەر ۋە بىر بالىنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېلىپ كەتتۇق. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى يەر يۈزىدە بۇددا دىنىغا ئائىت بۇيۇملارنىڭ ئۇرغۇنلىغان پارچىلىرى بار ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ قورۇلۇشلار جەسەتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇنلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن، بىزمۇ بۇ يەردىن بىر قىسىم قاپارتما بۇيۇملارنى ئاپتۇق. مۇسۇلمانلار بۇ يەردە دىنداشلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر پاناھگاھ بىلەن تەمىنلىگەن. قەبرىستانلىقىنىڭ دەۋرى توغرۇلۇق ئېخىمچە ئېنىق ئىسپات يوق. ھازىرقى ئاھالىلەر چوڭ قەبرىستانلىق ھېسابلانغان تۇمشۇق خارابىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىكەن. مەن شەك-شۈبھىسىزكى بۇ يەرنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۆيلەر بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردىكى



تۇمشۇق خارابىسىدىن تېپىلغان بۇت قۇيىدىغان قېلىپ

مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقى دەپ قارايمەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

مۇشۇ چاغدا بىز ئالدى بىلەن بىرقانچە ئۇستىخان پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتۇق، ئاندىن كېيىن قېرى ئايالنىڭ ساپالدىن ياسالغان بېشىدىن بىرنى، بىر دانە تۆگە بېشى، بىر دانە قۇش (كەپتەر؟)، مەلۇم قول ۋە پۇتنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ھەيكەل قاتارلىقلارنى تاپتۇق. ئەڭ ئاخىرىدا ئالدىدىكى ئايالنىڭ بېشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قېرى ئايالنىڭ ساپالدىن ياسالغان باش ھەيكىلىدىن بىرنى قېزىپ چىقتۇق. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەجمى ناھايىتى كىچىك ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇت ۋە بۇدساتۋانىڭ كىچىك باش ھەيكىلىدىن بىر - ئىككى دانە بار ئىكەن. ھەرقانداق باش ھەيكىلىدە مەن تونجى قېتىم تەكشۈرۈشتە تاپقان ھېلىقى ئۇزۇن چاچلىق پۇت ياكى غەلىتە ياسالغان قوغدىغۇچى مۇھەككەل ئالاھىدىلىك يوق ئىكەن.



بۇدساتۋا ھەيكىلىنىڭ قالدۇقى

بۇ قورۇلۇش خارابىسى پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپتۇ. بىز بۇ تامنىڭ ئۇلىنى كۆرەلىمىدۇق. ھەربىر تەرىپى 10 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدىكەن. مۇبادا ئۇ يۇمىلاق شەكىلدە بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى دىئامېتىرى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

مەن بۇ يەردە ئىلگىرى بۇددا دىنىنىڭ

مەۋجۇتلۇقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن، چۈنكى ھەممە يەردىن بۇددىزىم خارابىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ پەرەز ئەمەس، ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن ھەيكەل پارچىلىرى ئۇنىڭ (بۇددا دىنى دېمەكچى) ناھايىتى توغرا بولغان ئۇسۇلى ئىكەن. بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. بىزنىڭ شەرق تەرىپىمىز ۋە ئوتتۇرىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئەتراپىدىن قېزىپ چىققان توپىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر نۇقتا قېزىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئەتىكى، بەلكىم كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە، قىلىدىغان خىزمەت ئىدى.

بۈگۈن نائۈتتى 18×24 لىك ئۆلچەمدە، ھەرە، كۈنىكىدەك كىچىك ئۆيلەرنى سۈرەتكە تارتتى. ئۇ مۇسۇلمانلار قۇرۇلۇشىدەك قىلاتتى.

قايتقان چاغدا يىگىت فازىل (Djigit Fasil) ماڭا ئۆزىنىڭ بىز تۈنۈگۈن بىكار ئاۋارە بولۇپ ئىزدىگەن پوتەينىڭ خەۋىرىنى ئۇقتۇشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ شىمال تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى بىز ئۇيۇقتىن يىراقتا قارايدىغان بولساق كۆرۈنگەن قۇم بارخىنىنىڭ تېخىمۇ يىراقتىكى جايىدا ئىكەن. بۇلار بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىش غەيرىتىمىزنى يوقىتا چىقاردى. ئۇ يەر بەكلا يىراق ئىكەن. بۇنى ئاخىرى ئىسپاتلاپ چىقتۇق.

## 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

تۈنۈگۈن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 5 گرادۇستا چۈشۈپ قالدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بەزىلەر ماڭا ئىلگىرى تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى خارابىلىكتىن تاپقان بۇيۇملارنى ئەكەپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە روڭنىڭ (荣宁) يىللىرىدا قۇيۇلغان ناھايىتى چوڭ جۇڭگو پۇلىدىن بىرى بار ئىكەن. مەن خانتۆيدىنمۇ ئۇنداق پۇلدىن بىرنى تاپقانىدىم. يەنە كېلىپ ھورنىل (Hoernle) ئېلان قىلغان ئەنگلىيەدىكى بىر يۈرۈش پۇللار ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق پۇلدىن بىرى بار ئىكەن. «غەربىي يۇرت خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىمۇ ئۇ

ئىلغا ئېلىنغان، شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ يەردە ئوبوروت قىلىنغان بىر خىل پۇلدەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پۈتۈنلەي ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان مۇسۇلمانلار (ئىسلام) پۇلىدىن بىر ـ ئىككى دانە، بىر پارچە قاشتېشى ۋە قىممىتى يوق بىرقانچە دانە ياقۇت قاتارلىقلار ئىكەن. يولدا قول ئاستىمىدىكى كىشىلەر بىر پارچە سۈسۈن خرۇستال تېپىۋالدى.

ئىشانغا يېتىپ بارغاندا ئىشلەمچىلەر باشلىقى (بىر قېتىمدا 15 ئادەم ياللىغاچقا بىر نەپەر باشلىق ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلاتتى) ماڭا: بىر ئىشلەمچى بۇ يەرگە ناھايىتى يېقىن يەردىكى تاغدا، تاغقا ئويۇلغان چوڭ بىر بۇتنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇ كىشى بىلەن ئۇ يەرنى تەكشۈرۈشكە باردىم. تاغ ئېغىزىدىكى قورغانغا يېقىن يەردە باشقا بىر تەرەپتىكى جىلغا بىلەن ئوخشاش ئېگىز بولغان ئورۇندىكى قوش قەۋەتلىك



بۇدساتۋا ھەيكىلى

مۇداپىئە تېمىنىڭ ئۈستىدىن پەسكە قارىسا ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. مەن بۇ تاغنىڭ يېرىم قاپتىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن كىچىك بۇت ھەيكىلىدىن بىرنى بايقىدىم. ئۇ بۇت ھەيكىلى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرغان قىياپەتتە ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ سىزىقلىرى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق پۈتۈن سىيماسى ئادەمنى رازى قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېنىق بولۇپ، بىر دانە باش ئۇزۇر ھالقىسى بىلەن بىر دانە يۇمىلاق

نۇر ئۆتنىڭ بەدەن كۆلەڭگىسىنى تولۇقلىغانىكەن. بۇ تۇمشۇقتىكى يېڭى بىر بۇددىزم خارابىسى ئىدى.

مېنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تېپىمىز قاپارتما قىلىنغان بۇددا ھەيكىلى توغرىسىدىكى سوئالىمغا بىر كىشى ئۇ يەردە كىشىلەر قولىدا كولاپ ياسىغان بىر قىسىم مىڭئۆيلەر بار، ئۇنىڭدا يەنە بەزى بېزەكلەرمۇ بار. بىراق، ئۇ يەر بۇ يەردىن ناھايىتى يىراق بولغان غەربىي جەنۇبتا دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئەتە سەككىز ياكى توققۇز پوتەي (ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ ئەھمىيىتى يوق)نى تەكشۈرگىلى بارىمەن. پوتەيگە كەلمەك بىر يەككە قۇدۇق (Yekka qoudug) دىن كەلپىن (Qalpyn) گە بارىدىغان يولنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنى ئۇچرىتالايدىغاندەك قىلاتتۇق.

مەن ئىشلەمچىلەرنى چوڭ، لېكىن پاكارراق بىر دۆڭ بىلەن قورۇلۇشىنىڭ كەينىدىكى ئىككى خارابىلىكنى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا قېزىشقا بۇيرۇدۇم. ھېلىقى چوڭ، لېكىن پاكار دۆڭدە ناھايىتى تېزلا بىر تۈركۈم نەرسىلەرنىڭ قالدۇقى قېزىپ چىقىلدى. ئارقا تەرەپتىكى قاقشال تاغ قاپتىلىدا بىر لاي قورۇلمىلىق ئاش ئاختايلىق يەر بار ئىدى، بىز قېزىش جەريانىدا يەنە بىرنەچچە مۇسۇلمانلار قەبرىسىگە يولۇقتۇق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبرە، گۈمبەزسىمان خىشتا يېپىلماستىن، بىز قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا ھەمىشە ئۇچرىتىدىغان بىر خىل ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغانىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن چوڭ ھەيكەلنىڭ قالدۇقىنى قېزىپ چىقتۇق. مەن كەتمىنىمنى قويۇپ پىچىقىم بىلەن چېقىپ ئۇنىڭدىن چوڭ بىر پارچە ئېلىۋېدىم، باشقا بىر تەرەپتىن ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بىر بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى چىقتى. مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ يېڭى بايقاشلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. چوڭ ھەيكەللەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەردە بولۇپ، كۆپ قىسمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ياكى چېقىلىپ

پارچىلىنىپ كەتكەنىكەن، ھەتتا مەن ئاشۇ تاملار (ئىشلەمچىلەر بۈگۈن پەقەت بىر قىسىم سويۇلۇپ چۈشكەن قالدۇقلارنى تاپالىدى) مەلۇم ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ يەردىن بەزىدە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى ئۇستىلارنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتىنى ئۇچرىتىپمۇ قالاتتۇق. ئاشۇ سېغىز توپىلارمۇ ئىلگىرى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىراق، چوڭ ھەيكەللەر قويۇلغان ئىبادەتخانا ئۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن. باشقا خارابىلەرمۇ بىزنى ئويلاپ باقمىغان بايلىق بىلەن تەمىنلىدى. مەركىزىي قورۇلۇشنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىكتىن بىر پارچە سۈزۈك تاش تېپىۋالدۇق، ئۇ خرۇستال ياكى تونۇغىلى بولمايدىغان پولدەك قىلاتتى. ئەمما غەرب تەرىپىدىكى خارابىلىك بىزگە مەلۇم قىسمىتى بار كىچىك ھەيكەللەرنى ئاشكارىلاپ قويدى. ناھايىتى ئاۋايلاپ قېزىش ئارقىلىق بىز ئاخىرى بىر رېشاتكىنى بايقىدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئىككى ئادەم چىقسا كۆتۈرۈپ تۇرالايتتى. ئۇ يەردە، يەنە چوڭ قاپارتمىسىمان، تۇخۇمسىمان تام بېزىكى بار ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە نۇرغۇن ئوتتۇراھال، ھەجمى كىچىكرەك باش ھەيكىلى ۋە بىر دانە ئات بېشى ھەيكىلى بايقالدى، ئومۇمەن ئەڭ كۆركەم بۇيۇم ئەڭ ئاخىرى ئۇ يەردىن بايقالدى، بولۇپمۇ بىر دانە ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بورۇنلۇق بۇت ھەيكىلى، يەنە بىر بۇت ھەيكىلىنىڭ بەدىنىگە بىر پارچە شىر تېرىسى يېپىقلىق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، يەنە ناھايىتى نەپىس ياسالغان شىر بېشىنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى.

ئومۇمەن بىز بۇ بايلىقلارغا قاراپ گاڭگىراپ قالدۇق، چۈنكى بىز بۇلارنى قانداق چۈشەندۈرۈشىمىزنى بىلمەي قالدۇق. بىز پەقەت تېرىۋالغان بۇتنىڭ باش ھەيكىلى، كېيىم قاتلاقلىرى ۋە بىرقانچە دانە بۇت قولىنىڭ كەمتۈك ھەيكەللىرى بىلەن

كۆپلىگەن ساندۇقنى توشتۇرۇۋەتتۇق. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز تىرىشىپ ئۆز ئورنىغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بۇت ھەيكەلنى قېزىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇنىڭدا ناھايىتى پۈزۈر ياسالغان ئادەم ئوبرازىنىڭ پۈتۈن ئوڭ بېقىنى، ئۇچۇق دوللىرى نامايان بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ باش قىسمى كەمتۈك ئىكەن. نائۇنتى ئۇنى سۈرەتكە تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى قايتىدىن كۆمۈۋېتىپ ئۈستىنى تۈزلىۋەتتۇق.

بىز يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، مۇشۇ بارلىق ھەيكەللەر ئىچىدە بىرمۇ بىرونزا ھەيكەل ياكى ئويما بۇيۇم يوق ئىكەن. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ خۇلاسىسى تامامەن بۇنداق بولۇشى كېرەك: بىزنىڭ ئۇچراتقانلىرىمىز كىشىلەر ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇ ئىبادەتخانىنى ۋەيران قىلغانلار مۇسۇلمانلار بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇ نەرسىلەر ئېلىپ كېتىلسە نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ، دەپ ھېس قىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە مىستىن ياسالغان بارلىق بۇيۇملار ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. ئەڭ ئاخىرى ئاغ بۇ قۇرۇلۇشلارغا تەھدىت سالغان. بىز ئىلگىرى ئوتتۇرىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى شەرھلەشنى ئارزۇ قىلغانىدۇق، ئۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئىشىكنى ئۇناشتۇرۇپ تۇرغان ئىككى دانە تۈۋرۈك ناھايىتى ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ئىككى بۆلۈكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىزى كىچىك قازناقنىڭ ئەگمە تورۇسىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى. شەكىل جەھەتتە ئۇ ھېلىقى مۇستەقىل كىچىك قۇرۇلۇشقا ئوخشايتتى. لېكىن، ھېچقانداق زىننەتلەنگەن ئىز يوق ئىكەن. بىز شەرقىي تامنىڭ ئۈلىدە قېزىش ئېلىپ باردۇق. بىراق، ھېچقانداق نەرسىنى تاپالمىدۇق (پەقەت رەڭ بېرىلمىگەن كاكىلنى ئۇچراتتۇق)، شىمالىي تامنىڭ يېقىن ئەتراپىدىمۇ ئوخشاشلا قېزىش ئېلىپ بېرىپ تام تېگىدىن بىر جەسەتنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ باش قىسمىدا تېخىچە ئازراق ماي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى جەنۇبقا پۈكۈلگەن بولۇپ ئۈستىدىكى تام بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە ئىكەن. مەن تېخىچە قەد كۆتۈرۈپ

تۇرغان ئاشۇ ئىمارەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەمما، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ يەردە نېمە بار ئىدى؟ بەلكىم چوڭ بۇتخانىنىڭ بىر ئىچكەركى سەيناسى بولۇشى مۇمكىن.

## 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

بۈگۈن نائۈنتى ئىشلەمچىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىپ قېزىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، مەن بىر ئادەمنى ئېلىپ مىڭئۆيگە يول ئالدىم. بىز سائەت 8 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىقتۇق. بىز باشتىلا غاردا تام رەسىمى بار دەپ گۇمان قىلغانىدۇق. سائەت 9 دا بىز تۇمشۇق تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي تۇمشۇقىدىن ئۆتۈپ، غەرب - غەربىي جەنۇب يۆنىلىشى (باشقا بىر تەرەپتىن قارىغاندا 260°) گە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. سائەت 10 دا بىز يۇگۇرۇپ دېگۈدەك كونا شەھەر (Khone chahr) گە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ساپال بۇيۇملار قالدۇقى، تۆمۈر تاۋلىغاندا چىققان داشقال، كۆپ، يېرىم كۆيگەن ياغاچ ۋە ئۇستىخانلار بار ئىكەن. بۇ ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر خىل قورۇلۇش - پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قورغان (quorghan) ئىكەن. ئۇمۇ تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى باشقا بىر قەدىمكى شەھەرگە ئوخشاشلا يەر شەكلىنى ئادەم بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قېزىش ئېلىپ بارمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ تاملىرى خىشتىن ياكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغانلىقىنى بىلىش قىيىن ئىدى. سەينانىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە كىچىك قەبرە بەلكىم مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن.

سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قۇملۇقتىكى تېتىر (Titir) دا نۇرغۇنلىغان ساپال بۇيۇملارنى ئۇچراتتۇق. لال تاغ (Lal tagh) دا 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندىن 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكۈچە ئۇچراتقان ئەھۋالمۇ شۇنداق ئىكەن. شۇڭلاشقىمىكىن

قۇملۇق «قۇملۇق بايلىق ئىزدىگۈچىلەر»نى نۇرغۇنلىغان ئەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. چۈنكى، يەر يۈزىگە پەقەت بىرقانچە قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپلا ئىككى پارچە ئەينەك ۋە تەتۈر گىرۋەكلىك ساپال ھېجىردىن بىرنى تېپىۋالدىم. بۇ دەل پېتروۋسكىي بۇددا دىنى (مېنىڭچە خاتا)غا تەۋە دەپ قارىغان چوڭ ھېجىر ئىكەن. قۇم بارخانلىرى بارا - بارا ئەمدىلىكتە قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن زېمىنغا بېسىپ كىرىۋاتاتتى.

تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدا تاغدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە خىشتىن قوپۇرۇلغان بىر ئىمارەت بار بولۇپ، قەدىمكى قورغاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈز خىش (قېلىنلىقى 0.09 — 0.1 مېتىر)دىن قوپۇرۇلغان، گەرچە شاخ - شۇمبا قەۋىتى ئانچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمىسىمۇ قۇرۇلۇش خارابىسىدا قومۇش قالدۇقى بار ئىكەن. ئۇ يەردە يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكلىدىكى بىر جاي بولۇپ دىئامېتىرى 6 مېتىر كېلىدىكەن.



مارالبېشىدىكى تۇمشۇق مازار (1906-يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

ئوڭغول - دوڭغول يولنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئاخىرى تەرىپىدە، قومۇش ۋە شاخ - شۇمبىلار تىزىلىپ خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قورۇلۇشلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ يېرىمى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان. بۇ خىل چاسا مۇنار شىمالىي تەرەپتە ئۇچراتقان مۇنارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ئاساسلىقى يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تاغ ئىزمىسىدىن تىك يۆنىلىشتە بىر كىچىك تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىسىدا كەڭلىكى 0.8 – 1 مېتىر كېلىدىغان بىر خىش تام بار ئىكەن. يولباشلىغۇچىمىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بۇ خارابىلىك كونا چارباغ (Kohne Tcharbagh) دەپ ئاتىلىدىكەن. چارباغ (چاۋاغ) مارالبېشىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدىكى بىرىنچى بېكەت ئىكەن، بۇ تاغلار لال تاغ (قارا تاغ؟) دەپ ئاتىلىدىكەن، مەيلى تاغنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى ياكى جەنۇب تەرەپلىرى بولمىسۇن ئوخشاشلا شۇنداق دەل ئاتىلىدىكەن. ئۇ شەرقتە ئوقۇر مازار تاغ بىلەن تۇتىشىدىكەن. «قىسىلچاق» دېگەن سۆز ئادەمگە خاتا تۇيغۇ بەرمەيدۇ، ئۇ بىر تار يولنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە ھېچقانداق تاغ يوق، كىشىلەر بىر تۈزلەڭلىكتىن يەنە بىر تۈزلەڭلىككە توسالغۇسىزلا كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ يول (قىسىلچاق)نىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە يەتتە قەۋەت شاخ - شۇمبا بېسىلغان چوڭراق مۇناردىن بىرى بار بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغانىكەن. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ بىز ھەممە يەردە خىش بىلەن قوپۇرۇلغان تامنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلەيتتۇق، شاخ - شۇمبىلارنىڭ چىقىپ قالغان قىسمىغا قاراپ ئادەم ئۇلارنى قەدىمكى خارابىلىكنىڭ لەمپىسىمىكىن دەپ قالىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئۇلار كۆرۈنۈشتە «كەپە»گە ئوخشايدىغان نەرسە بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەرنى دەل شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئاستىدىكى خىشنىڭ بۇزۇلۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ يەردە بۇزۇن قومۇش ۋە بادرىلارمۇ يوق

ئىدى. ھېس قىلىشىمچە بۇ ئۇيۇل پوتەينى (مۇنار) چۈشىنىش بەكلا قىيىن ئىكەن. بۇ پەقەت شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئوخشايدىغان مۇنارلار زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق قەدىمكى قۇرۇلۇشلار نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇنى ئۇقالمىدىم.

سائەت 12 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قايتىدىن غەرب - غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. سائەت 2 گىچە يەنە بىر قېتىم ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق. 2 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە بۇ تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بارا - بارا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بىز ئات ھارۋىسى ماڭالمايدىغان بىر يولنى كېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يول مارالبېشىدىن كەلپىنگە بىۋاستە بارىدىغان يول بولۇپ مۇشۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتەتتى. بۇ يولدا ئات ھارۋىسى ماڭالمايدىغاندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ بەكرەك شىمالدىكى تەرەپلەر تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. چۈنكى، تاغ تىزمىسىنىڭ كىچىك تارمىقى بۇ يەرگە 100 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا پۈتۈنلەي تۈگەيتتى. بۇ يولدىن ئەگىشىپ ماڭغاچقا توسالغۇسىزلا شىمال تەرەپكە بېرىش مۇمكىن.

بۇ تاغ تىزمىسى ئۇپۇق سىزىقىدىن يوقالغان يەردە، مارالبېشىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئېقىپ كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ بار. كىشىلەرنىڭ ماڭا دەپ بەرگەن ئەھۋاللىرىغا قارىغاندا، بۇ ئۆستەڭ شىمالدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئىككى تارماق ئېقىنغا ئايرىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىرى، قايتىدىن تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىغا قاراپ ئېقىپ تومشۇق تەرەپكە بۇرۇلىدىكەن. يەنە بىرى، تۈزلەڭلىكنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىن ئاستا - ئاستا ئېقىپ قايتىدىن بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ مەن بىلمەيدىغان يەرلەر ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى جەنۇبتىكى يەككە قۇدۇق تەرەپكە ئېقىپ كېتىدىكەن.

ئۇزاقتىن بېرى مەن ئۆزۈمنىڭ يىراققا قىلغان پىيادە ساياھىتىمنىڭ نەتىجىسىدىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدىم. يولباشلىغۇچى بىر خىل ئىشەنچلىك كۆزلىرى بىلەن بارلىق

ئۆزۈلمە قاتلامنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇ ماڭا ئىقرار قىلدى... ئۇ ئۇ يەرنى تاپالمىدى. بۇ كۈنى ۋاقىت بىكاردىن - بىكار ئۆتۈپ كەتتى.

نائۈتتى ماڭا بۇ كۈندىكى بايقالغان نەرسىلەرنى دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بىز ئۇنتتا كۆيۈپ قىزىل رەڭگە ئايلىنىپ كەتكەن ھەم كېيىنچە قەبرىستانلىق بولۇپ كەتكەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، بىز B ئورۇندىكى چوڭ تۆپىلىكتىن ئۆتۈپ بولغان ئىكەنمىز. I نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانا بىزنى بىر تۈركۈم باش ھەيكىلى بىلەن تەمىنلەپتۇ. كۆپچىلىك A نومۇرلۇق مەركىزىي قۇرۇلۇشنىڭ كەينىدىكى كۆپ يەرلەرنى قېزىپ باققان بولسىمۇ مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەپتۇ. J نومۇرلۇق خارابىلىكتە مەركىزىي مۇنار بىلەن تىك جايلاشقان بىرقانچە ئېغىز ئۆينىڭ تېمى قېزىلىپ بوپتۇ. ئۇ يەردىن I نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانىدىن تېپىلغان بۇيۇمغا ئوخشايدىغان يوغان تۇخۇمسىمان بېزەكلەر تېپىلىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دەل ئۇدۇلدىكى N نومۇرلۇق كىچىك قۇرۇلۇش خارابىسىدىن قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بىرقانچە باش ھەيكىلى ۋە ئاز بولمىغان ئويما بۇيۇملار قېزىۋېلىنىپتۇ.

N نومۇرلۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدە بىر قىسىم تام رەسىم قالدۇقى بار بولۇپ كاكىل قەۋىتىگە سىزىلىپتۇ. قېنىق كۆك رەڭلىك تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ ئۈستىگە سىزىق سىزىلغان بولۇپ، ھېچقانداق كونكرېت مەزمۇنى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بەكلا يۇمشاق بولغاچقا ئېلىپ كېتىشكە ئامال بولمىدى. بۇ N نومۇرلۇق خارابىلىكنىمۇ قەبرىستانلىق ئىگىلەپ بوپتۇ. نائۈتتى ماڭا ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن ھەيكەلگە ئارىلىشىپ كەتكەن يېشىل رەڭلىك خىشنى بايقىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ قىسلچاقنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى خارابىلىكتىن تېپىلغان ھېلىقى خىشقا ناھايىتى ئوخشايدىكەن. مەن يەنە گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ۋە ئۇتتا

كۆيدۈرۈۋېتىلگەن قورۇلۇش لىنىيىسىدە باشقا بىر دانە خىشنى بايقىدىم. بۇ يەر G بىلەن K نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. بىراق، بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئېلىپ كېلىنگەنمۇ ـ قانداق؟ نائۈنتى مۇئەييەنلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ مەن يەنىلا يېشىل رەڭلىك خىشنىڭ بۇددىزمدىن كېلىپ چىققانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا نائۈنتى ماڭا مەن ئىلگىرى كۆرگەن تاشتىن ئويۇلغان بۇت بار تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېقىنراق يەردە يەنە بىرقانچە بۇت ھەيكىلىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئاخىرىدا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى، بۇمۇ مېنىڭ نائۈنتىنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت ئىدى. دالان چىقىرىلغان ئۆينىڭ سىرتقى كۆلىمى 10×10 مېتىر، ئۇنىڭدىكى پىششىق خىشنىڭ ئۆلچىمى 0.25×0.25×0.05 مېتىر ،خىش تامنىڭ قېلىنلىقى 1.25 مېتىر، تامنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىنىڭ ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 3.25 مېتىر ئېگىز، يەر يۈزى بىلەن دالان ئۆي ئارىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.45 مېتىر، دالان ئۆينىڭ كەڭلىكى 0.20 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.3 مېتىر، ئەڭ ئۇزۇن يېرى 0.18 مېتىر (بەلكىم ئويۇقچە بولۇشى مۇمكىن) كېلىدۇ. بۇلۇڭدىكى دالان ئۆي (ئويۇقچە) ئۇزۇنچاق شەكلىدە، ئەمەس بولۇپ، كەڭلىكى 0.24 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.30 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 0.13 مېتىر كېلىدۇ.

مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا ئىشلەتكەن خام (كېسەك) خىشنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە 0.06×0.22×0.48 مېتىر كېلىدۇ.

مەركىزىي بۇتخانىنىڭ ئۇدۇل ۋە سىرتقى قىسمىدىن قارىغاندا كۆلىمى 4+2.3 مېتىر (ئىشىك)+3.70 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10.50 مېتىر كېلىدۇ. خىشنىڭ ئۆلچىمى 0.06×0.20×0.37 مېتىر، تامنىڭ قېلىنلىقى 1 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.10 مېتىر كېلىدۇ. ئۇدۇل تەرەپنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىككى دانە تۈۋرۈكنىڭ دىئامېتىرى 0.80 مېتىر

كېلىدۇ.

نائۈنتى دېگەن ئالدى تەرەپتىكى N نومۇرلۇق كىچىك بۆتخانىنىڭ يەر ئۈستى ئۈچ قەۋەت قېلىنلىقىنىكى بىر خىل شېغىل يول بولۇپ، كۆل رەڭلىك بىرىنچى قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى 0.62 مېتىر، كاكىل قەۋىتىدە يەنە ئىككى قات قىزىل شېغىل بار ئىكەن. نۇرغۇنلىغان خىشنىڭ ئۆلچىمى 0.05×0.255 مېتىر كېلىدىكەن. خېلى كۆپ ساندىكى خىشلارنىڭ ئىچى تەرىپىدە بىر خىل سۇس سېرىق رەڭ بار بولۇپ، بەلكىم ئۇ بىرىنچى قېتىم پىشۇرۇلغاندا ھاسىل بولغان. لېكىن، ئوت ئاپىتىدە ئىسسىنىپ قارىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. بىز يەنە بايقىغان خىشلارنىڭ بەزى يەرلىرى ئوتتا كۆيۈپ كۆك رەڭگە كىرىپ قالغانىدى.

## 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

بۇ كارىدورنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى خارابىلىك باشتىن - ئاخىر مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. شۇڭا، مەن ئۈچ ئادەمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەرنى قېزىشنى قارار قىلدىم. بىز ناھايىتى تېزلا نائۈنتى بىلەزۈك بىلەن زىننەتلەنگەن قول بېغىشىنىڭ ھەيكىلىنى بايقىغان يەردىن باشقا بۇت ھەيكىلىنىڭ قالدۇقلىرىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ بەدەن قىسمىنىڭ قىممىتى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بېشى، ساغرىسى ۋە تەگلىكى قانارلىقلار كارىدورنىڭ بۇ تەرىپىدە بىر قەدىمكى ساگرامىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

بارلىق يادىكارلىقلار A نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى كىچىك بۆتخانىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلار بىر تۆت تەرەپلىك شەكىلدىكى a - b - c - d ۋە يەنە بىرى i - m - n - o ئارىسىدىكى كارىدوردىن بايقالغان. بۇ يەرنىڭ يەر يۈزىگە بىر خىل ئاق رەڭلىك ئۇششاق تاشلار يانقۇزۇلغانىكەن. a - b - c - d نىڭ تاملىرى ئاللىقاچان گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن بولۇپ، يەر بىلەن

تەڭ بولۇپ قالاي دېگەنىكەن. o - n - m - i نىڭ يەر يۈزىدە ئېچىدىكى تامنىڭ سىرتىغا ئوخشاش بىر قەۋەت رەڭلىك قەۋەت بار بولۇپ، كىشىلەر مەركىزىي رايونىدىن گۈل بەرگىدەك بېزەكنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. o - n - m - i نىڭ تاملىرىنىڭ ئىچكى قىسمىغا بىر قەۋەت ئاق ھاك بېرىلگەن. d - c - b - a نىڭ تېمىدا سىرتقى بېزەك قەۋىتى يوق، o - n - m - i نىڭ تاملىرى تەكشى سۇۋالمىغان، o - n - m - l غا كەلسەك o - m دىن تام بايقالمىدى، بىز m نىڭ ھەقىقىي بۇلۇڭىنى ئۆلچىيەلمىدۇق. n - l 1.60 مېتىر كېلىدۇ. o - n نۇقتا 1.42 مېتىر سوزۇلغان، o - n بىلەن d - c ئارىسىدىكى تىك سىزىق 1.10 مېتىر، m - L بىلەن a - b نىڭ ئارىلىقى 1.35 مېتىر كېلىدۇ. B نومۇرلۇق ئۆي ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، كىشىلەر مۇشۇ تاغنى ياقىلاپ ماڭسا F نومۇرلۇق خارابىلىككە بارالايدىكەن. بۇ يەردىن بىر تام قېزىپ چىقىلدى، تامنىڭ ئىچكى قىسمىغا رەسىم سىزىلغان بولۇپ ئوتتا ئىسسىنىپ كەتكەچكە مەزمۇنىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. بۇ تام ئىچىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەنىكەن. شەك - شۈبھىسىزكى بۇ قۇرۇلۇش بۇددا دىنىنىڭ ئىدى. يېنىدىكى قۇرۇلۇشقا ئوخشاش ئۇششاق شېغىللار ياتقۇزۇلغان. بىز بۇ يەردىن ھېچقانداق بۇت ھەيكىلىنى بايقىمىدۇق، E ئورۇننىڭ يەر يۈزىدىن نۇرغۇن يېشىل رەڭلىك خىش قېزىۋالدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆك رەڭگە كىرىپ قالغانىكەن.

C ئورۇندىكى ئۆي ئەسلىي بىر تۇرالغۇ جاي بولۇپ ئىچى پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىكەن. بىز ئۇ يەردىكى خارابىلىكتىن ئۈچ قالدۇق تامنى قېزىپ چىقتۇق. h - g نىڭ تېمىدا يوغان بىر مورا بار ئىكەن. بۇ قۇرۇلۇش تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ھەر تەرىپى تەخمىنەن 6 مېتىر كېلىدۇ. a - h دىن مورىغىچە بولغان ئارىلىق 2.35 مېتىر كېلىدۇ. j دىن k گىچە 1.75 مېتىر، j دىن h - g تامغىچە 1.10 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆي بۇددا ئىبادەتخانىسى

بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر يەردە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىر ئىمارەت بار بولۇپ، چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. D دىكى قېزىش ھېچقانداق يېڭى مەزمۇننى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىدىكى E ئېغىر گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن قەدىمكى ستۇپا(بۇددا مۇنارى) بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سىزىقچىلىرىنى تونۇغىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ. پەقەت دۆۋىلىنىپ كەتكەن خىشلاردىن ئادەم ئۇنىڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېس قىلالايتى.

ئاقساقال (Aqsaqal، يېزا باشلىقى) كېيىنچە ماڭا يېزا يولىنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىكتە «توققۇز ساراي» دېگەن بىر جاي بارلىقىنى دەپ بەردى ، لېكىن تۇمشۇق دېگەن نام مەن تۇرغان خارابىلىككە تېخىمۇ ماس كېلەتتى. بىز بۇ يەر نامىنى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردۇق. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئاخىرى ئۇنى ئېنىقلاپ چىقتىم، بۇ يەرنىڭ نامى يەرلىك ئەنئەنە بويىچە بەربەر (Barbar) دېيىلگەن. خەيبەر (Khaibar) باشقا بىر شەھەرنىڭ نامى ئىكەن. ئۇنىڭ (ئاقساقال) ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا بەزىدە ئالدىنقىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلاتتى. ئۇ كەلپىن بىلەن ئۈچتۇرپان ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى تاغ ئارىسىدىكى مۇقەددەس بىر مازارنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا مەن بارچۇق (Bartchouq) دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ XVIII ئەسىردىكى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا كۆرۈلگەن بولۇپ، مارالبېشى رايونىنى كۆرسىتەتتى. لېكىن، ھازىرقى باچۇ (巴楚) دېگەن نام ياسالما سۆز بولۇشى مۇمكىن. تېگى - تەكتىدىن قوقەنتلىك بولغان رۇسىيىلىك ئاقساقال يېزا باشلىقى شىنجاڭدا 20 يىل ياشىغان بولۇپ، ئالتە شەھەر (Alty chabr) رىۋايەتلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ بارچۇق ئەمەس، بەلكى بويچۇق

(Boichouq) بولۇپ جەنۇبتىكى مەكىت (Markat) دىن تاكى شىمالدىكى چىلان (Tchilang) غىچە بولغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

## 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

نائۈنتى ماڭا «توققۇز ساراي» دىكى قېزىش خىزمىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەلۋەتتە ئۆزۈم ئۇ يەرگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېلىقى يېڭى بۇت ھەيكەللىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. نائۈنتى ماڭا ئۇلارنىڭ تاغدىكى ھېلىقى بۇتلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى دېدى. مەن پەقەت ئىككىلا ئادەمنى ئېلىپ يولۇپ كەتتىم، ۋايىللانىت بۇ چاغدا يىگىت پارىل بىلەن دۆڭلۈكنى ئۆلچىگىلى كەتتى. M خارابىلىكتىن بىر تۇركۇم ئەھمىيىتى چوڭ بولمىغان بۇت ھەيكەللىرىنىڭ قالدۇقىنى قېزىپ چىقىپتۇ. بىراق، B نومۇرلۇق چوڭ دۆڭلۈك ئۇزۇل - كېسىل تازىلانمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىككى ئادىمىنى ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە تامنىڭ بىر بۆلۈكى كۆرۈندى، ئۇ تامنىڭ تېشى سېغىزدىن ياسالغان سۇس قاپارتما بىلەن بېزەلگەنىكەن. بۇ ئۆي ئىچىدە مۇنبەر سۈپىسى بولۇپ، ھېس قىلىشىمچە تۇرغۇن جەھەتلەردىن تۇمشۇق A نومۇرلۇق بۇتخانىدىكى O-N-M-L تۆت تەرەپلىك قورۇلۇش بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىرىنچى سۇس قاپارتما مۇبادا قېزىلسىلا. كۆز ئالدىمىزدا ئۆرە تۇرغان ھالەتتىكى ئورۇقلاپ ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇت ھەيكىلى نامايان بولىدۇ. ئۇ بەكلا بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە لېنتا چىگىپ يۇمىلاق بوغۇلغان كۆپ شەكىللىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر نەپەر جاتى (Jati) گۈلدەك بىر براھمان بار ئىكەن. بۇنىڭ سول تەرىپىدە تۆت نەپەر ئايال بار ئىكەن. بۇ قاپارتما بۇيۇملار مەركىزي قورۇلۇشىنىڭ بىر تەرىپىگە جايلاشقانىكەن. بۇ بۆلۈكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قاپارتمىلار

ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ تاشقى شەكلىنى تونۇغىلى بولماس بولۇپ كەتكەنىكەن. بىراق، بىزنىڭ پۈتۈن مۇنبەر سوپىسىنى تازىلاشقا پۇتۇنلەي ئاساسىمىز بار. بىز ئەتە يەنە قايتا كەلمەك بولۇپ كېتىپ قالدۇق، مەن يەنە بىر - ئىككى دانە قىممەتلىك باش ھەيكىلىنى ھەمدە B نومۇرلۇق بۇتخانىدىكى چوڭ بۇت ھەيكىلىگە ئوخشاش ھەيكەل پارچىلىرىنى بايقىدىم.

## 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

مەن چوقۇم پىچاق بىلەن سۇس قاپارتمىمىزنى رەتلەپ چىقمىسام بولمايتتى. شۇڭا، يېڭى بۇيرۇق كەلمىگۈچە ئىشلەمچىلەرنى كۆپ ئىشلەتمىدۇق. مەن بەش ئىشلەمچىنى باشلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئادەمنى F نومۇرلۇق خارابىنىڭ ئەڭ كەينىنى قېزىشقا سالدىم. ئۇ يەردە بىرقانچە خام گەج سىزىقچىلىرى بار ئىكەن. قېزىش ئارقىلىق بىرقانچە پارچە قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك پاكار زەدىۋال، ئىككى پارچە رەسىم سىزىلغان رەخت، سەنئەت پۇرىقىغا ئىگە بىر دانە سۇپۇرگە قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن.

ھەرە كۈنىكىدەك كىچىك ھۇجرىلىق تۇرالغۇلار ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمانلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىكەن. چۈنكى، شەرق تەرەپتىكى ئايلانما ئىشىكنىڭ ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى تاشقى بېزەك رامكىسى بار ئىكەن. بۇ دەل سۇئېن ھېدىنىنىڭ بۇ ئىشىك شەرق تەرەپكە مۇقىملاشتۇرۇلغان دېگىنىنىڭ سەۋەبى ئىكەن. بۇ ئۆيلەر بىر - بىرلەپ تۇتۇشۇپ بارغان بولۇپ، يۇمىلاق تورۇسلۇق ئۆيلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ھەربىر بۆلۈك ۋە بۆلۈكنىڭ ھەر تەرىپىدە ئالدى بىلەن سەككىز ئېغىز، ئاندىن يەتتە ئېغىز، يەنە ئالتە ئېغىز، ئاخىرىدا بىر ئېغىز ئۆيگە بېرىپ ئاخىرلىشاتتى. ھەرقانداق يەردە پەقەت بىر ئېغىز ئۆي بار يەر

بايقالمىدى. ئەمما، شەرقىي شىمال بۇلۇڭدا ئىككى ئېغىز بىر قەۋەت ئۆي بايقالدى.

مەن F نومۇرلۇق ئۆيدىن ئىككى نەپەر ئىشلەمچىنى J نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ غەربىي ۋە J خارابىلىككە ئەۋەتتىم. J نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ غەربىدە نائۆتتى A بىلەن تىك بولغان بىرقانچە پاراللېل كارىدورنى قېزىپ بولغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرقانچە تۈخۈم شەكلىدىكى چوڭ بېزەكلەر بار بولۇپ، L نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى كىچىك بۇتخانىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەن J نومۇرلۇق خارابىلىكنى قايتا قازغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. لېكىن، بۇ يەردە ھاسىلات ئاز بولدى. بىز بىر تۈركۈم كۇل دۆۋىسى، بىر دانە مورا، بىر پارچە قىسقا قىزىل رەڭلىك يىپەك، 3 ــ 4 دانە خەنزۇچە خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز پارچىسىنى بايقىدۇق. بۇ بىز ھازىرغا قەدەر بۇ يەردىن تاپقان بىردىنبىر «قولىيازما» ئىدى. ئۇنى بۇتخانا بىلەن بىر دەۋر ئىكەن دەپ قاراشقا ئىككىلىنىپ قالدىم.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئىشلەمچىلەرنى سۇس قاپارتما بار يەرگە ئېلىپ كەلدىم. بىز بۇيەرنىڭ تاشقى شەكلىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇنى رەتلەپ چىققاندىلا نائۆتتى ئاندىن سۈرەتكە تارتالايتتى. بۇ توپىلارنى رەتلەشكە ئەنە پۈتۈن بىر كۈن كېتەتتى. شۇڭا، يەنە بەش نەپەر ئىشلەمچى ياللىمىساق بولمايتتى.

## 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

بىز مەركىزىي قۇرۇلۇشنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان يەردىن تۆت دانە چېقىلىپ كەتكەن سۇس قاپارتما بۇيۇمنى بايقىدۇق. ئۇلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئوبرازنىڭ ياخشى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئەمما، ئەتراپتىكى توپىنى ئۆنچىۋالا كولاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، چۈنكى، بەك كولىۋەتسە تەۋرىنىشتە ھەيكەللەرنىڭ بوشاپ قالغان

يەرلىرى چۈشۈپ كېتەتتى. بىز بۇ قاپارتمىلارنى ئېلىپ كېتەمدۇق؟ مەن بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى ئىككى كۈن بولۇپ قالدى. بىز قېلىپ ياساشقا خام گەج ئىشلەتمەيتۇق. قۇم تىرەپ تۇرالمايدىكەن. ھەرقانداق سىناق ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن نائۇنتى چوقۇم سۈرەتكە تارتىشى شەرت ئىدى. كىشىنى رازى قىلغۇدەك شارائىتتا سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن بۈگۈن تولۇق تەييارلىق قىلىندى. ئورۇقلاپ ئۈستىخان بولۇپ قالغان بۇ بۇت ۋە براھمان ھەيكىلى ئەسلىدە ئىككىنچى قاپارتما ئولتۇرغان بۇتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئىككى مالائىكە (Dera) ياكى ئاپسارا (سازەندە تەڭرى Apsara) بار ئىكەن. بۇ رەسىم بىزنىڭ چېركاۋدىكى ھەر خىل تاج تاقىۋالغانلارنىڭ قىياپىتى بىلەن بەكلا ئوخشايدىكەن. ئۈچىنچى پارچە قاپارتما خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇر ھالقىسى بار بۇت تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە نۇر ھالقىسى بار بىر ياش ئايال، ئوڭ تەرىپىدىمۇ ئوخشاشلا نۇر ھالقىسى پارقىراپ تۇرغان موماي (بەلكىم مايا «Maya»، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى) بار ئىكەن. قېرى مومايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تونۇغىلى بولمايدىغان بىر ئەر كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم بار (بىر پاقلان بولۇشى مۇمكىن) ئىكەن. بۇ ئادەمنىڭ پۇتى ئاستىدا يەنە بىر ئايال قۇل ئولتۇراتتى.

چوڭ بۇتخانىدىن قېزىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە كىچىك بۇتنىڭ باش ھەيكىلىدىن ئىككىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرى قىزىل رەڭلىك سېغىز لايدىن ياسالغانىكەن. ئۈچىنچى بۇتنىڭ باش ھەيكىلى ئۈستىدە ناھايىتى كىچىك كۆك رەڭلىك سىزمىنىڭ ئىزناسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت ئالتۇن ياپراقچە چاپلانغان. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇكى، بۇ باش ھەيكىلى بىز ياللىغان كازاكلار يادىكارلىقلارنى خارابىلىكتىن يۆتكەۋاتقاندا يىتىپ كەتتى.

## 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

بىز قېزىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەممە يەردە قاپارتما ھەيكەللەرنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھەم ئۆرۈۋەتكەن مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، شەرق تەرەپتىن كەلگەن ئوت ئاپىتى سېغىمىزنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئوت ئاپىتى چىرىگەن جىسىملارنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈشىدىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەيكەللەر شۇنچىلىك ئاجىز بولۇپ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ سىرتىنى رەتلەشكە ئامالى يوق ئىكەن. جەنۇب ياكى شەرق تەرەپتىكى قاپارتما ھەيكەل بىلەن تىرەك تام (غوجا تام)لار يوقالغان . مۇسۇلمان قەبرىسى بۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب ئىكەن. ئەمما، جەنۇب تەرەپتە تامنىڭ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق، تاشقى قىسمىدىكى قاپارتما ھەيكەل بىلەن تەڭ ئورنىدا يەنە بىر پاكار مۇنبەر بار بولۇپ، ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك ھەيكەل بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەگلىكىنىڭ يېرىمى ئاۋۋالقىدەكلا ئەسلىدىكى جايىدا ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇتخانىدا يەنە ناھايىتى يوغان بىر ھەيكەل بولۇپ، راست ئادەمدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى قېزىپ چىقاردۇق.

## 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بۈگۈن كۈندۈزى ھاسىلاتلار چوڭ بولدى. بىز دۆڭلۈكنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بۆلۈگىدىن ئۈچ دانە باش سۆڭەك، تۆت دانە ئالۋاستى يۈزلۈك ئادەم سىياقى بار پىشۇرۇلغان تامغا بايقالدى. بىراق، بىز ھېچبولمىغاندا شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى بۆلۈك ۋە تونۇگۈن جەنۇب تەرەپتە بايقىغان ئىچكەركى تامنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جايىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قېزىش ئېلىپ باردۇق. بۈگۈن تەكشىلىك خىزمىتىمىنى سىزىپ چىققىلى بولمايتتى. نائۇتتى

كەمتۈك قاپارتما ھەيكەللەرنى سۈرەتكە تارتىپ بوپتۇ. بىز يەنە K نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قورۇلۇشنىڭ ئالدى قىسمى ۋە سول تەرەپلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، خېلىلا چوڭ بىر دانە قول ھەيكىلى، مەزمۇنىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان تام رەسىم پارچىلىرىنى بايقىدۇق. لېكىن، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تاشنى تاپالمىدۇق.

## 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

ۋايىللانىت بۇ كېچىسى ئىككى قېتىم يۇلتۇزلارنى كۆزەتتى ھەم ۋاقتىنى ئۆلچىدى، نائۇتتى تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ خەرىتىسى ۋە رەسىمىنى سىزدى. مەن ئون ئادەمنى ئېلىپ قېزىش ئېلىپ باردىم. چوڭ دۆڭلۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بىر تۈركۈم قاپارتما ھەيكەللەرنى بايقىدۇق. بىراق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر چوڭ ھەيكەل خېلى مۇكەممەل ساقلانغانىكەن. تەخمىنەن بىر كۈن ئۆپچۆرىسىدە شىمالىي تەرەپتىكى غەربىي بۇلۇڭنى قېزىپ ئەگرى رىشاتكىدىن بىرنى تاپتۇق. بۇ رىشاتكا باشقا بىر تەرەپتىكى رىشاتكا بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ھازىر ئۇ يەرلەرنى قازساقلا بولاتتى. شىمالدىكى قېزىشتا ئۇ يەردىن ۋايىللانىت دېگەندەك كىچىك نامغا، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى دانە باش سۆڭەك قاتارلىق بۇيۇملارنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئوتتۇراھال ئادەمنىڭ بىر دانە باش سۆڭىكى، ئالۋاستى يۈزلۈك ھەيكەلدىن باشقا يەنە سەت باش سۆڭىكىدىن بىرنى بايقىدۇق. ئۇ ھىندىستان ھەم يۇنان ئۇسلۇبىغىمۇ ئوخشىمايتتى. مېنىڭ تەجرىبەم كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمگە قەدىمكى ئىران سەنئىتىنى ئەسلىتىدۇ دەپ قارايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە K نومۇرلۇق خارابىلىكنى قېزىشنى داۋام قىلدۇق.

K خارابىسىنى خېلى چوڭقۇر كولاپمۇ ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ

كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىنى تاپالمىدۇق. a - b
دا بىر تام قالدۇقى بار ئىكەن. ئالدى بىلەن a - b ۋە ئازراق
ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن d - e، b - c ۋە c - f خارابىلىكتە كاكىل
قەۋىتى بار بولۇپ رەسىم سىزىلمىغان. d - e - f - c نى تاكى
قاتتىق يەر يۈزىگىچە كولىدۇق. بىراق، بۇ يەردە e - f نۇقتىدا
يۇمشاق يەر يۈزى بايقالغان بولۇپ، كەتمەن بىلەن كولاپمۇ
قاتتىق يەرنى تاپالمىدۇق. تامنىڭ ئىچى بىلەن d - e نۇقتىغا
بۇزۇلمىغان يەردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش دانە مىس
پۇل تاپتىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ياخشىراق بولۇپ...
پۇللارنىڭ ھەممىسى خەن دەۋرىدىكى پۇللار ئىدى. بىز شۇيەردىن
بىر خىل يېشىل رەڭلىك مارجاننى قېزىپ چىقتۇق. a - d - c - b
چاسا شەكىلدە، بولۇپمۇ a - d يۆنىلىش بىزنى بىر تام ياكى
گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تام رەسىمى سىزىلغان تورۇسنىڭ قالدۇقى
بىلەن تەمىنلىدى، مەن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىككى
دانە باش ھەيكىلى، ئادەم پۇتى ۋە ئات پۇتى قاتارلىق نەرسىنى
تاپتىم. بۇ تام رەسىمى L نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانىدىكى
كىچىك بۇتنىڭ باش ھەيكىلىدەك ئۇنچە نەپىس ئەمەس ئىكەن
(يەنە كېلىپ بەكلا چوڭ ئىكەن). ئەڭ ئاخىرى پۇل تېپىلغان
جايغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن تۆمۈر مىخ بايقالغان بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ قالپىقى بار ئىدى. k3 نومۇرلۇق
خارابىلىكنى قېزىش جەريانىدا ئىشىك - دېرىزىسى يوق تاملار
قېزىپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تىپىك ئالاھىدىلىك
يوق ئىدى. ئۇ يەردىن ئىككى دانە ئويما بۇيۇم ۋە ئېۋرىقنىڭ
بويىنى تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پۈچۈلىنىپ كەتكەن
يىلانبېشىسىمان قۇلۇلە پۇلدىن بىر دانە تېپىلدى.

K4 نومۇرلۇق خارابىلىك قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆز
ئالدىمىزدا تۆت تاملىرى مۇكەممەل بىر ئۆي خارابىسى نامايان
بولدى. ئۆينىڭ تاملىرى سۇۋالمىغان ھەم رەسىم سىزىلمىغان،
ھەتتا ئىشىك - دېرىزىلىرىمۇ يوق ئىكەن. بىز ئۇ يەردىن

مەرۋايىتتەك پارقىرايدىغان بىر خىل مارجاننى بايقىدۇق. ئۇ بەلكىم ئەينەك مارجان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر خىل يېشىل سىر بىلەن سىرلانغان ئاياقنىڭ گىرۋىكى بار ئىكەن. بۇ يەر دەل كۆيدۈرۈلگەن ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدە بولغاچقا، مەن بۇلارنى مۇسۇلمانلارغا تەۋە ئەمەس دەپ قارىدىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن تېپىلغان پۇللار يەنە بىر قېتىم بۇ ئىبادەتخانىنىڭ خاراب بولغان دەۋرىنى ئىسپاتلىدى. كىچىك ئىبادەتخانىدىكى ئويما ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى ھەمدە چوڭ تۆپىلىكتىكى بىر قىسىم ھەيكەلنىڭ لېنتىلىرى (نائۇنتى تۈنجى قېتىم تارتقان ھەيكەل بىر ئايالنىڭ ھەيكىلى بولۇپ ئۇنىڭ لېنتا - جۇلالىرىنى ئەنئەنىۋى قىياپەتتىكى يانپېشىغا چۈشۈپ تۇرغانىكەن) خىيلى قەدىمكى دەۋردىن دېرەك بېرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بىرقانچە ئەسىردىكى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېيىنكى دەۋرلەردە قايتىدىن بېزىلىپ ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندىم. كېيىنچە B نومۇرلۇق تۆپىلىكتىكى ھىندىستان ئۇسلۇبىدىكى سۇس قاپارتما ھەيكەللەر ئۇلارغا تەسىر قىلىپ تاكى مۇسۇلمانلار دەۋرىگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بەلكىم مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. بىراق، مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن بۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ رايوندا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەمدە بۇ يەر كېيىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى قىلىنغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، ئۇ ھالدا ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغان ئىبادەتخانا بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولغان بولىدۇ، بۇلار بۇ يەردىن تېپىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇللار ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئىبادەتخانا تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا خاراب بولغان.

## 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

بۈگۈن مەن 15 نەپەر ئىشلەمچىنى ئېلىپ K2 نومۇرلۇق

خارابىلىكتىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئۆينى قېزىشقا ماڭدىم. ئۇ يەردىكى سۇس قاپارتما ھەيكەللەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر دانە ساندۇق ئېلىۋالدۇق. لېكىن، بۇ ئۇسۇل بۇنۇنلەي قاملاشماي قالدى. پۈتۈن قاپارتما ھەيكەلنى بىرقانچە كىچىك پارچىغا بۆلۈپ ئالدۇق. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن پارچىدىن تۈزۈلگەنىدى. بىز ئۇلارنى ئوراپ بايقالغان بۇيۇملارغا نومۇر سېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئىچى تەرەپتىكى قىزىل رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى بار رىشاتكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.27(d)+0.13(c)+0.14(b)+0.29(a) مېتىر كېلىدۇ.

K نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ بىر تەرىپىدىن بىر قىسىم ۋىھرا (Vihara راھىبلارنىڭ ياتاقخانىسى) خارابىسىنى قېزىپ چىقتۇق. ئۇيەردىن يەنە بىر قىسىم كىچىك ئورۇندۇقلارمۇ تېپىلدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن كارىدوردىن يۇڭ ئارغامچا ۋە بىر دانە سۇپۇرگە تاپتۇق، بۇلار F نومۇرلۇق خارابىلىكتىن تېپىلغان يۇڭ ئارغامچا بىلەن سۇپۇرگىگە ئوخشاش ئىكەن. K2 خارابىلىكتىن داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىسىنى قېزىپ چىقاندىن كېيىن ئاخىرى قاتتىق يەر بىلەن ئۇچراشتۇق. قېزىۋېلىنغان تۆمۈر پارچىسى بىر دانە قۇلۇپتەك قىلاتتى. K1 نومۇرلۇق خارابىلىك بىلەن K3 نومۇرلۇق خارابە ئارىسىدىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە يوغان بىر ھەيكەلنىڭ پاچاق قىسمى ۋە ئالما رەڭدە سىرلانغان سېغىز توپىدىن قاپارتما قىلىنغان دەرەخنىڭ ھەيكىلى ساقلانغانىكەن. بىز ئۇنىڭ گۈل نۇسخىلىرىنىڭ مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ يەردە يەنە ئاق ۋە قىزىل رەڭدە بويالغان بىرقانچە خىل ھەيكەل قالدۇقى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئىت بېشىنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىدى. بۇ ئۆينىڭ مورىسىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئۈزۈك ئۈچكىسى بار ئىكەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە تولۇق ئويۇپ بولالمىغان پىل چىشى قالدۇقىمۇ بار ئىدى. ئەڭ

ئاخىرىدا K1 نومۇرلۇق خارابە بىزنى داۋاملىق تام رەسىم پارچىلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، كۆك رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ياسىلىشى نەپىس ۋە مۇكەممەل ساقلانغان، بىر بىلىكى ساقلىنىپ قالغان بىر ھەيكەل بارئىدى. يەنە مۇشۇ ئورۇندىن براھمان يېزىقىدىكى ئاكسارا (Aksara) يېزىلغان بىرقانچە دانە كاكىل پارچىسى تېپىلدى. بۇ يازما يادىكارلىقتىن بۇتخانىنىڭ مۇشۇ بۆلىكىنىڭ ئۇنتا كۆيدۈرۈلۈش سەۋەبىنى بىلگىلى بولاتتى. مۇبادا مۇشۇ يېزىقلار كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولسا، ئۇ ھالدا شۇ ئورۇندا ۋۇجۇ يارىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇش توغرىسىدا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

## 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

مەن ناتۇنتى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدىم... تاپقان بۇيۇملارنى رەتلىدۇق. مەن بەزىدە ئېغىر ھەم نازا قىممىتى يوق بۇيۇملارنى تاشلىۋېتىپ ئۇلارنى «تومشۇق مۇزېيى» غا قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىزنىڭ K نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى خىشلارنى تازىلاش خىزمىتىمىز ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى K1 نومۇرلۇق خارابىلىكتىن بىرقانچە پارچە تام رەسىمنى قېزىپ چىقتۇق (ئات تۇيىقى ۋە بىر دانە بىلەك سىزىلغان). 1 - نومۇرلۇق كىچىك ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملارنى يىغىۋاشتىن ئەتتىق قىلىۋاتقاندا، چوڭراق ئىككى پارچە تام رەسىم قالدۇقىنى بايقىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى يېرىم بەدەن ئادەم رەسىمى، بىلەزۈك تاقىغان بىر دانە كەمتۈك بىلەك قاتارلىقلارنى بايقىدىم، بىلەزۈككە يالىتىلغان ئالتۇن ياپراقچە كۆل رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىلەزۈك تاقىغان يالىڭاچ بىلەك يۆگەكتىكى بوۋاقنىڭ بىلىكىگە ئوخشايتتى. مەن ئوخشاشلا K بىلەن B ئارىسىغا جايلاشقان O نۇقتىدىكى قەدىمكى قورۇلۇشنى تازىلىدىم. بىز باشقا بىر كارىدورنى بايقىدۇق. چاسا شەكىللىك ئۆيدىن ئانچە ئەھمىيىتى يوق

بىرقانچە پارچە تام رەسمى بايقالدى. كۆپلىگەن تامغا تام رەسمى سىزىلغانىكەن. ئوقۇغىلى بولمايدىغان ھەم بەكلا بۇزۇلۇپ كەتكەن جۇڭگو پۇلى ۋە بىر دانە غەلىتە بەلگە كۆتۈرۈۋالغان قول ھەيكىلى قاتارلىقلارنى بايقىدۇق. بۇ قېتىمقى قېزىشتا تۈنۈگۈنكى ئالتۇنغا ئوخشايدىغان يەنە بىر پارچە پىششىقلانغان ئالتۇن تېپىلدى. P نومۇرلۇق خارابىلىكتىن بىز يەنە بىر قاتار كىچىك ئورۇندۇقلارنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ تەگلىكى ئاجراپ كەتكەن بولۇپ سەينا تەرەپكە قاراپ قالغانىدى.

## 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

K2 نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى ئۆيلەر تازىلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى، مەن ئىشلەمچىلەرنى Q خارابىلىكنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە «ھۇجۇم قىلىش»قا بۇيرۇدۇم. ئۇ يەردىن بىر قاتار كىچىك ئورۇندۇق ھەمدە باشقا بىر تەرىپىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان تەگلىكلەرنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەگلىكنىڭ ئۈستىدە ھەيكەل بار ئىكەن. ئۇ يەردىكى تامغىمۇ رەسىم سىزىلغان. ئەڭ ئاخىرى L نومۇرلۇق كىچىك ئىبادەتخانىدىن بىر تۈركۈم ھەيكەللەر بايقالدى، لېكىن رەتلەشتە بەكلا ئاۋارىچىلىككە يولۇققان بولساقمۇ پۈتۈنلەي تازىلاپ چىقتىم. بىراق، بۇ قېتىمقى قېزىشتا پەقەت بىر قىسىم پارچە - پۇرات نەرسىلەر بايقالدى، قىممىتى بارلاردىن ئۇزۇن ساقاللىق ئەرنىڭ بىر دانە باش ھەيكىلى، كاسايا (Kasaya) ئارتىۋالغان بۇددساتۋانىڭ بىر دانە كىچىك ھەيكىلى ۋە ئۇزۇن تومشۇقلۇق ئادەمنىڭ غەلىتە باش ھەيكىلى ناخشا ئىلاھى ياكى مۇزىكا ئىلاھى (Kinnara) بولۇشى مۇمكىن) قاتارلىقلار. بىز L نومۇرلۇق تامنىڭ تۆۋىدىن تاشقى كۆرۈنۈشى بەكلا ئوخشاپ كېتىدىغان گەجدىن ياسالغان بىر قاتار نېپىز ھەيكەللەرنى قويىدىغان ئورۇننى بايقىدۇق. بۇ ئورۇن ھازىر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۇلار بىر دانە ئەگرى تۆمۈر كالتەك ئۈستىگە قاپارتما

قىلىنىپ سىرتىنى بىر قەۋەت ئالتۇن ياپراقچە بىلەن بېزەلگەنىكەن. قېزىش خىزمىتى بىزنى بۇنى بويلاپ ھەيكەلنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئالدىراتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى بىز قېزىش ئېلىپ بېرىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى تېپىلغانىكەن، ئەتە يەنە يېڭى بايقاشلار بولۇشى مۇمكىن.

R نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ I نۇقتىسىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى بىر كىچىك ئۆيدىن بىر دانە مەركىزىي مۇنبەرنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ تاملىرىغا رەسىم سىزىلغان، لېكىن ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامنىڭ ئالدى تەرىپىدىمۇ ئىككى دانە مۇنبەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن بىر دانە رەڭلىك ھەيكەل بار ئىكەن. بۇ ھەيكەلنىڭ بېزەكلىرى قاپارتما ھەيكەل بولماستىن، سىزىپ چىقىلغانىكەن. بۇ يەردىكى بىرقانچە پارچە سىغىز (ئادەتتە ساپال توپىنى كۆرسىتىدۇ) بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قىياسىمىزنى ئىسپاتلىدى. بۇ خىل قىياسقا قارىغاندا، ئاساسلىقى قول - پۇت ئارىسىدىكى ئاشۇنداق ئوچۇق پەرق ھەمدە سىرتقى تۈزۈلۈشى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى كۆزەتكەندىكى كۆرۈش بۇلۇڭىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ سۇس قاپارتما ھەيكەل، I نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن نەرسىلەر ئىچىدىن مۇكەممەل ھەيكەللەرگە تەۋە بولمىغان، سۇس قاپارتما ھەيكەللەرگە تەۋە بولغان قالدۇق پارچىلارنى بايقىدۇق.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىزناسى بارا - بارا روشەنلەشتى، مۇسۇلمان قەبرىلىرى مەلۇم بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىز بېرىپ قايتا تېپىشقا ئەرزىيدىغان جايلىرى قېپقالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ قەدىمكى بۇتخانا خارابىسى تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ زارانگاھلىقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلىشىپ

باقماپتۇ. «توققۇز ھۇجرا» ياكى «توققۇز ساراي» دېگەن نام تار مەنىدىن ئېيتقاندا تاغنىڭ شىمالىدىكى ئۆي ھەم ئۇنىڭ ئوخشاش تەرتىپىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ جاي مەشھۇر قۇم زىيارەتگاھى، يەنى مازارنى كۆرسىتەتتى. ئوتتۇردىكى قۇرۇلۇش ئەسلىدىمۇ بىر قەبرە بولۇپ ئىلگىرى بىرقانچە ئۆيلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قەبرىلىرى بۇتخانىنىڭ ئارقا قىسمىغا سېلىنغان بولۇپ بىرقانچە دىنىي زاتنىڭ قەبرىسى ئوتتۇردىكى مازار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىكەن.

## 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

Q نومۇرلۇق مۇنبەر (ئېگىزلىكى I نومۇرلۇق بۇتخانا بىلەن تەڭ ئىكەن) نى قېزىۋېتىپ بىر پارچە چالا پۇچۇق كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ تاختاينى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرغان سىيماسى بىلەن بىر بودىساتۋانىڭ سىيماسى ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوخشاشلا كۆيۈپ كەتكەن ئىككى پارچە تاختاي ئۈستىدە رومبىسىمان بېزەكلەر بار ئىكەن.

R نومۇرلۇق خارابە پۈتۈنلەي قېزىلىپ بولدى. ئۇنىڭدا تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بىر ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىمۇ يەنە ئوخشاشلا تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى بىر كىچىك ئۆي بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە Q نومۇرلۇق مۇنبەردىن سىيرىلىپ چۈشىدىغان بىر يانتۇ يولمۇ بار ئىكەن.

بىز خىزمىتىمىزنى ئوخشاشلا L نومۇرلۇق خارابىلىكتىمۇ داۋام قىلدۇق. بۇ خارابىلىكتە ھازىر بار بولغان بىر قاتار راھىبلار ياتاقخانىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى تاغنىڭ ئاستىغا كۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. L نومۇرلۇق بۇتخانىنىڭ سىرتقى تېمىدىن ناھايىتى قىممەتلىك بىرقانچە دانە باش ھەيكەلنى بايقىدۇق. بۇلار چېچىنى ئېگىز (ئۆرە) تارىۋالغان ئايال، بىر دانە ئات بېشى، فلورۇسىيىلىك قىياپىتىدىكى ئادەمنىڭ بىر دانە باش ھەيكىلى،

تاز بوۋاينىڭ باش ھەيكىلى قاناتلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەڭ ئاخىرى تازىلانغان بۇيۇملار ئىچىدە بىر پارچە قەغەز، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پارچە قەغەزنىڭ بۇرجىكى بار. ئۇنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە براھمان يېزىقى يېزىلغان بولۇپ ئوت ئاپىتىدىن ئامان قالغانىكەن. بۇ بىز بۇ يەردە قولغا چۈشۈرگەن مۆشۈ خىلدىكى تۇنجى بۇيۇم ئىدى.

لېكىن، بۈگۈنكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر S نومۇرلۇق ئۆيگە توپلانغانىدەك قىلاتتى. بۇمۇ باشقا نۇرغۇن ئۆيلەرگە ئوخشاش تام رەسمى سىزىلغان ئۆي بولۇپ بىر قىسمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ تامنىڭ يېرىلغان يەرلىرى بىلەن ئۆزئارا جىپسىلىشىپ قالغانىدى. بىز ئۆۋەنكى تەرەپتىكى بىر ئۆينى قېزىپ ناھايىتى چىرايلىق بىرقانچە ئادەم بېشىنىڭ ھەيكىلىنى تاپتۇق. ئۆي ئىچى ئاساسەن جەسەت كۆلى كومزەكلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ جەسەت كۆلى كومزىكىنىڭ شەكلى ھەر خىل ئىكەن. بىز بىر خىل جەسەت كۆل كومزىكىنى ئېلىپ كەتتۇق. ئۇ ئۇتتا كۆيۈپ چىرايلىق يېشىل رەڭگە كىرىپتۇ. بۇ كومزەككە «قىممەتلىك» سۆزگەكلەر قاچىلانغان بولماستىن، بەلكى جەسەت كۆلى قاچىلانغانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئاللىقاچان قېزىلغان مەلۇم ئۆيلەرنىڭ ئاستىدا يەنە باشقا ئۆيلەر بارمۇ يوقلۇقىنى بىلمەيتتۇق.

## 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

جەسەت كۆلى كومزىكىنى قويغان يەرلەر پۈتۈنلەي رەتلەندى. لېكىن، ھېچقانداق يېڭى نەرسە بايقالمىدى. بىز ئۇ يەرنىڭ پەقەت ئۈستۈنكى قىسمىدىن بۇتنىڭ بىر دانە باش ھەيكىلىنى ھەمدە تۆت دانە ھەرىكەتچان ھالقىسى بار بىر خىل مېتال قاچىلاش ئەسۋابىنىلا بايقىدۇق. I نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانىمۇ پۈتۈنلەي تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەرقىي

جەنۇب تەرىپىدىن بىر ئىشىك بايقالدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ چوڭ ئىشىك مۇنبەرگە قاراپ ئېچىلغانىكەن. ئىككى تەرەپتە بەش دانە چوڭ ھەيكەل بولۇپ، ئۇلار پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇچىسىغا تىزىغا كەلگۈچە ئۇزۇن تون كىيىۋالغان كىشىلەر (بۇتخانىغا كىرگەندە ئۈچ دانە ھەيكەل چوڭ ئىشىكنىڭ سول تەرىپىگە، ئىككىسى ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقانىكەن)، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى تەرەپتىكى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەيكىلى تا ھازىرغىچە ئېنىق، مۇكەممەل ساقلانغانىدى. ئۇلارنىڭ سول تەرەپتىكىسى ئايال، ئوڭ تەرەپتىكىسى ئەرلەر ئىدى. بۇلار ناھايىتى چۈرۈك بولۇپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ساقلىنىشى ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنى تىرەپ تۇرىدىغان ياغاچ تاياقچە ۋە پاخاللار بار ئىكەن. ئىشىكتىن كىرىدىغان يەرنىڭ سول تەرەپتىكى بۇلۇڭدىن ناھايىتى نېپىز بىر خىل ئالتۇن پۇل بايقىدۇق. ئۇنىڭدا ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان بەلگە يوق بولۇپ، ئايرىم يەرلىرى چىرىشكە باشلاپتۇ.

جەسەت كۆلىنى قويىدىغان ئۆينىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كىشىلەر بىر خىل تۈز دېرىزە ئارقىلىق بۇ يەرگە كىرىدىكەن، ئۇ يەرگە بەلكىم بىر شوتا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ھازىر بۇ يەردىن پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ھېلىقى ئىشىككە بارغىلى بولىدىكەن. جەسەت كۆلى قويىدىغان ئۆينىڭ ئىچىدىن بۇ ئىشىكنى ئاچسا ئۇ يەرگە كىرگىلى بولىدىكەن. بۇ بىر تەرەپتىكى مۇنبەرنىڭ دائىرىسىنى پۈتۈنلەي ئېنىقلىيالمىدۇق. بىز تېخىمۇ يېڭى قۇرۇلۇشنى بايقىدۇق، لېكىن سەل كەچ بولغاندىلا، ئاندىن بۇنى تەكشۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

دۆڭنىڭ بىر تەرىپىدىكى مۇنبەرنى داۋاملىق قېزىپ بولغاندىن كېيىن بىر پەلەمپەي بار يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇنىڭ سىرتىدىكى يەرلەرنىمۇ چوقۇم ئىزدەپ باقمىساق

بولمايتتى. بۇ مۇنبەرنى قارغاندا بىزنىڭ ئامتىمىز ئۆڭدىن كېلىپ براھمان يېزىقىدا يېزىلغان كىچىك بىر كىتابنى بايقىدۇق. بۇ بەلكىم بۇددا دىنىدىكى تىلەك تىلەش توغرىسىدىكى ئەسەر بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بۇ يەردە بايقالغان ئىككى خىل ھىندى يېزىقىدىكى ئۆرنەكنىڭ بىرى ئىكەن. بۈگۈن مەن يەنە ئاستىنقى جاغ سۆڭىكى بار باش سۆڭەكىدىن بىرنى ئېلىپ قايتتىم. خارابىلىكتە باش - ئاخىرى يوق نۇرغۇنلىغان ئۇستىخانلار بايقالدى، بىر مۇسۇلماننى ئەينى چاغدىكى قىبرىنداشلىرى دەل L نومۇرلۇق بۇتخانا ئىشىكىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دەپنە قىپتۇ.

## 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن چوڭ مۇنبەرنى رەتلەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەر يۇقىرى تېمپېراتۇرا ھەم سۇ تولا كىرىپ قېتىپ كەتكەن يەر بولۇپ، بۇ يەردە كەتمەن چاپماق قەبرىنىڭ ئاستىدىكى خىشنى كولىماقتىنمۇ تەس ئىكەن، بۇ چوڭ مۇنبەرنىڭ پۈتۈن ئۆلى يۇقىرىغا چوقچىيىپ چىققان بولۇپ ئاللىقاچان قېزىلىپ بولغان ئىككى ئۈچى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندى. بىراق بىز بۇ يەردە مۇنبەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۇل تېمىنى بايقىمىدۇق، ئۇ بەلكىم گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇنبەرنىڭ ئالدىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئاساسەن ئوتتۇرىدىكى چوڭ قەبرىنىڭ مەركىزىي سىزىقىغا يېقىن جايدىن بىر مۇسۇلمان قەبرىسىنى بايقىدۇق. بۇ قەبرىنىڭ يېنىدا بىر خىل قوپال كۆپ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئىشتىن بۇرۇن قارا سىياھتا يېزىلغان ئەرەبچە خەت بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشى قەبرىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرىشقا مەلۇم ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

مۇنبەرنىڭ كەينىدىكى يەردە قەبرە يوق بولغان بولسىمۇ، بىراق راھىبلار ۋە دىندىن خالىي كىشلەرنىڭ ئۆيلىرى بار

ئىكەن. كىچىك بۇتخانىنىڭ ئارقىسى بىلەن يېقىن ئەتراپىدىن ئۆينىڭ نېمى ۋە ناھايىتى مۇستەھكەم تاش ياتقۇزۇلغان بىر كارىدورنى قېزىپ چىقتۇق. ئۇنىڭ ئاستىدا باشقا بىر ئۆينىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئوخشاش ناھايىتى پۇختا پىششۇرۇلغان بىر دانە ئاددىي فارفور كوپ (ئىدىش) بار بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 0.975 مېتىر كېلىدىكەن، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆينىڭ تاش ياتقۇزۇلغان يەر يۈزىنىڭ ئاستىدا ئەخلەت ۋە سامان تۆكۈكلۈك بىر يەر ئاستى ئۆيى بار ئىكەن. بۇ يەردىن خارابىلىكتىكى تۇپا - چاڭدىنمۇ قاڭسىق بىر خىل پۇراق چىقىپ تۇراتتى. بۇلار تۇرالغۇنىڭ ئىككى دەۋرىگە، يەنە بىرى بۇددىنى، يەنە بىرى ئىسلام دىنى دەۋرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ - قانداق؟ ياكى بولمىسا، بۇددىزم دەۋرىدىن تارتىپ بۇ خارابىلىكنىڭ ئاستىدا ئەخلەت قويىدىغان يەر ئاستى ئۆيى مەۋجۇتمىدى؟ مەن ھازىر بۇلارنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان يەر يۈزى ئەمەلىيەتتە ئىبادەتخانىدىكى مەلۇم ئۆيلەرنىڭ يەر يۈزى بىلەن قىلچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بايقالغان بۇيۇملاردىن قارىغاندا ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدىن (F) بايقالغان سۇبۇرگە بەكلا بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بۇتخانىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى ھېلىقى ئىشىك ھەم دېرىزىلىرى يوق چوڭ ئازگال (K4) دىن بايقالغان ئەگرى دەستىلىك سۇبۇرگە بىلەن تامامەن ئوخشايتتى.

U نومۇرلۇق ئۇلى بار مۇنبەرنىڭ T نۇقتىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كۆيۈپ كەتكەن بۇت ھەيكىلىنى ۋە ئاسان ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان ھەم ئېغىر دەرىجىدە ئوكسىدلانغان بىر دانە مىس پاترا (Patra، پىيالىگە ئوخشايدىغان تاۋاق) بايقىدۇق، ئۇ بۇ يەردىن تېپىلغان مۇشۇ خىلدىكى تۇنجى بۇيۇم بولۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى.

## 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

كەينى تەرەپتىكى مۇنبەرنى تازىلاش خىزمىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 10 ئادەم C بىلەن O نومۇرلۇق خارابە ئارىسىدىكى بىر قورۇلۇشتا قېزىش ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا يەنە بەش ئادەم R ۋە B نومۇرلۇق ئۆينى تازىلىدى. ئارقىدىنلا مەن R نومۇرلۇق خارابىلىكتە ئارقىدىكى قورۇلۇشقا ئۇدۇل بارغىلى بولىدىغان بىر پەشتاقنى بايقىدىم. ئۇ بۇ رايوننىڭ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئېگىزلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، R خارابىلىكىنىڭ يەر يۈزى B نومۇرلۇق خارابىلىكىنىڭ ئەكسىچە ئاستى ئەخلەت بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. B نومۇرلۇق خارابىلىككە كۆپ قويۇلغان. ئۇنىڭ كەينىدىن پۈتۈنلەي چېقىلىپ كەتكەن بىر دانە مىس تاۋاقنى بايقىدۇق.

G بىلەن O ئارىسىدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن نۇرغۇنلىغان قورۇلۇش خارابىسىنى قېزىپ چىقتۇق، G بىلەن X ئارىسىدىكى كىچىك كارىدورنىڭ يۈزى تەكشى ئەمەس بولۇپ، ئاستىدىكى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تۇپا ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان قەغەز پارچىلىرىنى بايقىدۇق. ئۈستىگە مەن ھازىرغىچە بىلمەيدىغان يېزىق يېزىلغانىكەن.

X ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىن چوڭ بۇتنىڭ بىر دانە باش ھەيكىلى قېزىۋېلىندى. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇكى، بۇ ھەيكەل قاتتىق ئۇۋۇلۇپ كەتكەچكە ئېلىپ كېتىشكە ئامال بولمىدى. بىز ئۇ يەردىن بۇ ھەيكەلنىڭ باشقا قىسىملىرىنى تاپالمىدۇق. شۇنداق بولغاچقا، بۇ باش ھەيكىلى بۇتخانا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندا باشقا يەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن. ھېلىمۇ بىز كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە B نومۇرلۇق دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدىن چوڭ بۇت ھەيكىلىنىڭ ئۈچ پارچىغا بۆلۈۋېتىلگەن ئوڭ پاچىقىنىڭ ئالدى تەرىپىنى بايقىغاندۇق. بۇتنىڭ بېشىغا ئالتۇن ياپراقچە

ئىشلىتىلگەنلىكتىن قارىيىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئالتۇن ياپراقچىنىڭ ئىزناسى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. تېنىدىن ئايرىۋېتىلگەن باش ھەيكىلى بۇتخانىنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئالدى بىلەن بۇت ھەيكەللىرىنى چېقىشتىن باشلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولدى. Y نومۇرلۇق قورۇلۇش خارابىسىدە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر ئايال ھەيكىلى بولۇپ ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئۇ بايقالغاندا خېلى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەڭ ئاخىرى قاتتىق لاي بىلەن چاپلىۋېتىلگەن خىشلار ئارىسىدىن يەنە جەسەت كۈلى قاچىلانغان بىردانە شارىرا (Sarira — جەسەت كۈل قۇتىسى) تاپتۇق. ئۇنىڭ جەمئىي ئۈچ دانە تۇتقۇچى بار ئىكەن. گەرچە ئۇ سىرلانمىغان بولسىمۇ ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولغاچقا، ئۆرنەك سۈپىتىدە ئۇنى ئېلىپ كەتتىم. بىز رەتلەش خىزمىتىدە تېخىمۇ مۇھىم ھاسىلاتلارنى تاپالمايدىغانلىقىمىزغا كۆزىمىز يەتتى.

## 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

بىز چوڭ بايقاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، يەنىلا X، Y، Z ۋە G نومۇرلۇق خارابىلىكتە قېزىشنى داۋاملاشتۇردۇق. ئۇلار قۇم بارخىنىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە تامدىن بىرنى ھەمدە ئاستىدىكى چوڭقۇر يەردە تاش ياتقۇزۇلغان كارىدوردىن بىرنى بايقىدۇق. Y نومۇرلۇق مۇنبەرنىڭ كەينى ۋە بۇتخانىنىڭ ئىچ تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتسەك، تاش ياتقۇزۇلغان كارىدوردىن كىشىلەر مەن تازىلىتىپ قويغان يۇمشاق يەر يۈزىنى كۆزىتەلەيدۇ. بۇ توپا ۋە شېغىللار بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن يەر بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇغداي سامىنى ئارىلىشىپ قالغانىكەن. بىزنىڭ ئۇ يەردىن زور نەرسىلەرنى بايقاش ئۈمىدىمىز يوققا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ تەلىيىنى سىناپ بېقىش ھوقۇقىمىزمۇ يوق ئىكەن. بۇتخانا ئارقا تەرىپىنىڭ تاشقى قىياپىتى باشتىن - ئاخىر غۇۋاراق ئىدى. ئەمما، بىز بىر S

نومۇرلۇق خارابىدىن تۆز بۆلۈڭلىرى ئۆتمىشىپ كەتكەن ئىككى نامنى بايقىدۇق. ئۇلارنىڭ بۇ قورۇلۇشىنىڭ ھالقىسىنى ئىگىلىشىمىزگە ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. بىر كۈن ھېچقانداق چوڭ نەرسىگە ئېرىشەلمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. سائەت 5 كە 15 مىنۇت قالغاندا M نومۇرلۇق خارابىدىكى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بۇتخانىنى قېزىشقا كىرىشتۇق. بۇ يەردىن ئۇنتا يېرىم كۆيگەن باش سۆڭەكنى قولغا چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى غەلىتە بولۇپ ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى.

## 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

بۈگۈنكى قېزىشتا ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك بۇيۇم تېپىلمىدى. پەقەت X نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ سىرتىدىكى بىر چوڭ ئازگالنى قېزىۋاتقاندا، ئۇ يەردىكى تام رەسىملەر پارچىسى ۋە سىزىقچىلار توپا بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. بىز ئۇ يەردىن بىر پارچە ئەينەك تاپتۇق. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشىلەرگە نۆۋەتتە باشقا يەردىن بايقالغان ئەينەك پارچىلىرىنى مۇسۇلمانلار ئېلىپ كەلگەن، دېگەن كۆزقاراشقا ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇبادا ئەينەك ھەقىقەتەنمۇ مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرتقا كىرگەن بولسا، بىز ئەلۋەتتە بۇددىزىم خارابىسىدە ئارقا - ئارقىدىن مەلۇم ئۆرنەكلەرنى بايقىغان بولاتتۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئەينەك پارچىسىنى بەلكىم مۇسۇلمانلار بۇتخانىنى ۋەيران قىلغاندا شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئازگالدىن بىر دانە سوپۇرگە بايقالدى. تېخىمۇ يىراق جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى قورۇلۇش خارابىسىدىن شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سوپۇرگىنىڭ بايقىلىش ئەمەلىيىتى، بۇ ئازگال (ئورەك) لار ئىسلامىيەت دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن دېگەن مەسىلىگە مەلۇم گۇماننى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئاساسىي بۇتخانىنىڭ ئارقا نەرىپىنىڭ دائىرىسى ئاخىرى

چىقتى، لېكىن ئويلىمىغان شەكىلدە چىقىپ قالدى. بىز بىر تام ۋە بىرىنچى تۈت چاسا شەكىللىك قورۇلۇشتىكى مۇنبەرگە ئوخشاش يەر ئاستى مۇنبەرنى بايقىدۇق. ئەجەبا يەنە بىر چوڭ قورۇلۇش توپى بارمىدۇ؟

## 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

X نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ سىرتىدىكى ئازگالنى قېزىشنى داۋام قىلدۇق. لېكىن، مۇھىم ئەھمىيەتلىك بايقاشلار بولمىدى، تۈنۈگۈن ئۇ يەردىن بىر پارچە ئەينەك تېپىلغانىكەن. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بايقالمىغاچقا ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەردىن تېپىلغاندەك قىلمايتتى.

كەينىدە مۇنبىرى بار تۆت تەرەپلىك قورۇلۇش پۈتۈنلەي دېگۈدەك قېزىلىپ بولدى. قېزىلغان توپىلار دۆۋىلىنىپ يوغان «پوتەي»نى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ مۇنبەرنىڭ كەينى ئىشىكىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ئانچە تومپىيىپ چىقمىغان قاپارتما باش ھەيكەلنى بايقىدۇق. ئۇ راھىبنىڭ باش ھەيكىلىدەك قىلاتتى.

تۈنۈگۈندىن باشلاپ بىر ئادەمنى N خارابىلىكنى قېزىشقا ئەۋەتتىم. ئۆزۈم پىچاق بىلەن نۇرغۇن ھەيكەل پارچىسىنى تاپتىم. بۈگۈن بۇ خىل قېزىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردۇم. ئۇ ماڭا خېلى كۆپ ئەھمىيەتلىك باش ھەيكىلى ئاتا قىلدى، بولۇپمۇ تاش ياتقۇزۇلغان كارىدور ۋە بىر سۇپا (بولمىسا بىر تام)نىڭ ئىزناسى قېزىپ چىقىلدى. بىز ئەتە مۇشۇ ئىزنى بويلاپ قېزىش ئېلىپ بارماقچى بولدۇق.

## 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

N نومۇرلۇق بۇتخانىنىڭ سۇپا ئىزناسى سۇس قاپارتما قىلىنغان نەگىلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ باشقا بىر ئۇچىدا ئىككى ئىتنىڭ باش ھەيكىلى بار ئىكەن. بۇ بىر ھەيكەلنىڭ

ئىككى پۈتى ئۈستىدە بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان بۇيۇم ئىكەن. بۇ مۇنبەرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن قىسمىنى قېزىۋاتقاندا ئاخىرى بۇدساتۋانىڭ خېلى يوغان بىر ھەيكىلىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ باش قىسمى، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ۋە بىر يانپاش قىسمى ساقلىنىپ قالغانىكەن.

مۇنبەرنىڭ كەينى تەرىپى بىلەن كىچىك تۆپىلىك ئارىسىنى قېزىشقا بۇيرۇدۇم. بىز يېڭى بىر يانتۇ غوجا تامنى نازىلاپ چىقتۇق. ئۇ بۇتخانىنىڭ سىرتقى خوجا تېمىدەك قىلاتتى. غوجا تامنىڭ ئالدىدىكى ئەخلەت ئورىسىدىن بىر بەت قەغەزنى بايقىدۇق، مەن باشتا ئۆزۈمچىلا تىبەت يېزىقى دەپ تونۇپتىمەن، لېكىن ئۇ يازمىچە يېزىلغان براھمان يېزىقىغا بەكلا يېقىن كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

## 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

كەچتە نائۇتتى يەنە ئەخلەت ئورىسىدىن تېپىلغان بېغىشلىما يېزىلغان ھەيكەل پارچىسىنى ۋە N خارابىلىكتىن تېپىلغان باش ھەيكەللىرىنى ئېلىپ كەلدى. بىز يەنە ئىنتايىن نېپىز ۋە چۈرۈك، ئۈستىگە خەت بېسىلمىغان پۇلدىن بىرنى تاپتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر كارىدورنى تاپتۇق. ئۇ بۇتخانىنىڭ ئارقىسىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنىكەن.

## 11 - ئاينىڭ 24 - ، 25 - كۈنى

ئەڭ ئاستىنقى قىسىمدىكى كارىدورنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر زالنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بىر كۆپ، سەل كەينىدە بىرقەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان يېڭى بىر چاسا مۇنبەر ياكى پەشتاقنى بايقىدۇق.

## 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

مەن ئەڭ ئاخىرى خارابىلىككە قايتىپ كەلدىم. ئارقا

كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىكى سۇپىدا تولۇق بىر يۈرۈش پىل بېشى بار ئويما بۇيۇمنى تونۇۋالدىم. ئۇلار پىل باشلىق ئىلاھ (Gane) نىڭ مۇنبىرىگىلا ئوخشايدىكەن. بىز بۇ يەردىن بىرقانچە پارچە تام رەسىمىنى قېزىپ چىقاردۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچىسىنى نائۇتتى تونۇگۇن تاپقان بولۇپ، كاكىلىنىڭ ئۈستىدىكى هاك قەۋىتىگە قارا رەڭدە كىچىك قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدىغان، ئاكسارا (Aksara) ناهايىتى ئېنىق يېزىلغانىكەن. نائۇتتى تونۇگۈن يەنە بىرقانچە ساپما كەش تېپىپتۇ. ئۇلار بىزگە ئالدىنقى تەرەپتىكى ئەخلەت ئورىكىدىن تېپىلغان بۇيۇكلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۈگۈن يەر ئاستىدىكى قېزىش بىزگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. مەن پۈتۈن بىر كۈن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئىشلەمچىلەرنى قېزىشقا تەشكىللىدىم. ئۆزۈم بىرقانچە كۈن ئىلگىرى بايقىغان باش سۆڭەكنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئۇنىڭ يۈزىدە بۇرۇتى، بېشىدا خېلى ئۇزۇن چاچ بولۇپ، چېچى ئۆرۈكلۈك ئىكەن. مەن ھەمراھلىرىمنىڭ كۆزقارىشىنىڭ ئەكسىچە ئۇ خەنزۇ بولۇشى ناتايىن دەپ قارايمەن. بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ بېشىنى چۈشۈرۈپ يۈرۈيدىكەن.

## 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

نائۇتتى بىر تورگۇم خېلى قىممەتلىك بار ۋەسىقىلەر (يازما ھۆججەتلەر) نى ئەكېلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە خىل پۈچۈركىدىكى كەمتۈك ئورام كىتاب ۋە براھمان يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازمىلار «پوتەي»نىڭ كەينىدىكى بىر ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر خىل يىپەك لېنتىغا چىگىلگەن بىرقانچە ئاياغ بوغقۇچ، دەرەخ يېلىمى بار بىر پارچە سېرىق يىپەك قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. سىرلانغان ساپالدىن ياسالغان بىر دانە يالغان نىقاب بار بولۇپ شەكلى

غەلىتە ئىكەن. بۇ بۈگۈنگە قەدەر بايقالغان مۇشۇنداق تىپتىكى بىردىنبىر بۇيۇم بولۇپ ئارقا تەرەپ ۋە چوڭ كاردورىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆي (ئېيتىلىشىچە ئېغىلمىش) دىن تېپىلغانىكەن. بۇ يەردىن ئوخشاشلا تۇتقۇچى بار بىر دانە ساپال تامغىمۇ تېپىلدى. ئەڭ ئاخىرى بۇ يەردىن بىر دانە مىس پۇل تېپىلغان بولۇپ، ئۇستىدىكى «ۋۇجۇ» دېگەن خەتنى تونۇغىلى بولىدىكەن. بۇ يەرنىڭ يىل دەۋرىنى خەن سۇلالىسى دەپ ھۆكۈم قىلىنغىلى بولىدىغان يېگانە نامايەندە ئىدى. لېكىن، كىشىلەر قانداقلارچە بۇلارغا ئىشىنىدۇ؟ بۇ كېرەكسىز ئەخلەت ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئۆزۈم ئۇرۇقى، شاپتۇل ئۇچكىسى ياكى ئۆرۈك ئۇچكىسىنى بايقىدۇق. ئەمما، بۇ يەردە ياڭاق مېغىزلىرىمۇ، يەنە ياڭاق شاكىلىمۇ بايقالدى. ئەڭ ئاخىرى يەنە بېلىق قىلتىرىقىمۇ تېپىلدى.

## 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

مەن بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە نوسقۇنلۇق قىلىۋاتقان قېزىش مەيدانىنى رەتلەش بىلەن پۈتۈن بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم. بىراق، مەن يەنە تېخىمۇ كونكرېت بولغان 2 – 3 ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. نائۈتتى قازغان قۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى چوڭ كاردورىنىڭ سول تەرىپى ئات ئېغىلىدەك قىلاتتى. ئۇ بىر تاغ تۈۋىسىگە جايلاشقان بولۇپ، تاغ غۇلاپ چۈشكەچكە ئاشۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىي ئورنىغا تاشلىۋېتىلگەن چوڭ لىم بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشتا بەك ئەھمىيەتلىك ئىكەن (لېكىن ئۇنىڭ مۇرىسى قەيەردە؟ بۇ ھەقتە مېنىڭ بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا سۆزلىگەنلىرىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ بۇددىزمنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ئۇ يەردىن كەيىۋەن دەۋرىدىكى پۇلدىن بىردانە بايقىدۇق. بۇ

«توققۇز ھۆجرا ،توققۇزساراي،»نىڭ VIII ئەسىردە قۇرۇلغانلىقىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئىسپاتى ئىدى. «پوتەي»نىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى چوڭ ئەخلەت ئورنىكىدىن بىر پارچە قەغەزنى تاپتۇق. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قۇرت يەپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىدە تۆت چاسا يېزىلغان بىرقانچە خەنزۇچە خەت بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە يېشىل ئەينەكتىن ياسالغان چوڭ مارجاندىن بىر تال تاپتۇق. بۇ بىزنىڭ پۈتۈن بىر كۈنلۈك ھاسىلاتىمىز بولۇپ ھېسابلىناتتى.

## 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

بۈگۈنكى قېزىشتا قىممەتتى بار ھېچقانداق نەرسە بايقالمىدى. بىز بۈگۈن قېزىپ بولغان ئەخلەت ئورنىكىدىن بىر پارچە قەغەزنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، قارا رەڭدە يېزىلغان ئىككى - ئۈچ خەت بار ئىكەن. بىز يەنە ئەڭ ئاستىنقى قىسىمدىكى بىر تۇرالغۇ خارابىسىدىن ناھايىتى نېپىز بىر دانە پۇل تاپتۇق. ئۇ ۋۇچۇ پۇلى بولۇشى مۇمكىن. بىز «پوتەي»نىڭ كەينىدىن يېڭى بىر سۈپىنى بايقىدۇق. ھازىر ئۇنى داۋاملىق قېزىۋاتىمىز، ئۇنىڭدا سۈس قاپارتما ھەيكەل (ياسىلىشى سەل ناچارراق بولۇپ، پەقەت لاي بىلەن ياسىلىپ ئۈستىگە رەڭ بېرىلگەن) بار بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئىكەن. بۇ ئىبادەتخانا ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

## 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈنى «پوتەي»نىڭ كەينىدىكى ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نى قېزىش بىلەن ئۆتتى. بۇ ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئالدى يۈزىدە بىر خىل ھەيكەل بېزەكلەر بار سۇپا يوق ئىكەن. ئۇ پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىگەنىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز سۇپىدىكى چوڭ بۇت ھەيكىلى بىلەن

بېزەلگەن ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئەتراپىدىكى كارىدور سىرتىدىمۇ بېزەكلەر بار ئىكەن. بۇتنىڭ نۇر ھالقىسى مىسىرلىقلارنىڭ تاشقى بېزىكىدەك سىزىلغان ھەم ھەر خىل گۈل - گىياھلار ۋە ئۇچار قاناتلارمۇ بار ئىكەن. بۇ رەسىملەر ئىراندىن كەلگەن بىر خىل تەسىرنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭلىرى ناھايىتى يېڭى ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن فوتوئاپپارات بىلەن بۇ گۈل نۇسخىلارنى ياخشى تارتىۋالغىلى بولاتتى. نۇرغۇنلىغان ھەيكەللەرگە رەڭ بېرىلگەن. بىز بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ناھايىتى ياخشى ساقلانغان، ياسىلىشى كۆركەم ياغاچتىن ياسالغان كىچىك بىر دانە بۇت ھەيكىلىنى بايقىدۇق. تېخىمۇ چوڭ يەنە بىر ياغاچ بۇت ھەيكىلى ئوتتا كۆيۈپ چىرىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ رەڭ بېرىلگەن، بىراق ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ئامال بولمىدى. ياغاچتىن ياسالغان باشقا بېزەك نەقىشلەرگىمۇ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن. ئەڭ ئاخىرقىسى ئىككى دانە ياغاچ ھەيكەل بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا رەڭلىك سىزما سىزىلغان ۋە ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىدى، ئىككىنچى كۈنى يەنىلا قېزىشنى داۋاملاشتۇردۇق، بولۇپمۇ يۇقىرىدا تۇرۇپ پەسكە قارىسا كۆرۈنىدىغان ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئىچكى تېمىغا قارىتا قېزىش ئېلىپ باردۇق، مۇبادا بۇ ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئەزەلدىن قېزىلىپ باقمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا ئېسىل بۇيۇملار ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قارىتا قېزىش ئېلىپ بېرىشنى ئويلىدىم.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمدىن باشقا، قەدىمكى بۇيۇمنى بايقاش پۇرسىتىمىز پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملىق، يەنى بىر پارچە بىنەپشە رەڭلىك سۈزۈك تاش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، ئۇ بىنەپشە رەڭلىك خرۇستالدەك قىلاتتى. ئەمما، يېرىشقا ئامال يوق ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرىدا ئەينەككە ئوخشاش پارقىرايدىغان بېزىكى بار بىر دانە مىس تۇگمىمۇ بار ئىدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ستوپا (بۇددا مۇنارى)نى قېزىش ھەمدە ئۇنىڭ كېرەكسىز ئەخلەتلىرىنى جىلغىغا يۆتكەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ستوپا (بۇددا مۇنارى)نى ئوراپ تۇرغان باشقا رەڭلىك لاي ھەيكەلدىن سىرت، باشقا يېڭى نەرسە بايقىمىدۇق. ئۇلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ناھايىتى ناچار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ھەيكەلنىڭ كاساياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېتىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ بۆلۈك شەكىللىك كىچىك رامكا ئىچىگە ئىككى قولنى جۈپلەپ تۇتۇپ تۇرغان بىر نەپەر گۆدەك غولمانىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇ رەسىم ئېنىقلا جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىرىدىكى غولمان ئوبراز ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇنىڭدىن ھەيكەللەر ياسىلىش جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ئاشۇ خىل ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز بۇلاردىن ۋاستىچىلەرنىڭ بىر خىل رولىنى بىلىۋالدۇق. ئۇ ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تەسىرى (پۇل توغرىسىدىكى مەسىلىغا قاراڭ)غا ۋەكىللىك قىلاتتى، ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىنى ئۆزگەرتكەن غەربىي يۇرت سەنئىتىنىڭ داۋالغۇشىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ كىچىك تىپتىكى ئادەم رەسىمىنى سۈرەتكە تارتىش كېرەك، چۈنكى ئۇ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ X ئەسىرگە تەئەللۇق ئىدى. مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى ناھايىتى قەدىمىي بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىر خىل رېئاللىقىنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىمى ئىكەن، دېيىشنى ئۈمىد قىلىپ كەتمەيمەن. ئۇ پەقەتلا ئۇستىلارنىڭ ئاددىي ئەسىرى ئىدى، خالاس. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بۇ خىل سالاپىتى، نۇر ھالقىسىنىڭ دىنىي تۈسىنى، زىننەتىنى تېخىمۇ خىلمۇخىل قىلىۋەتتى. نۇر ھالقىسىنىڭ ئەتراپىدىكى قاتار تىزىلغان ھالقىلار ئىچىدە ئۇزۇن

تومشۇقلۇق قۇشلار بار ئىدى. مەن بۇ يەردە بىر خىل يازما يادىكارلىقنى ئۇچراتتۇق، دەپ قارايمەن.

### 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

مەن كىشىلەرنى ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئارقا تەرىپىنى قېزىشقا بۇيرۇغانىدىم. ئۇ يەردىمۇ مۇھىم بايقاشلار بولمىدى. بىر دانە جۇڭگو پۇلىنى بايقىدۇق. لېكىن، ئۇنىڭ پەقەت ئاستىنقى قىسمى ۋە سول تەرىپىلا ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇ مۇشۇ يەردىن بايقالغان ئىككىنچى كەييۈەن مىس يارمىقى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ بۇ ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئارقا تەرىپىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ تاك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. بىز يۇقىرىدا قوتان ياكى ئات ئېغىلى دەپ قارىغان ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىن ناھايىتى قېلىن بىر قەۋەت ئەخلەت ۋە كېرەكسىز بۇيۇملارنى قېزىپ چىقتۇق. بىز ئۇ يەردىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەنزۇ ۋە براھمان يېزىقىدا يېزىلغان كەمتۈك ئەسەردىن بىردىن تاپتۇق. ئاتالمىش ئات ئېغىلى بىر تورالغۇ بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر مورا، بىر دانە ئۇزۇن ئورۇندۇق ۋە بىر ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. مورىنىڭ ئۈستى ھەجۋىي رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئالدىدىكى ئوخشاش تەكشىلىك بىلەن ئوخشاش بىر قورۇلۇشنى ھاسىل قىلغانىدى.

### 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

بىرقانچە كۈندىن بېرى تېخىمۇ كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، يېشىل رەڭلىك نىقاب بايقالغاندىن تارتىپ، تومشۇق ھەم «توققۇز ھۇجرا»دىن بايقالغان رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرى زادى مۇسۇلمانلاردىن كېلىپ چىققانمۇ (مۇسۇلمانلاردىن قېپقالغانمۇ) ياكى باشقا بىرلىرىگە تەۋەمۇ دېگەن مەسىلىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ

قەبرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بايقالغان. بىراق، نۇرغۇنلىغان قەبرىدە بۇنداق نەرسىلەر يوق ئىكەن. مەنمۇ تۈزلەڭلىكتە ئۇلارنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. پۈتۈنلەي مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان قەبرىلەردىنمۇ بۇ خىلدىكى مۇكەممەل قەبرە خىشىنى تاپالمىدۇق. جەسەت كۆلى قىلىنغان ئېۋرىق ھەمدە ئەخلەت ئورىكىدىن بايقالغان باشقا بوتۇلكا قالدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ بۇ خىل يېشىل رەڭلىك خىشنى پىشۇرۇشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى خىشلارنىڭ قايتىدىن پىشۇرۇلغان ئىزىنىڭ بارلىقى كىشىنى قايتا گۇمانغا سالمايدۇ. بۇ خىشنىڭ ئەسلىدىكى يېشىل رەڭگىنىڭ تۇتۇق بىنەپشە رەڭگە ئۆزگەرگەن ياكى سۇس كۆك رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئوتتا پىشۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. بىر قېتىملىق ئوت مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرە خىشىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن دەيدىغانغا بىزنىڭ ھېچقانداق ئاساسىمىز ۋە مۇمكىنچىلىكى بولغان قىياسىمىزمۇ يوق. بۇ خىشلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كەلسەك مۇبادا ئۇلار بۇددا دىنى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇنىمۇ بىزنىڭ ھازىرغىچە ھۆكۈم قىلالمايدىغان مەزمۇنلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. تۇمشۇقتا ئۇلار ئاساسەن ئوچاقلىق ئۆينىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قىسمىدىلا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. «توققۇز ھۇجرا» ياكى «توققۇز ساراي» دا ئەڭ ئالدىغا جايلاشقان كىچىك بۇتخانا خارابىسىدىن بۇ خىشلار بايقالغان. بىراق، ئۇلارمۇ ھەممە يەردە چېچىلىپ تۇراتتى. مەن ئاچماقچى بولغان «توققۇز ھۇجرا»دىكى ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نى بىر دۆۋە قاتتىق تاش بېسىۋالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇ يەردە نۇرغۇن قەبرىلەرنى كولاپتۇ (ئۇلارنىڭ خارابىسى مۇشۇ دەۋردە چوڭ ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى)، بىراق ئەڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى تىندۇرۇلغان شېغىل ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ئوتتۇن ۋە بىرقانچە خىل ئويما ھەيكەل قالدۇقلىرى (بىر دانە قول

ھەيكەللىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)لىرى ئارىسىدىن يېشىل رەڭلىك بىر پارچە خىشنى تاپتىم. ئۇنى يالغۇزلا ئۇ يەرگە «ئەۋەتىپ» قويۇشنىڭ قانداق مەنىسى بار؟ بۇ بىر سىر. ئۇنى باشقا قۇرۇلۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندىلا، ئاندىن بۇ سىر ئېچىلىدۇ.

بۇتخانىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئارىسىدا بۇنداق پەرقلەرنىڭ بولۇشى، شەك - شۈبھىسىزكى بۇتۇنلەي ئوخشىمايدىغان دەۋرلەردە ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. I نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانىدىكى گىرېك ئۇسلۇبىدىكى ھېلىقى ساپال قاچا چوڭ دۆڭلۈكتىكى ساپ ھىندىستان ئۇسلۇبىدىكى سۇس قاپارتما ھەيكەل بىلەن ئوخشاش دەۋرگە تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇلار، بولۇپمۇ لاي ھەيكەل (ئىچىگە بادرا سېلىنغان لاي ھەيكەل) بىلەن پۈتۈنلەي بىر دەۋرگە تەۋە ئەمەس. بۇ ھەيكەللەر تىپىك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدا بولۇپ، مەركىزىي ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نى بېزەپ تۇراتتى. بۇ ستۇپا (بۇددا مۇنارى) ئېنىقلا سەنئەتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدەك قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، رەسىمچىلىكتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىز پەقەت كىچىك بۇتخانىدىن تېپىلغان تام رەسىمدىكى بۇتنىڭ باش ھەيكىلى ياكى ئالدىدىكى سەينانى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان زالدىن يىغىۋېلىنغان تام رەسىملىرىنىڭ باشقا پارچىلىرى بىلەن ستۇپا (بۇددا مۇنارى) سىزىلغان رەسىمنى سېلىشتۇرساقلا كېيىنكىسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ كەملىكىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىمىز. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى ستۇپا (بۇددا مۇنارى)دىكى رەسىملەر تام رەسىمى شەكلىدە سىزىلمىغان. ئۇلارنىڭ خېلى مۇستەھكەم سۇۋاق قەۋىتى بار ئىكەن. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە يېلىم سۇۋالماي تۇرۇپمۇ كىشىلەر تولۇپ - تاشقان ئۈمىد بىلەن ئالدى ئىبادەتخانىدىكى رەڭلىك سىزما پارچىلىرىنى قىلچە توسالغۇسىزلا پارىژغا يۆتكەپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ.

بىراق، لاي ئۈستىگە توپلىنىپ قالغان ئاددىي رەسىم قەۋىتى ئازراق شامال چىقسىلا قاسىراقلىشىپ چۈشۈپ كېتەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بۈگۈن جەمئىي 31 ئىشلەمچى خارابىلىككە ئىشلىگىلى باردى. مەن كەينىدىكى قېزىشنى تۈگەتتىم. ئۇ يەردىن خېتىمنى تونۇغىلى بولمايدىغان بىر دانە مىس پۇل تاپتىم. ئەڭ ئاخىرىدىكى ئەخلەت ئورىكى (ئازگال)دىن يەنە بىرقانچە پارچە خەنزۇ ۋە براھمان يېزىقىدا يېزىلغان كەمتۈك ئورام كىتاب تېپىلدى. مەن دەرھال ئادەملەرنى كۆپىنىڭ يەنە بىر يېنىنى قېزىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ يەردە بىر ئۇزۇن سۇپا ۋە بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان بىر دانە پەشتاق بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى چوڭ ئالدى زالى بار بىر بۇتخانىمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يوغان ساپال ھەيكەل بار ئىكەن. بىز ھازىرمۇ بېشى بىلەن بىلەكلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھەيكەل پارچىلىرىنى تاپالايمىز. بۇ خارابىلىك ئوت ئاپىتىدە پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەن قۇرۇلۇش ئالدىدىكى يانتۇ غوجا تامنى ئوراپ تۇرغان قۇرۇلۇش تېپىغا تەۋە ئىكەن، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى ستۇپا (بۇددا مۇنارى)دىن بۇرۇن دەپ قارايمەن. قېزىش خىزمىتى ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بەلكىم بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە خىزمەت ئاخىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ ئارقىسىدىكى قېزىش يەنىلا داۋام قىلىنىۋاتاتتى، لېكىن يېڭى مۇھىم نەرسىلەر تېپىلمىدى. بىز خەتلىرىنى ئوقۇغىلى بولمايدىغان مىس پۇلدىن بىرنى تاپتۇق. ئۇ بەلكىم ۋۇجۇ پۇلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇن تارتىدىغان بىر دانە تاش يارغۇنچاقمۇ بايقالدى. كىچىك دۆڭنىڭ بىر تەرىپى بىز ئالدى بىلەن قازىدىغان يەر بولۇپ، ئۇ يەردە تام

يوق ئىكەن. ئۇ يەردىكى يانتۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ سىمونت يەر بوزنى بايقىدۇق، ئاندىن كېيىن بىر تىك يانتۇلۇق بار ئىكەن. بۇتخانا تېمىنى بويلاپ ئالدىغا ماڭساق ئالدىمىزدا كىرىش ئېغىزىنىڭ پەشتىقى بار ئىكەن. كېرەكسىز ئەخلەت ئىچىدىن ئېغىر دەرىجىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بىرقانچە ھەيكەلنى تاپتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، قوش ياكى توشقانغا ئوخشايدىغان ھايۋانلار ئوبرازى بار ئىكەن. چۈشتىن كېيىن مەن بىر ئىشلەمچىنى ئالدىدىكى كىچىك ئىبادەتخانىنى داۋاملىق قېزىشقا بۇيرۇدۇم، ئۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن خاڭدالمىغان بوش توپىنى بايقىدۇق، لېكىن بوش توپىنىڭ ئاستى ناھايىتى تەكشى ئىكەن. گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن چالما - كېسەكلەر ئىچىدىن بەك بۇزۇلۇپ كەتكەن بىرقانچە دانە باش ھەيكىلى بايقالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن كىچىك ساقىلى بار بىر نەپەر بايۋەچچە بار ئىكەن. ئۇ بېشىغا جىيەكى يۇقىرىغا دىڭگىيىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر تېپىدىكى باش كىيىمى كىيىۋالغانىكەن. ئۇ يەردىن ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە تۆت دانە ئۆلگەن ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى تېپىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خاڭدالمىغان توپا قەۋىتىنىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى يوق يەردە، پەقەت يېشىل سىرلانغان بىردانىلا كىچىك خىش پارچىسى بايقالدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇ بۇ خىل فارفور بۇيۇمنىڭ بۇددىزمدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قوللايدىغان كەسكىن نەزەرىيىۋى ئاساس ئىدى.

## 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

بىز قېزىشنى تېخى ئاخىرلاشتۇرمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى ئالدى بىلەن بۇ دۆڭ (D)نى قېزىشىمىز شەرت بولۇپ قالدى. بۇ يەردىن تا ھازىرغىچە قورۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغان ھەيكەل قالدۇقلىرى تېپىلمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنۇڭۇن قازغان يەردە داۋاملىق قېزىش ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەردىن بىر مۇنبەرنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپىدە نېپىز قاپارتما

ھەيكەل بار بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن B نومۇرلۇق چوڭ دۆڭ رىشاتكىسىنىڭ يۆنىلىشى قارىمۇقارشى ئىكەن. نېپىز قاپارتما ھەيكەل ئوت ئاپىتىدە گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن بولۇپ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان قەبرىسى بار ئىكەن. بىراق، بىز يەنىلا ناھايىتى قىممەتلىك بىرقانچە ھەيكەل قالدۇقىنى بايقىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نېپىز قاپارتما ھەيكەل كارىدورى بىلەن بۇتخانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان چوڭ يانتۇ يولى ئارىسىدىن نۇرغۇن ھەيكەل پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە يوقالماي كېلىۋاتقان بىر خىل ھەقىقىي مەنە بار ئىدى. يېرىم يالىڭاچ بىر ئايال ئۇ يەردىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىر بېلىكىنى قويۇپ ياتقانىدى. ئۇنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمگە ئەڭ بۇرۇنقى كلاسسىك ئۇسلۇبنى ئەسلىتەتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىز شەنبە كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى، شۇنداقتىمۇ D خارابىلىكنى تەكشۈرۈپ قېزىپ بولغاندىن كېيىن بىز باشقا يەرگە بارساق بولاتتى.

### 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

D نومۇرلۇق چوڭ دۆڭنىڭ نېپىز قاپارتما ھەيكىلى بار كارىدوردىكى قەبرىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەچكە ھېچقانداق نەرسە تېپىلمىدى. ئەكسىچە بۇ كارىدور بىلەن ھەقىقىي بۇتخانىنىڭ قورشاۋ سېيناسى ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان ھەيكەل قالدۇقلىرى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتا كۆيۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەھمىيىتى زور ئىدى، بولۇپمۇ ئىككى - ئۈچ يېڭى باش ھەيكىلى بار بولۇپ، (ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان يۇمىلاق بىگىزسىمان باش كىيىمى كىيگەن) تونۇگۇن بايقىغان ئۇزۇن ساقاللىق ئادەمنىڭ باش ھەيكىلى تېپىشقا كىرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرقانچە لاي ھەيكەل ھەم ئانچە ياخشى ساقلانمىغان كاكىل ئۇستىگە

سىزىلغان بىرقانچە پارچە تام رەسىمنى بايقىدۇق.

مەن ئالدى تەرەپتە ناھايىتى تاسادىپىي ھالدا (N نومۇرلۇق دۆڭدە) ساپال پىل بېشى بار بىر دانە پاكار رېشاتكىنى بايقىدىم. ئۇ بۇ يەرنىڭ كەينىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئۆلى قىلىنغانىكەن. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماپتۇ.

بۈگۈن چوڭ كۆلەملىك قېزىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. بىز بۇ يەردە خىزمەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىدە، ئۆيلىمىغان يەردىن 50 نەچچە پارچە يېڭى ھەيكەل قالدۇقىنى بايقىدۇق، بولۇپمۇ بۇ قالدۇق پارچىلار مەن ۋاقتىنچە شەرھلەپ بېرەلمەيدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. I نومۇرلۇق كىچىك بۇتخانىدىن بايقالغان بىرقانچە بۇيۇم كلاسسىك تەسىرنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى. B نومۇرلۇق خارابىلىكتىن تېپىلغان ھىندىستان ئۇسلۇبىدىكى نېپىز قاپارتما ھەيكەللەر بايقالدى، ستۇپا (بۇددا مۇنارى)دىن خەنزۇ ئۇسلۇبى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق، بېشىغا تاقىۋالغان ياۋروپاچە نىقاب ۋە مودا چاچ بېزەكلىرىنى بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە N نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ ئالدىدىكى بۇتخانا ۋە D نومۇرلۇق چوڭ دۆڭلۈكلەردە بايقالغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل تېپىتىكى كلاسسىك ئۇسلۇبىدىن قوتۇلغاندەكمۇ قىلاتتى. قەيەردىن ئۇلارغا ئوخشاش نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ كەلگۈسى بىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.

## 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

قېزىش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. ھازىرغىچە ئېپقالغان بەش نەپەر ئىشلەمچى D نومۇرلۇق دۆڭگە قايتىمىسىمۇ بولاتتى. رېشاتكىغىچە سوزۇلغان N نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ ئالدى تەرىپى ناتۇتتى سۇرەتكە تارتىشتىن بۇرۇنلا گۇمۇرۇلۇپ

چۈشكەن نەرسىلەر يۆلىنىپ قالغان نامنى تاپتىم. رىشاتكىنىڭ ئۈستىدىكى غوجا ناملارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. بىر ئادەمنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ھەيكىلى بار بولۇپ، ئۇنتتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەچكە ئاسانلا ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بۇ رىشاتكىنىڭ ھەيكەلنى تىرەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

قېزىش خىزمىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزۈم ئۈچرىتىپ باقمىغان بىر خىل مايمۇن ئوبرازىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. D نومۇرلۇق دۆڭ بىلەن N نومۇرلۇق ئىبادەتخانىدىن بايقالغان پىل رەسىمى مەندە ستۇپا (بۇددا مۇنارى)نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مۇنبەر ئەتراپىدا چېپىپ يۈرگەن ئاشۇ پىللار بۇ مۇنبەرنىڭ پىل باشلىق ئىلاھقا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلدى. مايمۇن رەسىمگە كەلسەك ھەممىگە مەلۇمكى كىشىلەر خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلەردىن خېلى كۆپ تاپتى. مۇبادا مەن خاتالاشمىغان بولسام، گرېنارد ئىلگىرى كىشىلەر شىنجاڭ (شۇ چاغدا شىنجاڭدا مايمۇن يوق



(ئۇچ مېرۋانغا يامىشىش (1906- يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

ئىكەن)دىكى مۇسۇلمان يادىكارلىقلىرىدا نۇرغۇنلىغان مايمۇن ئوبرازى بايقالغان، ئۇلار قەدىمكى بۇددىزم سەنئىتىنىڭ يادنامىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا تەبىئىي يوسۇندا بىز نۇمىشۇقتا نۇرغۇنلىغان پىل ھەيكىلىنى بايقاش بىلەن بىرگە (بۇ ھايۋانمۇ ئوخشاشلا بۇ رايوندا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن)، مايمۇن ئوبرازىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق.

قولغا كەلتۈرگەن ھاسىلاتلارنى ئومۇمىي گەۋدىدىن تەھلىل قىلغاندا، بىزنىڭ مۇزىيدا ساقلانماقچى بولغان بارلىق بۇيۇمىدىن باشقا، مېنىڭ بىلىشىمچە گرونۋېدېل بىلەن بېرېزوۋىسكىنىڭ تاسادىيپىي خىزمىتىدىن باشقا، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قەدىمكى بۇتخانا (ھېچبولمىغاندا مۇشۇ رايوندا) خارابىسىنى تونجى قېتىم تولۇق قېزىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم كۇچا ياكى بەلختىكى قېزىشىمۇ تېخىمۇ مۇكەممەل نەتىجە بېرىشى مۇمكىن.

ئوت ئاپىتى قەبرىنىڭ تام دىۋارلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا بىر پۈتۈن قورۇلۇشنى ئاجرىلاپ قېزىپ چىقتۇق. خۇددى تىمگاد (Timgad ئالجىرىيىدە) ۋە پومپېي (ئىتالىيە)دىكى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى سىرتتىن قازغان چاغدىكىدەك، يەنىلا ئاشۇ يەردە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ زېمىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ يەردە تار رېلىسلىق پويىز يولى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، بىز پەقەت كەتمەن ئارقىلىقلا يوغان توپىلارنى ئۆرۈگىلى بولمىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. شېغىل تاشلار يوق يەردە، كەتمەن – مىتىن ۋە گۈرجەكلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇ ئادەمنىڭ يېرىم ئەمگەك كۈچىنى ئازلىتاتتى. بىز تاشكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن مىتىن بىلەن گۈرجەكنىڭ رولى بولمىدى. بۇ خۇددى ستەيىن قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن سايمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلچە پايدىسى بولمىغانغا بەكلا ئوخشايتتى. بۇنىڭدىن باشقا سېپىلنىڭ ئۆلىنى تېپىش ھەم ئۇنى مىدىرلاتماسلىق ئۈچۈن گېئولوگلار

ئىشلىتىدىغان بولقىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ھەيكەل بىلەن نېپىز قاپارتمىلىق ھەيكەل پار بۇلۇڭلارنىڭ ھەممىسى، پىچاق بىلەن خىزمەت قىلىش كېرەك ئىكەن. يەرلىك ئاھالىلەر بىزنىڭ قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ گۇمانمۇ قىلمىدى ھەم قېزىۋېلىپمۇ كەتمىدى. «توققۇز ھوجرا» ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ھەرقانداق ئىشنى ئويلاندۇرالمايتتى. ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ تەۋەررۇك نەرسىلىرىنى سېتىش ئادىتى يوق ئىكەن. لېكىن، ھازىرقى كۆچا، تورپان ياكى خوتەندىكى كىشىلەر كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا شۇنداق قىلىۋېرىدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر بىزنىڭ تەتقىقات نىشانىمىزنى قەشقەرلىكچىلىكىمۇ چۈشەنمەيدىكەن.

## «ئۈچ مېرۋان»، «تۈگمەن» خارابىلىرىنى تەكشۈرۈش

قەشقەر بوستانلىقى ئارخېئولوگلارغا قەدىمكى نام - شۆھرەت ۋە ئۇلۇغ تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم يازما يادىكارلىقلارنى تەمىنلەپ بېرەلمىدى. قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئەڭ يېڭى خارابىلەر تىزىملىكىنى دوكتور ستەين تۈزۈپ چىقتى. لېكىن، ئۇ پەقەت بۇ شەھەرنىڭ شىمالى بىلەن شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى ستۇپا ھەم خانىئۇي (Khuan ui)① دېن ئىبارەت

① ستەين: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى ۋە يەر شەكلىنى ئۆلچەش كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ دەسلەپكى دوكلاتى» لوندون، 1901 - يىلى نەشرى، (4 قورمات) 16 — 19 - بەتلەر؛ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن» 125 - بېتىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا قاراڭ. خانىئۇي خارابىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتەي. قەشقەرگە ئەڭ يېقىن ئىككى ستۇپانىڭ بىرى شىمالدا بولۇپ تىم ياكى قورغان تىم نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ يەردىكى قورغان تىم دېگەن نام ئۆزى جايلاشقان قورغان بازىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بولغاچقا ئەنە شۇنداق ئاتالغان، ئۇنى ستەين خېلى ئەتراپلىق بايان قىلغان. جەنۇب تەرەپتىكى ستۇپا قىزىلدۆۋە دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ قوپۇرۇلغان خىشنىڭ رەڭگىمۇ قىزىل بولغاچقا ئەنە شۇنداق ئاتالغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم خىشلار ناھايىتى ناچار پىشۇرۇلغان. بۇ ستۇپادىنمۇ بۇ رايوندىكى قەدىمكى ستۇپاغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئۆستىخان ۋە كۆيگەن ياغاچ پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق. مېنىڭچە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش، شۇنداقلا كۆزىچىلىك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار ئۇ بولسىمۇ، ستۇپا ئەڭ يېقىن كىچىك بىر تۆپىلىك يار بولۇپ دىئامېتىرى 54 مېتىر،

بىرلا گۇرۇپپىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا بۇ رايوندىكى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن ساقلاپ قالغان ئاز ساندىكى خارابىلىكلەر ئىچىدە مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە كىشىلەر تۆۋەندىكى ئىككى خارابىلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار بولسا دوكتور ستەين ئەزەلدىن تىلغا ئېلىپ باقمىغان «ئۈچ مېرۋان» ۋە «توگمەن» خارابىسى ئىدى.

«ئۈچ مېرۋان» قەشقەردىن ئەتۇرىسىغە ماڭىدىغان چوڭ يولدا بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارت (چاقماق) دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدىغان يەردە، ئېگىزدە تۇرۇپ پەسكە قارىساق كۆرۈنىدىغان غەرب تەرەپتىكى چوڭ يولنىڭ قىياسىدىكى سېرىق تۆپىلىككە ئۈچ «كامار» كولانغان، ئۇ يەرگە بارغاندا ئانچە چوڭقۇر بولمىغان غارغا كىرگىلى بولىدۇ[1]. ئوتتۇرا ئىقلىمدىكىلەر بۇ يەرنى «三仙洞» دەپ ئاتىشىدۇ. يەرلىك خەلقلەر «ئۈچ مېرۋان» (Utch merwan)

---

ئېگىزلىكى 5.50 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تۆپىلىكنىڭ ئەتراپىنى ئاققۇناقلار ئوراپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۆزى قاقاس ئىدى. ھېلىقى كىچىك دۈمبەلچەكلەر ئۇنىڭ قەبرە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بۇ قەبرە تۆپىلىرىنىڭ يۈزلىنىشىگە قارىغاندا ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئادىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، قەبرىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، قەبرىنىڭ ئىككى - ئۈچ يېرىگە ئىشىك ياكى كىرىش ئېغىزى ئېچىلغان بولۇپ، كىشىلەر خىش بىلەن ئەگمە تورۇس قوپارغاندىن كېيىن بەزى ئېتىۋېتىلگەن كامارلارنى يىراقتىنمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەپسىلى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھۇنكول قەبرىستانلىق، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن قەبرىگە ئوخشاش كەڭلىكتىكى خىش بىلەن ئەگمە تورۇستا تىرەلگەن. مەركىزى كامارغا قۇم تولۇپ كەتكەن، بۇ قۇم ئاكى ئەگمە تورۇسنىڭ 0.8 مېتىر كېلىدىغان يېرىگىچە توشۇپ كەتكەن. مەن بۇ قەدىمكى قۇرۇلۇشنىڭ رولىنى چۈشىنەلمىدىم. مۇسۇلمانلار ھازىر ئۇ يەرگە چاچراپ كەتكەن بوۋاق ۋە كىچىك بالىلارنى دەپنە قىلىدىكەن. بىز بايقىغان ئۇستىخانلارمۇ شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مانا بۇلار بۇنىڭ ئىچىدە نېمىشقا بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ جەسىتى يوق. پەقەت بۇ دۇنيادا كۆز ئېچىپلا تۈگەپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتى بار دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ بوۋاقلارنىڭ پۇتى ئەرقەقە قارىتىپ دەپنە قىلىنغان.

[1] چوڭ يول بىلەن يارلىق ئارىسىدا يانتۇ گۈمبەزلەنگەن توپا قالدۇقلىرى بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىكەن. پەنجىرىنىڭ ئۆزۈەنكى گىرۋىكى گۈمبەزلۈپ چۈشكەن توپىدىن 1.80 مېتىر ئېگىز جايغا جايلاشقان. يەرنىڭ پەنجىرە ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ناھايىتى كىچىك.

ياكى «ئوچمانراۋان» (Out chmanrawan) دەپ ئاتىشىدىكەن[1].

«ئۈچ مېرۋان» نى تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ياۋروپالىق، شۇنداقلا بىز بىلىدىغان تۇنجى قېتىم بۇ يەرنى بىلگەن ياۋروپالىق دەل پېتروۋسكى (Perrovski) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەر توغرىسىدىكى بايانى 1903 - يىلى رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى «شەرقشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» دا «قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر بۇددىزم خارابىسى»[2] دېگەن تېمىدا

[1] بىرنەچچە خىل پېرىلىشى ھەقىقەتەنمۇ مەن ئاڭلىغاندەك ئىدى. غارنىڭ سانى ئەنزۈچە نامدىكى كۆرسىتىلگەندەك «ئۈچ غار» بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇرچە نامدىكى بىرىنچى سۆز «ئۈچ» نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇزۇۋەندە پېتروۋسكىنىڭ خاتىرىسى (ئۇنىڭ كىتابىنىڭ 295 ــ 299 - بېتىگە قاراڭ) دىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي، پېتروۋسكى بۇ يەرنىڭ نامىنى ئۇچماھ - راۋان (Outchmah - ruvan) دەپ يازىدۇ. ئۇ بۇ سۆزنىڭ باش قىسمىنى ئۈچ «Utch» دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىكتىكى ئەقلىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەرلىك ئەقلىلەر بۇلارنى «گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كىرگىلى بولمايدىغان غار ئېغىزى» دەپ شەرھلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە Outchmah دېگەن سۆز ئەستە ساقلىغىلى بولىدىغان ھەم ئىنىق جاي دېگەننى كۆرسىتىدىغاندەك قىلىدۇ. (بۇ ھەقتە ياۋى.دې. قۇدايىنىڭ لۇغىتىدىكى بابۇرنىڭ ئەسىرىدىن كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ، 49 - بەت). خۇددى Utch - merawn ياكى Outch - merwan غا ئوخشاش ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان شەكىللەردە، پەقەت «ئۈچ مېرۋان» بولۇپلا قالماي يەنە جەنۇبقا سوزۇلغان بولدىكى ئىنىق يارلىقىنىمۇ كۆرسىتەلتى. ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا پېتروۋسكىنىڭ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىل ئەھۋالدا خەلق ئىچىدىكى ئېتىمولوگىيە بۇ نامنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىشىلەر پەقەت «ئۈچ» (Utch) نىلا بايقايدۇ. مەن ئەڭ ياخشىسى يەرلىك خەلقنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىنى قوللىنىش كېرەك دەپ قارايمەن. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىسىدە ئەزەلدىن Oulehmah دېگەن سۆز بىللە كەلگەن يەر نامىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سىۋېن ھېدىن («1894 ــ 1897 - يىللىرى غەربىي يۇرت ساياھىتىدىكى جۇغراپىيە تەتقىقاتلىرى»، «پېتىرمان خەۋەرلىرى» قوشۇمچە 151 - توم 6 - بەتكە قاراڭ). ياركەنتنىڭ جەنۇبىدا Utshme - arik دېگەن بىر جاينىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ يەر نامىنى «ئۇچمە ئېرىق» دەپ شەرھلەيدۇ. لېكىنكى بۇ سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزىنى Udjma - qna ئىدى. چاۋى، دې. قۇردايىنىڭ لۇغىتىدە tch بىلەن ژ لە ئارىسىدىكى پەرقلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە (49 - بەت) Outchmah (ئىنىق جاي) بىلەن Udjma (ئۇژمە) دېگەن ئىككى سۆزنى ئوخشاش بىر خەتكە قىسقارتقان.

[2] بۇ ماقالە «ئىمپېرىيە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ماقالىلەر توپلىمى» 7 - تومغا بېسىلغان، 198 ــ 501 - بەتكە قاراڭ. پېتروۋسكى مۇشۇ ئارىلىقتا بىر خاتىرىسىدە «ئۈچ مېرۋان» ھەققىدە سۆزلەيدۇ. «قەشقەر رايونىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» يۇقىرىقى ژۇرنال، 294 ــ 298 - بەت.

ئېلان قىلىندى، «ئۈچ مېرۋان»نىڭ يول ئۈستىدە، تۆرۈپ ئارتىلغان سۈرىتى ھەمدە بىر پارچە تەكشىلىك خەرىتىسى ماقالىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ يەردە غارغا كىرگىلى بولىدىغان ئادەتتىكى ئېغىز، پېتروۋسكى ئەپەندىنىڭ بايانلىرى، ئۇنىڭ كازاك قوغداش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى تەمىنلىگەن ماتېرىياللىنى ئاساس قىلغان. ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر دانە ئارغامچا شوتىنى تاشلاش ئارقىلىق غارغا كىرگەن. بارتۇس (Bartus) ئەپەندىمۇ ئوخشاش يول بىلەن سىيرىلىپ چۈشكەن، يەنى پروفېسسور گرونۋېدېل (Grünwedl) باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1905 - يىلى بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە شۇنداق قىلغان. يات يېقىندا دوكتور ستەين ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسىدە بۇ تاغنىڭ ئاستىغىچە يېتىپ كەلگەن. بىراق، غارنىڭ ئىچىگە كىرمىگەن. بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى دوكتور ۋايىللانتى، نائۇنتى ئەپەندى ۋە مەن ئۆزلىرىمىزنىڭ سىيرىلما غالتىكىنى ئىشلىتىپ ئۈچ دانە كامارغا كىردۇق.

مەركىزىي غار بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى غارنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭلىك ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. بۇنداق پىشۇرۇلغان ساپال ئەمەلىيەتتە ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغان غار تاملىرىدىمۇ بار ئىدى. بۇ تامدىن باشقا غارلارنىڭ ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. بۇلاردىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ساپال قەۋىتى تامغا چاپلانغان چاغدىمۇ ئۆتكىلى بولىدىغان كامار بار ئىدى. سول تەرەپتىكى غار بۇنىڭ ئەكسىچە پۈتۈنلەي ئەسلىي ھالىتى بويىچە كاكىل لايى بېرىلمىگەن، غار تاملىرى مىتىن بىلەن چېپىپ ياسالغان، ئۈچىنچى غارغا دۆۋىلەنگەن ئەخلەتلەر ئەينى چاغدا كاكىل قەۋىتىنى قىرقىۋېتىپ، يېنىك ئۇرۇش ئارقىلىق تامنىڭ يۈزىنى قوتۇر قىلىپ، يېڭىدىن سۇۋىماقچى بولغان كاكىلنى تۇتقۇزماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرەتتى. بىراق، بۇ غار ئاخىرغىچە ياسالماي يېرىم يولدا توختاپ قالغان. بەلكىم پۇل بولمىغاچقا شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئۇدۇل تېمىدا مۇنبەردە ئولتۇرغان بىر بۇت ھەيكىلى بار بولۇپ، بۇت ھەيكىلى قاتتىق تاغ جىنسىنى يونۇش ئارقىلىق ياسالغان بولغاچقا سەل قوپاللىراق ئىدى، تاغ جىنسىدىن ئويۇپ ياسالغان بۇت ھەيكىلىنىڭ ئۈستىگە كاكىل لاي سۇۋاپ لاي قۇرۇغاندىن كېيىن نېپىز بىر قەۋەت بوياق بېرىپ بۇتنى بېزەپ چىققان. بۇ بۇت ھەيكىلىنىڭ ھازىر پەقەت بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۈستىدىكى بىر قىسىم بوياقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ بۇت ھەيكىلىنىڭ باش قىسمى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بۇت ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە سىزىلغان قوش قات گۈل رەڭلىك باش نۇر ھالقىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ غارنىڭ تاملىرىدا ئارقا خانىنىڭ تاملىرىغا ئوخشاشلا بۇتنىڭ ئىككى مۈرىتىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ئۇسلۇبى بىلەن باش ۋە قول قىسىملىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى قىسقارتىۋەتكەن. ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئايۋان (ئالدى خانىسى) قىسمى، يان تامدىكى ئويۇقچىلار قەدىمدە تام رەسىمى ياكى ھەيكەل قويۇلغانلىقتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئاق رەڭلىك ساپاللارغا قايتا ياسالغان ۋاقىتتىن تارتىپ، ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلار ئانچە چوڭقۇر كولانمىغان ئويۇقچىنىڭ ھازىرقىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئوڭ تەرەپتىكى غاردا بۇت ھەيكىلى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئارقا تامنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر دانە چاسا شەكىلدىكى كامار بولۇپ، بىر مۇنبەرنىڭ ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك قىلاتتى، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ رەسىمى تامنىڭ ئىككى تەرىپىگە

سىزىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ تام رەسىملىرى مىتىن بىلەن چوقۇۋېتىلگەن ياكى كولىۋېتىلگەن. ئالدى خانا (ئايۋان قىسمى) بىلەن ئەگمە تورۇس، گۈل - گىياھ ۋە كىچىكرەك بۇت رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن، ئەپسۇس تام رەسىمدىكى بۇتلارنىڭ يۈز قىسمى بۇزۇۋېتىلگەن. بۇ غارغا سىزىلغان تام رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى جۇڭگونىڭ يېقىنقى دەۋردىكى بۇددىزم رەسىمچىلىكىنىڭ ئۇسلۇبىغا تەۋە ئىدى.

ئالدىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، سول تەرەپتىكى غار قۇپقۇرۇق ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەندە غارغا بولغان بايانىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشۇم كېرەك. بىراق، مەن شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيكى، تاملىرى ھاكلانغان غارلارنىڭ تاملىرىغا سەيياھلارنىڭ بېغىشلىمىسى يېزىلغان بولۇپ، بېغىشلىمىلاردا خەنزۇ، موڭغۇل ۋە تۈركلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىيارەت ئەھۋالىنى تامغا بېغىشلىما شەكلىدە يېزىپ قويۇشقان. غار قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان نەرسە پەقەت بەش دانە ئوقيا ئوقى ۋە ئىككى دانە 1815 - يىلى غارنى قايتا رېمونت قىلغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئورغۇزۇلغان ياغاچ تارىشا پۈتۈك قاتارلىق نەرسە بولۇپ، بۇلارنى بېترووسكىنىڭ قوغداش ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن، بۇلاردىن باشقا بۇ يەر يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى ئۆزىگە شۇنچىۋالا جەلپ قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، بىر نەرسە بار دېگەن ئۈمىد يوق ئىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ بېغىشلىمىلارنى يازغان سەيياھلارنىڭ بەزىلىرى تاغدىن چۈشۈشتە پەقەت بىر تاللا ئارغامچا ئىشلەتكەن. مۇبادا ئۇلار بىز ئىگىلىگەن ۋاستىنى قوللانمىسا بەك خەتەرلىك بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، «ئوچ مىرۋان» غارىغا كېلىپ زىيارەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتىقادى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. خەنزۇ ۋە مانجۇلاردىن باشقا، قالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى لەشكەر بولۇپ، بېغىشلىمىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇت رايوندىكى زىيارىتىنىڭ

ئەمىنلىك بولۇشىنى تىلىگەن. مۇسۇلمانلار بولسا بۇددىستلار چوقۇنىدىغان ھەيكەلنى بۇزغاندا ئۆزلىرىنىڭ تەقۋادارلىق بىلەن ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى يازغان. «ئۈچ مېرۋان» دىكى تام رەسىمى ۋە ھەيكەللەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارايمىز. شەك - شۈبھىسىزكى ياقۇپبەگ ئۆز كونتروللۇقىدىكى رايونلاردا مازار ۋە قورغان ياكى بازارلارنى قورغاندا، بۇ يەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بىراق ئارخېئولوگىيە نۇقتىسىدىن بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ قانچىلىك چوڭ بولغانلىقى خۇسۇسىدا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، شەك - شۈبھىسىزكى غاردا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرى ناھايىتى كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىدى. بىز 50 يىل بۇرۇن كەلگەن بولساقمۇ، ئۇ يەنىلا شۇنداق بولۇپ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتۇق. «ئۈچ مېرۋان» نىڭ 1815 - يىلى قايتا رېمونت قىلىنغانلىقىنى پېتروۋسكى سانت پېتربۇرگقا ئەۋەتىپ بەرگەن ياغاچ تاختاي ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بىراق، بۇ قېتىمى رېمونت قىلىش (قايتا ئۆزگەرتىش) ئومۇمىيۈزلۈك بولماستىن، پەقەت بىر قىسمىغىلا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان، بۇ تاختاي پۈتۈن غارنىڭ دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، كاكىل ئۈستىدە، تېخىمۇ قەدىمكى دەۋردە يېزىلغان بېغىشلىما بار ئىدى. لېكىن، مەن كۆچۈرۈۋالغان بېغىشلىمىلارنىڭ ھېچقايسىسى 1788 - يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تام رەسىمى، چىيەنلۇڭخان XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنى قايتىدىن تىنجىتقاندىن كېيىن سىزىلغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەن XVIII ئەسىردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر غار قازمىغان، بۇ مۇقەررەر دەپ قارايمەن. ئۇلار پەقەت X ئەسىردىن ئىلگىرى، يەنى مۇسۇلمانلار مىڭئۆيگە سىزىلغان بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇددىستلاردىن غالىب



«ئۈچ مېرۋان» مىڭئۆيىگە سىزىلغان تام رەسىمى (1906-يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

كېلىشتىن بۇرۇنقى ساڭرامنى قايتىدىن بېزەشتۈرگەن.

شۇ يەردە «ئۈچ مېرۋان» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت تارقالغانىكەن. بۇرۇنقى زاماندا قەشقەرگە بىر سودىگەر دىنىسىز پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى بىر قىز تۇغۇپتۇ. دانالار - دانىشمەنلەر ئۇنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن دەپ بېشارەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ كىشىلەرگە تاغنىڭ تىك يارلىقىغا ئۈچ دانە غار كولىتىپتۇ ھەم مەلىكىنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. مەلىكە ئۇ يەردە ئاستا - ئاستا چوڭ بوپتۇ. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭغا دادىسىدىن يوشۇرۇنچە بىر سېۋەت مېۋە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. لېكىن، سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باقماپتۇ. ئەسلىدە بىر دانە يىلان سېۋەتتىكى مېۋىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، مېۋىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ مەلىكىنى چېقىۋالغاندىن كېيىن مەلىكە دانىشمەن دېگەندەكلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شىنجاڭدا بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن رىۋايەت بولۇپ، يۇقىرىقى رىۋايەتنى شۇ تىپتىكى مىسسىئونېر

خوگبېرگ (Hokberg) تۇنجى قېتىم تىلغا ئالغان. بىزگە ھەمراھ بولۇپ خانئۆيىنى زىيارەت قىلغان (مۇسۇلمان) ئىمىن بەگ ماڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتنى دەپ بەردى. بۇ مەلىكە خانئۆيگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خانىنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ شەھەرنى سۇتوق بۇغراخان ۋەيران قىلغان دېگەننى قېتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى رىۋايەت بىر ۋارىيانتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ئۈچ مېرۋان» نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى توگمەن خارابىسى، بىر «چىن» مەلىكىسىنىڭ شەھىرى دەپ قارىلىدىكەن[1]. مېنىڭ ھېلىقى 10 رۇس چاقىرىملىق (بىر رۇس چاقىرىمى 1.067 كىلومېتىرغا تەڭ) رۇسچە خەرىتەمنىڭ تۈزگۈچىسى مۇشۇ خانىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماتېرىياللارنى توپلىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «توگمەن» خارابىسىنى خاتالىشىپ ئۈچ مېرۋاننىڭ شىمالىي قىسمىغا قىلىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە بۇ خارابىلىك ئۈچ مېرۋاننىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ خارابىلىكنى خانىيە دەپ ئاتىغان. مەن ئۇنى پەقەت خان بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەكىل بىلەن شەرھلەپ چىقتىم.

لېكىن، رىۋايەتتىكى بىر نۇقتىنى ئۈچ مېرۋانغا بىرلەشتۇرۇش ناھايىتى تەس ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە مەلىكىنىڭ تورالغۇسى توققۇز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۈچ دانە پەنجىرىدىكى ھەربىر پەنجىرىنىڭ كەينىدە ئۈچ ئېغىز ئۆي بار دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەدىمكى ساغرامغا كىرىشنىڭ تەسلىكىمۇ كىشىلەرنى بۇنىڭ ئىچىدىكى بېزەك ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەمەلىي ئەھۋالدىن تېخىمۇ ياخشى ئىدى، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. پېتروۋسكىنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپلا ئۇ يەردە ئۈچ دانە پەنجىرىسى بار غارنىڭ بارلىقى، بۇ ئۈچ غاردا

[1] پېتروۋسكى بىر خىل رىۋايەتنى توپلىغان (يۇقىرىقى ژۇرنال، 295 - بەت)، بۇنىڭغا ئاساسەن «چىن» مەلىكىسى «ئۈچ مېرۋان» دا ياشىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ ھېكايىغا قارىتا ھېچقانداق ۋەقەلىك بىلەن تەستىقلىمەيدۇ.

ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋردىن تارتىپلا ھېچقانداق قىممەتلىك بۇيۇمنىڭ ساقلىنىپ قالمىغانلىقىنى بىلدۇق. مېنىڭ چۈشەنمەيۋاتقىنىم دىندىن خالىي (خەلق ئىچىدىكى) مەلىكە ھېكايىسى تېپىشقا بۇنداق ئارىلىشىپ كېتىدۇ. تېخى يېقىندىلا خانئۆيدىن ئاققاشقا بېرىش سەپىرىمدە بۇقىرىقى مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر خىل يىپ ئۇچىنى بايقىدىم. خانئۆي تۈزلەڭلىكنىڭ جەنۇبىدا كىشىلەرگە تونۇشلۇق بىر خارابىلىكنى بايقىدىم. ئۇ خانئۆي بىلەن ساقال تېپىمغا ئوخشاش بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر «توققۇز ھۇجرا» دەپ ئاتايدىكەن[1]. خارابىلىكتە توپا كولاۋاتقان بىر بالا ماڭا بۇ يەر نامىنىڭ نوقتى رەشىدنىڭ قىزى (مەلىكە) نى خاتىرىلەش ئۈچۈن قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەلىكە مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. نوقتى رەشىد بىلەن جوغتى دەشىد ئەنئەنە جەھەتتىن ئىككى نەپەر يات دىنىي رەھبەر بولۇپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغاندا ئۇلاردىن غالىب كەلگەن. بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ باش قىسمىدىنلا كىشىلەر بۇ رىۋايەتتە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمەتلەنمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالايدۇ. بۇ رايوندىكى خارابىلىكلەرنىڭ ھەممىسى مەقسەتلىك ھالدا شۇ شەخسلەرگە تەۋە قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى قورغانلىرىنى نوقتى رەشىدكە باغلاشنى ئۇنتۇمىغان، ئەسكى شەھەر قەدىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرى قەشقەر شەھىرىدىن خەنزۇلارنىڭ يېڭىشەھەرگە بارىدىغان يولنىڭ سول تەرىپىدە ئىدى[2]. «توققۇز ھۇجرا» خارابىسىنىڭ قەدىمكى

---

[1] Hodjrah ئەرەبچە سۆز، بىراق شىنجاڭدا كىچىك ئۆيلەرنى ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

[2] مەن بۇ خارابىلىكلەرنى ھازىرغىچە ھېچكىم ئۆلچەپ باقمىغان دەپ قارايمەن. پېتروۋسكى ئەپەندى ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا ئۇنى تىلغا ئالمىغان، مېنىڭ بىلىشىمچە سۋېن ھېدىن (بۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن «تولۇقلىما» XV توم 259 ـ بەت) ئۇنى تىلغا ئالغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى ئىنقىلاپ مۇسۇلمان دەۋرى دەپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك. بىراق، ئۇلارمۇ ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنىدۇ، شۇنداق بولغاچقا قەشقەر تارىخچىلىرىنىڭ ئۇلارنى

ئالاھىدىلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتەيكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ دەسلەپكى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى خارابىلىك بولماستىن، ھاساتىم ۋە ساقال تىملار ئوخشاش دەۋردىكى خارابىلىكلەر ئىدى[1]. ئۇ بەلكىم كېيىنرەك XII ئەسىردە، يەنى خانئۆي تۆزلەڭلىكىنى سۇغىرىدىغان چاغدا خارابلاشقان بولۇشى مۇمكىن. «توققۇز ھۇجرا» خارابىسى يەرلىك خەلقلەر ئەڭ كۆپ قېزىش ئېلىپ بارغان يەر بولۇپ، بىرەر مۇھىم نەرسە بايقالمىغان بولسىمۇ قېزىشنى توختىتالماسلىقنىڭ ئۆزى، ئۇلارنىڭ ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە «توققۇز ھۇجرا» (بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ئادەملەر «ئۈچ مېرۋان»نىڭكىدىن كۆپ) خارابىسىدىن باشلاپ يات دىنىدىكى مەلىكە ۋە ئۇ يەرگە بايلىق كۆمۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى نارىن دەريا بويىدىكى «ئۈچ مېرۋان» غا يۆتكىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم[2].

---

چۈشۈرۈپ قويۇش ھوقۇقى يوق ئىدى. ۋايىللانت ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

① مەن خانئۆينى سۆزلىگەندە بۇ مەسىلىلەرنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت بار.

② بۇ خانىرنى بېزىپ بولغاندا قەشقەردىكى مەدداھلارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن قايسى يەرلەرنى سوراش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ھېكايە ئېيتقۇچىلار ئەنە شۇنداق ئاتايدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن «ئۈچ مېرۋان» توغرىسىدىكى رىۋايەتنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ھېس قىلىشىمچە بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئاڭلىغىنىمنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن بۇ يەردە ئېلان قىلدىم. مەن ھەممە قەشقەر ئىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار بىلىمىمنىڭ كەملىكىدىن ئەپسۇسلىنىمەن. شۇنداق بولغاچقا يىڭى مەنبەلەرنى ئېلان قىلىش پۇرسىتىنى ئىگىلەشكە ئامالىم يوق. ئەمدى مەن ماڭا ھېلىقى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىنىڭ سۆزىنى بايان قىلاي. «ئۈچ مېرۋان» نىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بايان قىلىنغانلار كونكرېت ئارىختۇر. كىشىلەر ئارىسىدا ھارۇن بۇغراخاننىڭ مەلىكىسىنى دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلمىدىكەن دەپ گەپ تارقىلىپتۇ: «ھارۇن بۇغراخان بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تەدبىر تويلاپتۇ. ئۇ چىندىن تاشچى ئۇستىلارنى كەلتۈرۈپ ئۇلارغا تاغ باغرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن بىر تاش ئۆي قېزىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. تاشچىلار «ئۈچ مېرۋان» دېگەن ئۈچ پەنجىرىلىك ياتاق ئۆيگە 41 ئېغىز كىچىك ھۇجرا ياساپتۇ، ئاندىن قاغىنىڭ مەلىكىسىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۈزۈم يېگۈسى كەپتۇ. ھارۇن بۇغراخان قول ئاستىدىكى ئادەملەر «ئۈچ مېرۋان» دىن ئاكى خان قەلئەسىگىچە بىر قاتار بولۇپ ئۈزۈمنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ مەلىكىگە توشۇپتۇ. ھارۇن بۇغراخاننىڭ مەلىكىسى

بۇ ماقالىدا، ئىشلىتىلگەن تەكشىلىك خەرىتىسى مىڭئۆي ئۈچۈن پېتروۋسكى ئېلان قىلغان قىياسەن خەرىتىدىن تېخىمۇ ئېنىق ھالدا ھەربىر ھالقىلارنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن. «ئۈچ مېرۋان» غارىنىڭ ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 10.80 مېتىر. ئەڭ چوڭ ئۇزۇنلۇقى 5.85 مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ھەممىسى شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ ئېچىلغان. 10 رۇس چاقىرىملىق رۇسچە خەرىتىدە يۆنىلىش خاتا بولۇپلا قالماي، غارلارمۇ تاغنىڭ بەكلا ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇلغان، يەنى غار قېزىلغان تاغ قىياسى بىلەن

«ئۈچ مېرۋان»دىكى ھۇجرىسىدا ياش قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇرۇۋاتقاندا بىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر سېۋەت ئۈزۈم سۇنۇپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى ئاپتۇ ھەم «قىزلار ئۈزۈم يەڭلار» دەپ ئۆزى بىر تال ئۈزۈمنى ئاغزىغا ساپتۇ، بىراق بىر دۇ ئۈزۈمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ ئۇ مەلىكىنىڭ تىلىنى چېقىۋاپتۇ. مەلىكە شۇئان جان ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئۈچ مېرۋان» قارغىش تەگكەن يەرگە ئايلىنىپ ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بوپتۇ. ھارۇن بۇغراخان دەۋرىدە ئۇ يەردە چىقىپ چۈشكىلى بولىدىغان شوتا بار ئىكەن. تەيپۇنەم (Taipounan) زامانىسىدا ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلار ئۇ يەردىكى شوتىنى ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ يەرگە ئوت قويۇپ بېرىپتۇ. شوتا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن «ئۈچ مېرۋان» غا ئىنسى - جىن ئاياغ باسماپتۇ.» بۇ رىۋايەتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، «ئۈچ مېرۋان» رىۋايىتىنى يات دىن بىلەن باغلىماستىن، بەلكى قەشقەردىكى ئىسلام دىنى دەۋرى بىلەن باغلىغانىدى. ھارۇن بۇغراخان ئەمەلىيەتتە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ۋارىسى بولۇپ X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋاپات بولغان. شۇ يەردىكى رىۋايەتتە يات دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر بەگ ئۆزىنىڭ جىيەنى بولغان سۇتۇقنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى رەت قىلغاچقا يەر يۇتقان (لىسونۇد: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ۋە تارىخ» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ). يۇقىرىقى رىۋايەتتە دېيىلگىنى «چايان» ئەمەس «دۇ» ئىدى. كىشىلەرنىڭ ماڭا ئەسلەپ بېرىشىگە قارىغاندا ئۇ ئېشەككۆزنىغا بەك ئوخشايدىغان بىر خىل زەھەرلىك ھاشارات ئىدى. بىراق، ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگۈچى ئادەم، ماڭا شۇ دەۋردە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى دېدى. خان قەلئە (Khan gala) بەشكېرەم يېزىسىدىكى كەنتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. تەيپۇنەم قەشقەردىكى قەدىمكى بىر خاننىڭ ئىسمى ئىكەن. ھېچبولمىغاندا رىۋايەتتە شۇنداق ئىكەن. قولۇمدا كىتاب بولمىغاچقا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سۈرۈلەپ بېرىشكە ئامالىم يولمىدى. ئۇستۇن ئاتۇش «ئۈچ مېرۋان» نىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، قەشقەردىن نارىنغا بارىدىغان چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان. بىر مەيدان قەدىمكى ئالاش - تارتىش «قاراتاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئۇستۇن ئاتۇشلۇقلار بىلەن «ئاق تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان قەشقەرلىكلەرنى ئايرىۋەتكەن، قەشقەردىكى ھېلىقى مەدداھمۇ شوتىنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئىشنى ئاتۇشلۇقلارغا دۆڭگەيدۇ.

چوڭ يول تىك چۈشىدىغان ھالەتتە سىزىلغان. ئەڭ ئاخىرقى بىر چوڭ خاتالىق شۇكى، بۇ رۇسچە خەرىتىدە قوش تۈگمەن دېگەن يەر سول تەرەپتىكى قاشقا تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

## تۈگمەن خارابىسى

10 چاقىرىملىق رۇسچە خەرىتە[1] مەن ئىگىلىگەن ئەڭ ئېنىق خەرىتە ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدا «ئۈچ مېرۋان»نىڭ شىمالىي ۋە قوش تۈگمەنگە ئانچە يىراق بولمىغان «ئۈچ مېرۋان شەھەر خارابىسى» دېگەن خارابىلىك بولۇپ، خەرىتىدە Koch Tegermen دەپ ئېلىنغان يەر چوقۇم (قوش تۈگمەن) Qoch Tegurman[2] دېيىلسە توغرا بولاتتى. بۇ يەرلىكتىكىلەر

---

[1] يەنى باشمالتاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 رۇس چاقىرىمغا ۋەكىللىك قىلاتتى، يەنى 420000:1 نىسبەتلىك خەرىتە ئىدى. شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىدە قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس بەت تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، چوقۇم ھەربىر باشمالتاق 10 رۇس چاقىرىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان خەرىتىنى 1680000:1 ماسشتابلىق خەرىتىنى ئىشلىتىش كېرەك. بەزىلەر ماڭا: «ئىككى رۇس چاقىرىملىق» خەرىتىنى دەپ بەردى. ئۇ خەرىتە ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تاشكەنتتە بېسىلغانىكەن. بىراق، ئۇ قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ - يوق بۇنى بىلمەيمەن. مەن قولغا چۈشۈرگەن خەرىتە ئەڭ يېڭى 10 رۇس چاقىرىملىق رۇسچە خەرىتە بىلەن ئون يىل ئىلگىرى سىزىلغانىدى. بۇ خىل خىزمەت ناھايىتى چاتاق بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى جۇڭگودا ھازىرقىدەك ئىشلىتىلمەيتتى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىشلىتىشكە يەنىمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار خاتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم خاتا چۈشەندۈرۈلگەن. ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىك بولسا مەن ئېھتىياجلىق بولغان قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى توغرا بولمىغان جايلار، قەشقەر بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ئارىلىقىغا چۈشۈرۈلگەن.

[2] مەن باشتىن - ئاياغ قىلىدىغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزنى، يېزىلىشى ئېنىق بولمىغان تىلغا تېگىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن، بىراق مەن ئەڭ ياخشىسى ھەربىر خەتنى مەن ئاڭلىغان تەلەپپۇز ئىسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن. مېنىڭ Tegurman دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز بويىچە يېزىشىم شاۋ (shaw) نىڭ تەلەپپۇزىغا ماس كېلىدۇ. q بىلەن k ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا لىمودقا ئوخشاش تىلشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارمىغان. ھېس قىلىشىمچە ئۇلاردا داۋاملىق كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. مەن ئوخشاشلا g بىلەن gh نى پەرقلەندۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن. شۇ سەۋەبتىن ستەيننىڭ كىتابىدىكى («قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن» 16 - بەت) Tigharman دېگەن تەلەپپۇز ۋە يېزىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلمايمەن.

ماڭا دەپ بەرمىگەن يەر نامى ئىدى. كىشىلەر بۇ يەرنى پەقەت تۈگمەن (Teguman) دەپلا ئاتايدىكەن. بۇ يەر نامى چاقماق دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى كىچىك بىر بوش يەردىكى بىر جاينى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ يولنىڭ دەريادىن ئۆتىدىغان يېرىدە قەدىمدە بىر تۈگمەن بولغانىكەن[1]. بىراق، يەرلىكلەرنىڭ ئادىتىدە تۈگمەن (Tegurman) دېگەن سۆز ئارقىلىق پۈتۈن رايوننى كۆرسىتىدىكەن. بۇ رايون تۈگمەندىن ئارتىپ جەنۇبتىكى تۈتۈرگە (Tuturge) گىچە بولغان يەرلىرنى كۆرسىتەتتى[2]. مەن رۇسچە خەرىتىدىن «ئۇچ مېرۋان»نىڭ شىمالىدىكى جايدىن

---

[1] بۇ يازنىڭ ئاخىرلىرى قۇرۇپ كېتىدىغان دەريا ئېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تويۇن (Touyoun–toyoun) دەپ ئاتىلىدىكەن. بىراق، بۇ ئىسىم بىلەن ئاتۇشتىن باشلانغان بۇ دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى ئاتىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىدىم. سۋېن ھېدىننىڭ ئىلگىرى تەقىل كەلتۈرگەن كىتابىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە، ئۇ دەل بەشكېرەمنىڭ ئەتراپىدىكى دەريا «ئۇچ مېرۋان دەرياسى» نىڭ نامى ئىدى. بۇ utch mervan دېگەن نامنىڭ كەمتۈك ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ئىدى.

[2] تۈكۈرگەننىڭ كونكرېت دائىرىسىنى بەلگىلەشكە ئامالىم يوق. بۇ نام قورغان بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن كىچىك كەنتنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئورنى دەل قەشقەر بوستانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن ئاتۇشقا بارىدىغان بۇ يولدىكى بوستانلىقنىڭ جۇڭگونىڭ زوڭ قاراۋۇل دېگەن بىر قورۇللى جايلاشقان. ئۇ ئېنىقلا شىمالىي تەرەپكە جايلاشقان. بۇ ئورۇن «10 رۇس چاقىرىملىق» خەرىتىدە چۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان. بىز چوقۇم ئۇنى «10 رۇس چاقىرىملىق» خەرىتە ۋە سۋېن ھېدىننىڭ خەرىتىسىدە بېكىتكەن باغ ئېرىق (bagh argp) دېگەن يەرگە يۆتكىلىشىمىز كېرەك. زوڭ قاراۋۇلنىڭ غەرب تەرىپىگە يېقىنلا يەردە قوپاللا غوجام (Qoupalla Khwadjam) مازىرى بار ئىكەن. بۇ قەشقەر رىۋايەتلىرىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، ئىسمى قوپىدىن غوجام (Qoupadin Khwadjam) بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ. زوڭ قورۇلنىڭ شەرقى پەقەت يامغۇر ياغسىلا زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قەدىمكى قەشقەرنىڭ قاراخانى (Qarakhan) مازىرى بار ئىدى. بۇ مازار «تۈكۈرگەن» ئەۋەسىدە بولۇپ، قەشقەردىن بەشكېرەمگە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قىلاتتى. مەن «تۈكۈرگەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن، مەندە ھازىر باركەنت، مارالبېشى، خوتەن قاتارلىق بوستانلىقلارنىڭ كىشىنى رازى قىلغۇدەك خەرىتىسى بار بولدى. لېكىن، قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچەنگەن خەرىتىسىنى ئىلگىرى كۆرگەن ياكى كۆرسەتكىنىم ئازا ئېسىمدە يوق.

ھېچقانداق خارابىلىكنى بايقىمىدىم. ماڭا ھەمراھ بولۇپ چىققان يەرلىك ئەمەلدارمۇ يېقىن ئەتراپتا ئۇنداق خارابىلىكنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن[1]. ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ خەرىتىگە ھەزرىتى سۇلتان (Hazret soultan) مازىرى دېگەن يەر چۈشۈرۈلگەن[2]. ئۇ يەردە ناھايىتى كەڭرى كەتكەن خارابىلەر توپى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى خەنزۇ مەلىكە قەدىمكى شەھىرى دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ جايلاشقان يېرىدىن قارىغاندا، ئۇلار تۇگمەن خارابىسى دەپ

[1] پېتروۋسكى (ئالدىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئەسەر، 295 - بەت) تەكلىماكان دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ «ئۈچ مېرۋان» بىلەن ئاتۇش ئارىسىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ تارماقلىرىنىڭ بىرىدە، كىشىلەر سېپىل خارابىسىنى تونۇپ چىقىپتۇ، دەپ كۆرسەتتى. مەن تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ ھەقتىكى ھېچقانداق مەنبەلەرگە ئېرىشەلمىدىم. لېكىن، بۇ رايوندا تۇرغۇن قېتىم چېچىلاڭغۇ ئۆلچەپ سىزىشلار ئېلىپ بېرىلمىغان. شۇڭلاشقىمىكىن، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ سىزىشنىڭ ئەھۋاللىرىنى توغرا چۈشىنەلمىدىم.

[2] بۇنىڭ ئىچىدە، رۇسىيە كاتوگرافلىرىدا چۈشىنىش قىيىن بولغان چىگىش ئەھۋاللار مەۋجۇت. ھەزرىتى سۇلتان (Hazret soultan) شىنجاڭدا باشتىن - ئاخىر سۇتۇق بۇغراخاننى كۆرسىتىپ كەلگەن. بىراق، «خوجىلار تەزكىرىسى» دە سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە لېمۇئىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان رىۋايىتى ۋە تارىخى» 10 - بەت. ئاجرىتىپ بېسىلغان نۇسخا) دېگەن ئەسەرگە قاراڭ. قەشقەرنىڭ شىمالىدا ئاتۇش دېيىلىدىغان ئىككى يېزا بار. ئۇنىڭ بىرى غەربتە تارىمغا بارىدىغان يول ئۈستىدە بولۇپ، ئۈستۈن ئاتۇش (oustoun Artouch) دېيىلىدۇ. كىشىلەر يەنە بۇ يەرنى كىچىك ئاتۇش دەپمۇ ئاتايدىكەن، لېكىن بۇ خەنزۇلار ئىشلىتىدىغان نام ئىكەن. ئۈستۈن ئاتۇش يەتتە كەنتتىن تەشكىل تاپقانىكەن. كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن نامى تۆۋەندىكىچە: قايراق (Qaraq)، ئېكساق (Eki saq)، يولچى (Yoltcha)، تاقوت (Taqot)، ئۇچا (ulcha)، بەيساق (Besaq) ۋە دىخاللا (Dikhalle) دىن ئىبارەت. يەنە بىر ئاتۇش شەرق تەرەپتە بولۇپ ئاستىن ئاتۇش (Altyn - Artch ياكى ئالتىن ئاتۇش Astyn Artych) دېيىلىدىكەن، كىشىلەر يەنە چوڭ ئاتۇش دەپمۇ ئاتايدىكەن. سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى ھېلىقى رىۋايەتتىكى مازار ئاستىن ئاتۇشتا ئىدى، ئۇ يەرگە تاۋاپ قىلغىلى بارىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئالتۇنتاغ Altyn tagh نى ئاستىن تاغ Astyn Tagh دەپ يېزىش كېرەك دېگەن، ھېلىقى بەس - مۇنازىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئالتۇ (Altyn) ھەرگىزمۇ ئارىلىشىپ كېتىپ altoun دەپ يېزىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ astyn دېگەن سۆزنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل جۈپ سۆزى ئىدى.

ئاتىغان جاي ئىدى. بۇ خارابىلىكلەر توپى مۇشۇ دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ يەر «ئۈچ مىرۋان»نىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. يەرلىك كىشىلەر قەشقەردىن نارىنغا بارىدىغان يولدىن ئالدىغا قاراپ ماڭسا ناھايىتى يىراقتىنلا بۇ خارابىلىكنى كۆرەلەيدىكەن. كىشىنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پېتروۋىسكى ئەپەندى «ئۈچ مىرۋان» غا بارغان چېغىدا ئۇلارنى كۆرمىگەن. گەرچە قەشقەردە ھېچكىم ماڭا ئۇلارنى دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ «ئۈچ مىرۋان» نى تەكشۈرۈۋاتقىنىمدا، يەنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي تاسادىپىي ھالدا ئۇلارنى بايقىدىم. بىز خۇددى كېيىن بىلگەندەك تۈگمەن خارابىسىنى 1905 - يىلى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ۋە بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ستەين تەكشۈرگەن.

بۇ يەردىكى خارابىلىكلەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى ۋايلانت سىزغان بولۇپ، ئۇ خەرىتىدە تۈگمەن خارابىسىنىڭ دائىرىسى ۋە تۈزۈلۈشى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەڭ شەرقتە جايلاشقان توپا قورۇلۇش بىر ستۇپ بولۇپ، قورغان تىم (Qourghan Tim) ياكى قەشقەردىكى قىزىل دۆۋە (Qyzyl dobe) ياكى خانئۆيدىكى توپا تىم (Topa Tim) دىن كىچىكرەك بولسىمۇ، ساقلىنىشى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇ ھېلىقى دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان ستۇپلارغا يېقىنلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئۈلگىسىنى خانئۆينىڭ شىمالىدىكى مورىتىم (Mori Tim) تەمىنلەپ بېرىدۇ.

ستۇپانىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن توپىسىنىڭ ئۈستىدىن 10 مېتىرچە ئېگىز بولۇپ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن توپىسىنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 2 مېتىر كېلىدىكەن. بۇ ستۇپانىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قىلغان ھۆكۈمگە قارىغاندا، ئۇ دەسلەپتە تۆت چاسا ئەگلىكتىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى مەلۇم تەرەپلەرنىڭ بۆلۈكىنى

ھازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ تەگلىك گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن توپا - چالمىلارنىڭ ئۈستىدىكى 3.40 مېتىر كېلىدىغان يەرگە، يەنى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان بىر قەۋەتتىكى شاخ - شۇمبىلارنى چىگرا قىلىپ جايلاشقان. بۇ بىرنەچچە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى تەگلىكنىڭ ھەربىر تەرىپى 8 مېتىرچە كېلەتتى. بىرىنچى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىنىڭ ئۈستىدە ئىككىنچى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى تەگلىك بولۇپ، بەلكىم ئېھرام شەكلىنى ئاساسىي تەگلىك قىلغان بولۇپ، مۇنار قىرى بىرىنچى كىچىك تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى قىر بىلەن جىپسا كېلىدىكەن. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى شاخ - شۇمبا قەۋىتىگە تۇتىشىدىكەن. كېيىنكىسىنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن توپا ئۈستىدىكى ئېگىزلىكى 5.45 مېتىر كېلىدىكەن. ئىككىنچى تەگلىكنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاق شەكىلدىكى ستۇپا بار ئىدى. بىرىنچى يۇمىلاق شەكىلدىكى شاخ - شۇمبا قەۋىتى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى شاخ - شۇمبا قەۋىتىدىن ئۈچىنچى قەۋەت يۇمىلاق شاخ - شۇمبا قەۋىتىگىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئۈچىنچى قەۋىتى بولسا، ھازىر گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن توپىنىڭ ئۈستىگە 7.35 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئۈچىنچى قەۋەت شاخ - شۇمبىنىڭ ئۈستىدە، ئىككىنچى قەۋەت كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن كېيىنكىسىنىڭ دىئامېتىرى سەل كىچىكرەك، يۇمىلاق تۇۋرۇكسىمان مۇنار گەۋدىسى جايلاشقان. بۇ ئىككىنچى قەۋەت شاخ - شۇمبا قاتارىنىڭ دىئامېتىرى يۇمىلاق تۇۋرۇك گەۋدىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقى ستۇپا چوققىسىنىڭ دىئامېتىرىغا تەڭ، يەنى 5.5 مېتىر كېلەتتى. بىراق، چوققىسىنىڭ تەخمىنەن 1 مېتىر ئاستىدىكى يەردە تۆتىنچى شاخ - شۇمبا قاشىرى چىقىپ قالغان بولۇپ، جەنۇب - غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدىن ئۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇلار ئادەمنى قورۇلۇشنىڭ تۆت تەرىپى دەل مۇشۇ تەرىپىدە بىر دانە چىقىپ تۇرغان لەمپىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرمەكتە.

شەرق - شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ستۇپا پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ كېتىپتۇ. بىز مۇشۇ يەردىن تىك تۆت چاسا شەكىلدىكى مورىغا كىردۇق. ئۇنىڭ توغرىسىغا كەڭلىكى 1.3 مېتىر، مورا بېشىغىچە بولغان ئېگىزلىكى 3 مېتىر كېلەتتى. بۇ مورا قۇرۇلۇشىنىڭ دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى بىردىنبىر يىپ ئۇچى بولۇپ، ئۇ ستۇپانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. باشقا بىر مورا ياكى كىچىك ئۆيمۇ خانئۆيدىكى توپا تېمىدا كۆرۈلگەن ھەم مورا دېگەن نام بىلەن ئاتىغان (مورانىم — مورا ستۇپا دېگەن مەنىدە) بۇ ستۇپا، خام خىش (كېسەك) بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەملىرى 0.043 — 0.32 مېتىر ئارىلىقىدا ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قېلىنلىقى ئومۇمەن بىردەك بولۇپ 0.09 مېتىر كېلىدۇ.

ستۇپانىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا بىر قوش تام (A) بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 2.80 مېتىر، قېلىنلىقى 1.30 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تام ئېنىقلا ستۇپا تەرەپكە سوزۇلغان. بىراق، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەكشىلىك خەرىتىسىدىكى ئۇزۇك سىزىقتىن باشقا ئىز قالمىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. مۇبادا بۇ تام يەنە داۋاملىشىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا ئۇ تام ھەرگىزمۇ ستۇپانىڭ يېنىغا بارالماي، غەربىي شىمالدىن ئازراق ئۆتۈپ كېتىدۇ. قوش تام بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ ئىلگىرىكىدەك يەر يۈزىدىن 1.7 مېتىر ئېگىز ۋە ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى 1.9 مېتىر كېلىدىغان يەردىكى تام ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان تۆشۈكچىلەر بار بولۇپ بارا - بارا كىچىكلەپ بارىدۇ، بۇلار لىم قويۇش ئۈچۈن تېشىلگەن تۆشۈكچىدەك قىلاتتى. گەرچە ئىككى تەرەپتىكى تۆشۈكچىلەر بىر - بىرىگە ئۇدۇل كولانمىغان بولسىمۇ، بىراق مەندە بۇ قوش تامنىڭ A غا مۇناسىۋەتلىك تام بىلەن بىردەكلىكى توغرىسىدا گۇمان پەيدا بولدى. لېكىن، بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكى ئانچە ئېگىز ئەمەس (2.1 مېتىر) ئىدى. كەڭلىكى ئاشۇ تام بىلەن ئوخشاش (1.3 مېتىر)

ئىدى. بۇ تاملار خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، بۇ يەردىكى خىشلارنىڭ سوپىتى ستوپانى قوپارغاندا ئىشلەتكەن خىشتىن ناچار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەجمىنى ئۆلچىمەك بىرقەدەر قىيىنغا توختىدى. چۈنكى، چاك ئۇلارنى پۈتۈنلەي تىك ھالدا ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 0.30 — 0.25 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكىگە كەلسەك ناھايىتى ئېنىق تونۇغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى ئاساسەن 0.16 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

A ۋە B تاملار تۆت چاسا E نى قوغداپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كىشىلەر شەرقىي جەنۇبتىن كەلگەندە ئالدى بىلەن ئىككى دانە چوڭ كېسەك مۇنار ئىشىكنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار(C ۋە D) نىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 7 مېتىر كېلىدۇ، D نومۇرلۇق مۇنار ئىشىكى ئارقىلىق ھېسابلىغاندا ئېگىزلىكى 4.1 مېتىر كېلىدۇ، بۇ مۇنار ئىشىكلىرى ستوپاغا ئوخشاشلا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، چوڭ تۆت چاسا قورۇلۇشنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بىر خىل ئالاھىدە قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى بايقىدىم، يەنى بىر تۈركۈم ئارقا - ئارقىدىن قوپۇرۇلغان گۇرۇپپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خىشنىڭ ئېگىزلىكى 0.09 مېتىر، تۈز قوپۇرۇلغان ھەربىر خىش ئارىسىدا بىر قەۋەت ئېگىز خىش بار بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ناچار قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 0.22 مېتىر كېلىدۇ. ھېس قىلىشىمچە F نۇقتىمغا قايرىلىدىغان نۇقتىدا ئەينى چاغدا 2.4 مېتىرغا يېتىدىغان تامغا ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن. مەيلى مۇنار ئىشىكى ياكى تۆت تەرەپلىك تامدا بولسۇن ياغاچ ماتېرىياللار شاخ - شۇمبا ھەم لىملارنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ياكى تامامەن ساقلىنىپ قالمىغان. تۆت چاسا قورۇلۇشنىڭ ئىچىگە قۇم ۋە شېغىل دۆۋىلىرى قاچىلانغان بولۇپ، ئۇلار C نۇقتىدا 10 مېتىر ئېگىزلىككە ئۆرلەپ بارغان. دەسلەپتە قارىغاندا ھېچقانداق روشەن قورۇلۇش خارابىسىنى بايقىغىلى بولمايدۇ. بۇ تۆت

نەرەپلىك قۇرۇلۇشىنىڭ قىسمەن يېرى ئۇلتۇرۇشۇپ قالغان يەرگە يۆلىنىپ قالغان. يەر يۈزى ئاساسەن شېغىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ سوزۇلغان تاكى تىك يارغا بېرىپ توختىغان. چۈنكى، ئۇ يەرنى بىر دەريا ئۇزۇۋەتكەنىدى. بۇ ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن يەردە پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن ئىمارەت خارابىسىنى بايقىدۇق. G ئورۇنىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىرقانچە قەۋەت قۇرۇق راۋاق بار. ئەڭ ئاخىرىدىكى II ئورۇنىدا ھەجمى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قورغان خارابىسى بار. بۇ قورغاننىڭ شىمال تەرىپى غەربىي شىمال يۆنىلىشىدىكى تامنىڭ 2/3 قىسمىنى دەريا ئېقىنى ئېقىتىپ كەتكەن. بىز يەنە ناھايىتى چوڭ بىر يارلىقنى بايقىدۇق، ئۇ پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى ئېگىزلىكتىن تەخمىنەن 5 مېتىر پەسكە گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىدىكى سېرىق توپىلىق[1] ۋە 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شېغىللىقنىڭ ئاستىدا گۇمۇرۇلۇپ كەتكەن تامنىڭ قىسمەن قالدۇقى بار ئىدى. E نۇقتىدىن G نۇقتىغىچە بولغان بىر پۈتۈن ئازگال سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلىنى ئېقىتىپ يېڭى يول ئېچىپ قويۇپتۇ.

ئازراق چوقچىيىپ چىقىپ قالغان بىر قۇم دۆۋىسى بار بولۇپ، ئۇ I نومۇرلۇق خارابىلىكتىكى تۆت بۇلۇڭلۇق قەدىمكى سېپىل تېمى يېقىن ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتا جايلاشقان. J نومۇرلۇق خارابىلىكتە ئېنىقلا قەدىمكى قۇرۇلۇش خارابىسى بار ئىدى.

ئىلگىرى تۈگمەن خارابىسىگە كېلىپ كەتكەن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ بۇ خارابىلىكتىن قانداق يېڭى

① بۇ خىل سېرىق توپىراق ھەرگىزمۇ تاشقىنلار ئېقىتىپ كەلگەن توپا ئەمەس، ئۇنىڭ قاتلاملىرىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلار تارىختىن ئىلگىرى دەۋرلەردىلا ئۇ يەرگە مۇنداق دۆۋىلىنىپ كەتكەن. بىراق، تەڭرىتېغىدىن ئېقىپ كەلگەن كەلكۈن مۇشۇ سېرىق توپىراقتىن ئېقىپ ئۆتكەندە ناھايىتى چوڭقۇر دەريا قىنىنى پەيدا قىلغان. يارنىڭ ئېگىزلىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن توپىدىن ھېسابلىغاندا 24 مېتىر كېلىدۇ.

يادىكارلىقلارنى بايقىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ستۇپادىكى ھېلىقى تىك چوڭ خەندەكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ناھايىتى قەدىمكى قورۇلۇش ئىدى. مەن ستۇپانىڭ ئۇلىدىن، G نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ سىرتقى تەرىپىدىن، تۆت تەرەپلىك قورۇلۇشتىن I نومۇرلۇق تامنىڭ ئۇلىغىچە بولغان يەردە مەلۇم تەكشۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان ئورەكلەرنى بايقىدىم. لېكىن، ئۇ يەردىن ھېچقانداق نەرسە تېپىلمىغاندەك قىلىدۇ. پۈتۈن خارابىلىكنىڭ يەر يۈزىدە سىرلانمىغان ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. مەن بىرىنچى قېتىم تۇگمەن خارابىسىگە قەدەم باسقىنىمدا، يەنى G بىلەن C ئارىسىدىكى E نومۇرلۇق تۆت تەرەپلىك قورۇلۇشنىڭ سۇ ئېقىتىپ كەتكەن يېرىنى كولىغاندا بۇ چوڭ ساپال كۈپلەرنى بايقىدىم. بۇ خىل ساپال كۈپ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ھازىر يەرلىك خەلقلەر ئۇنى خۇم (Khoum) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردىن تېپىلغان كۈپنىڭ ئەڭ چوڭ دىئامېتىرى 0.72 مېتىر كېلەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ چوڭ يېرىنىڭ دىئامېتىرىدىن چوڭ تېگىنگىچە بولغان ئېگىزلىكى 0.55 مېتىر كېلىدۇ. قىسمەن كۈپنىڭ ئىچىگە قۇم قاچىلانغان بولسا، بىر قىسمىنىڭ ئىچىگە ياغاچ كۆمۈر (چۇچىلا) قاچىلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كۈپلەرنىڭ ساقلىنىشى دەۋرىنىڭ بىر خىل تىپىك ئالاھىدىلىكىدىن دېرەك بەرمەيتتى. چۈنكى، پېتروۋىسكى ئەپەندىنىڭ قارىشىچە كىشىلەر ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى سېرىق توپىلىقتا ئاپاق خوجىنىڭ مازىرىنى بايقىدى. قارىشىمچە بۇ خارابىلىكلەردە دەسلەپكى ئىسلام دىنى دەۋرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، مەن خانئۆيي خارابىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى توپا تىم ھويلا خارابىسىدىن مۇكەممەل كۈپلەرنى تاپقانىدىم. بۇ ھويلا بەلكىم توپا تامنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇنىڭ يىل دەۋرىنى بۇددىزم دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. شۇڭا، بىز قەدىمكى

خارابىلىكتە كۆپىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ئەمەلىيىتىدىن ھېچقانداق خۇلاسە چىقارمايمىز.

ئۇنىڭ ئەكسىچە E نومۇرلۇق چوڭ تۆت چاسا قورۇلۇشنىڭ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر يانتۇلۇقتىن لاي ۋە ياغاچ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغان ئىككى دانە گەج پارچىسىنى تاپتۇق. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئۇلار ھەيكەل پارچىسىدەك قىلاتتى. مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ قورۇلۇش ئىمارەتلىرى ئىچىگە ھەيكەل قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خانىقۈيدىكى كەچۈرمىشلىرىمىزمۇ بۇ قالدۇق پارچىلارنىڭ بۇددىزم يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا ناھايىتى ئاسادىيپي ھالدا مەن ساپال بۇيۇملار پارچىسى دۆۋىسىنى قېزىۋاتقىنىمدا، توساتتىن بىر دانە ياغاچ تارىشا پۈتۈكنى تېپىۋالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە براھمان يېزىقى يېزىلغانىدى. گەرچە خەت بەكلا ئۇنتۇق بولسىمۇ، بىراق بۇ ياغاچ تارىشا بولسا E نومۇرلۇق تۆت چاسا قورۇلۇشنىڭ بۇددىزمنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بېكىتىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇگۈنگە قەدەر قەشقەر رايونىدا بايقالغان ھىندى يېزىقىدىكى ئۈنجى «ئەۋرىشكە» ئىدى.

بۇ خىل ئاسادىيپي بايقاش بىزدە بۇ يەردە قېزىش ئېلىپ بېرىلسا چوقۇم زور نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن دېگەن ئۈمىد تۇغۇلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن مەن 10 ئادەمنى باشلاپ تۈگمەن خارابىسىگە قاراپ يولغا چىقتىم. بىز تۆت چاسا قورۇلۇشنىڭ ئالتە بۆلۈكى، يەنى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان A نومۇرلۇق خارابىلىكنى قېزىشقا كىرىشتۇق. بىز شۇ ئەڭ ئاخىرقى چوققا C غا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردىكى قۇملۇقلار ئىچىدە بىر قەدىمكى قورۇلۇش بار ئىدى. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز يوققا چىقتى. بۇ يەردىن شۇ خارابىلىكتىكى ساپال پارچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ساپال پارچىلىرىنىلا قېزىپ چىقتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى دانە پىشۇرۇلغان خىش پارچىسىنى

تاپتۇق. بۇ ھەرگىزمۇ تۈگمەن خارابىسىدە ھېچقانداق بايقاشلار بولمىدى دېگەنلىك بولمايتتى. ھېچبولمىغاندا ئۇ يەردە بىر قىسىم تاسادىپىي بايقاشلار بولدى. بىز ئۇ يەردە ئۇزاق مەزگىل قېزىش تەكلىپىنى بېرىشىمىز لازىم ئىدى. بىراق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە غەلىبە قىلىش تەلىيى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەستەك قىلاتتى. قېزىش ئارىلىقىدا ئۆزۈم ئالاھىدە قىزىقىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىغان يەردىن مىستىن ياسالغان يۇمىلاق بىگىزسىمان كىچىك قوڭغۇراق (كولدۇرما) دىن بىرنى تېپىۋالدىم.

بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرىمىزنىڭ قانچە ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېس قىلىشىمچە كۆپچىلىكنىڭ تۈگمەن خارابىسىدىكى ئىككى دەۋرنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇئەييەن ئىشەنچىسى بار بولدى. ئۆزۈمنىڭ قارىشىمچە ستۇپا بىلەن E نومۇرلۇق تۆت تەرەپلىك خارابىلىكنىڭ ياسالغان ۋاقتى بەكلا قەدىمىي. ھېلىقى تۆت تەرەپلىك قۇرۇلۇشىمىز توپا تىم ۋە خانئۆيگە ئوخشاش ئىبادەتخانا ئىدى. ئەكسىچە بۇددىزم دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە ياكى مۇسۇلمانلار دەۋرىنىڭ پۈتكۈل باشلىنىش باسقۇچىدا بۇ يۇمىلاق تۆپىلىك قەشقەردىن ئۈستۈن ئاتۇشقا بارىدىغان يولدا ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولۇپ، ئۇلار شۇ يەردە بىر مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرغان. شۇڭا، كىشىلەر A ۋە B تام ئارقىلىق ئۇنى مۇداپىئە قىلغان. ئەلۋەتتە ئىبادەتخانىنىڭ قىسمەن تېمىدىنمۇ پايدىلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر يېڭى ئىستىھكام II ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار بىر تەرەپتىن A ۋە B ئارىسىدا تۇرغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ستۇپا بىلەن چوڭ تۆت چاسا قۇرۇلۇشنىڭ ئارىسىدا ئىككىلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇلارمۇ ستۇپا بىلەن ئىستىھكامنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا قوپۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۆت تەرەپلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېمى دەل مۇشۇ جايغا، بولۇپمۇ F نۇقتا يۆنىلىشىگە

قاراپ كۆچەيتىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، II ئورۇندىكى يېڭى قورغان، يېڭى ۋە كونا ماتېرىياللاردىن ياسالغان A ئورۇندىكى قوش تام بەلكىم ئۈستى يېپىلغان بىخەتەر ئۆتۈشمە يول بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاساسىي تام بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ راۋىقى قىلىنغان ستۇپانى تۇتاشتۇرۇش ئىدى.

بۇ خۇلاسىدىكى پەرەزلەر بىرئاز ئاشۇرۇۋېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئۇلار بىز ئىگىلىگەن تۇگمەن خارابىسى توغرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. مەن ئۇ يەردە ئەزەلدىن مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرى بولمىغان دەپ قارايمەن. بۇ قاراشتىن كۆرە بىز بايقىغان ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇچرىتىپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىشمۇ پايدىلىق دەپ ھېس قىلىمەن. بىز تۇگمەن خارابىسىدىن بىر تالمۇ پۇل ھەم ئەينەك پارچىسى بايقىمىدۇق. خانئۆي خارابىسىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ دەۋرىنى ئېنىق قىلغاندا قايتىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق قىلماقچى.

(پائۇل پېللىئوت قاتارلىقلار: «پائۇل پېللىئوت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» دېگەن ئەسەردىن تەرجىمە قىلىندى. يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.)

# قەشقەرگە سەپەر

## ئالبېرت فون لېكوك

... پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلا دائىم بېلىق يەيتتى، بىرى بارچۇقنىڭ ئەترابى بولۇپ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ[①] ئىكەن. يەرلىك دولانلارنىڭ (Dolans) دائىملىق تامىقى ئىكەن: يەنە بىرى، لوپنۇر ئەترابى بولۇپ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ئىكەن. ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان دولانلار ۋە لوپنۇر ئەترابىدىكى ئاھالىلەرنى تۈركلەر يات مىللەت، دەپ قارايتتى.

## قەشقەرگە بېرىش

مەن مالىيىم مىراب بىلەن بىللە ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئۈچتە ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدىم، 14 كۈنلۈك يولنى توققۇز كۈندە تۈگەتتۇق.

مىراب كۆپنى كۆرگەن بولۇپ، قوشاق - تەمسىللەرنى زادىلا تۈگىمەيتتى، شۇنداقلا قىزىقچى ئىدى. مەن يول ئۈستىدە ئازراق نەرسە ئۆگىنىۋېلىش مەقسىتىدە، ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ كۈندۈزى

---

① بارچۇقتىن ئۆتىدىغان دەريا. تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ياركەنت دەرياسى.

ئېيتقان تەمسىل - ھېكايىلەرنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن، قايتا ئېيتىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتۇم. ھەممىشە مەن يېتىپ بولغان، ئۇمۇ كارۋۇتىمنىڭ پەس تەرىپىدە يەرگە ئورۇن سېلىپ بولغاندا، ئۇ تۇساتتىن پىخىلداپ كۈلۈپ: «ئەپەندى، يەنە بىرسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى» دەيتتى - دە، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن قەلەمنى ئېلىپ ماڭا سۇناتتى. بۇنىڭ بىلەن تەمسىللەر قامۇسىدا تۈركچە «ۋوكس پوپۇلى» (Vox populi)دىن بىرى كۆپىيەتتى.

يول ئۈستىدە ئېتىمنىڭ تۇيىقىغا تاش كىرىۋېلىپ ئاقساپ قالدى. مىراب مەخپىي رىتسىپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يول بويىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قەلەندەردىن بىر كوي پۇلغا بىت سېتىۋېلىپ، ئاتنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويدى. شۇنىسى ئاجايىپكى، ئاتنىڭ تۇيىقىدىكى تاشنى چىقىرەتكەندىن كېيىن، ئېتىم ئاقسىمىدى.

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئات دۈمبىسىدىكى يېغىرنى داۋالاشتىمۇ ئاجايىپ چارىسى بار ئىكەن. ئۇلار يېغىرغا يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى سۈركەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن يېغىر سىرلىق يوسۇندا ساقىيىپ كېتىدىكەن! بۇنىڭدا چوقۇم بالا سۈيدۈكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىشلىتىش كېرەك ئىكەن. يول ئۈستىدە بىز بېرلىندىن ئالغاچ كەلگەن ئالىي دەرىجىلىك ئەنگلىيە ئېگىرىگە قارىغاندا، تۈركىيە ئېگىرىنىڭ ئات دۈمبىسىنى يېغىر قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكى ناھايىتى تېزلا ئىسپاتلاندى.

بىز توختىماي يول يۈرۈپ 15 - ئۆكتەبىردىن بۇرۇن قەشقەرگە يېتىپ باردۇق، مەن گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلى جورجى ماكارتنېي (Geroge Macartney)نى يوقلاپ باردىم ھەم ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. بۇ مەزگىلدە بارتۇس بۇ

جايىنىڭ ناھايىتى ئاستا ماڭىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋىسى بىلەن بارلىق يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئىچى كۈچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشىنى خالىمىغانلىقتىن، بىزگە بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا يېتىشىۋالدى.

بىزنى تەقەززا قىلغىنى شۇكى، گرۇنۋېدىل 15 - ئۆكتەبىر يېتىپ كېلەلمىدى، ھەتتا ئاي ئاخىرىغىچە قارىسى كۆرۈنمىدى. بىز ئۇنىڭ رۇسىيىگە قاراشلىق تۈركىستاندا يۈك - تاقلىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، يولدا ھايال بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىمىز بىراقلا سۇسلىشىپ كەتتى. شاجۇ مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىنى بىھۇدە قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىزدىن قاتتىق ئېچىندۇق.

ۋەھالەنكى، ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق. سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەي بولمايتتى. جاپالىق قېزىش ۋە يول ئازابىدىن كېيىن، ياۋروپاچە ئۆيدە دەم ئېلىش ھەقىقەتەن ناھايىتى راھەت ئىش ئىكەن.

بىراق، ئالدى بىلەن مەدەنىي تۇرمۇشقا قايتىدىن ماسلىشىشىمىزغا توغرا كەلدى. ماكارتنېي خانىم مېنى ئىنگلىزچە كارىۋات قويۇلغان، ئازادە بېزەلگەن ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە، جەننەتكە كىرگەندەك تۇيغۇغا كەلدىم. بىراق، كارىۋاتتا بىردەم ياتقاندىن كېيىن دىمىم سىقىلىپ كەتتى. كېيىن يەنىلا بىر پارچە كىگىزنى كۆتۈرۈپ سىرتتىكى بالكونغا چىقىپ، ئورۇن سېلىپ ئېگەرنى ياستۇق قىلىپ، جۇۋىنى يېپىنىپ ياتتىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىچىك ئۆيگە خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاران كۆندۈم.

بىز قەشقەردە پروفېسسور گرۇنۋېدىلنى مانا مۇشۇنداق كۈتتۇق. ماكارتنېي ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن ھاردۇقىمىز خېلى چىقىپ قالدى، بىراق گرۇنۋېدىل كېچىكىشى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىرابنىڭ ھېكايە ـ تەمسىللىرىنى بىر قۇر رەتلىگەندىن كېيىن گېرمانچىغا تەرجىمە قىلدىم. بۇ كىتابنى كېيىنچە تېئۇبنېر (Teubner) نەشرىياتى لېيپزىگدا «تۇرپان قوشاق ـ تەمسىللىرى» دېگەن نامدا نەشر (Songs and Proverbs of Turfan Oasis) قىلدى. ئۇنىڭدىكى بەزى تەمسىللەر ئافغانىستاننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رىۋايەت، ھېكايىلارمۇ ئافغانىستان ۋە پەنجاب (Punjab) نىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئەسلىدىلا بىر تۇتاش بولغان بۇ ئۈچ رايوندا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز ئارتۇشنىڭ يېنىدىكى ئۇچبۇرھان قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئۈچ جايىدىكى تاشكېمىرنى قازماقچى بولدۇق. بۇ تاشكېمىرلار تىمىك يازدا بولۇپ، ئەسلىدە تاشكېمىر ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان ياغاچ يول بار ئىكەن، ئەمما ھازىر يوق ئىكەن. بارتۇس ئۆزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، يۇقىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، تاشكېمىرگە كىردى. بىراق، تاشكېمىردە ئازراق پارچە ـ پۇرات تام رەسىملەر بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاختۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دونەي بىزنىڭ ئۇ يەرنى قېزىشىمىزغا قوشۇلمىدى، شۇڭا بۇ خارابىلىكنى قېزىش ھەرىكىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق.

## ئۈچىنچى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ باشلىنىشى

1905 ـ يىل 5 ـ دېكابىر رۇسىيە چېگرىسىدىن قايتىپ كەلگەن پوچتىكەش گرۇنۋېدېلنىڭ ئەنە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتۇق. دەرۋەقە كۈن قايرىلغان چاغدا، ئۇ پاكار قېرى ئاتقا مىنىپ، پىيادە ماڭغان سۇرئەتتە شەھەرگە كىردى. ئۇنىڭغا تۇگە كارۋىنى ھەم پروفېسسور موللېرنىڭ ياردەمچىسى پېتېر ئەپەندى ھەمراھ بولۇپ

كەپتۇ. پېتېر خەنزۇچىنى ئازراق بىلگەچكە، گىرۇنۋېدېل ئۇنى ھەمراھلىققا ئاللىغانىكەن. يامان يېرى، گىرۇنۋېدېل ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلى خېلى ئېغىر ئىكەن، شۇڭا ئامالسىز قەشقەردە ئۈچ ھەپتە ئارتۇق تۇردۇق. گىرۇنۋېدېلنىڭ ھالىدىن شۈبھىسىلىك مىسسىئونېر خەۋەر ئالدى.

بىز مىلاد بايرىمىنى ماكارتنېيلار ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈپ، شۇ كۈنى كۈچاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. گىرۇنۋېدېل ئېغىر كېسەل بولۇپ ئات مىنەلمىگەچكە، مەن سامان بېسىلغان ئىككى چاقلىق ئات ھارۋىسى تېپىپ، سامانىنىڭ ئۈستىگە ماتراس سېلىپ، ئاپتاپ توسىدىغان لەمپە ياساپ، ئۇنى ھارۋىغا ياتقۇزدۇم. بىراق، ئۇ ياتقانسېرى بىئارام بولۇشقا باشلىدى، چۈنكى ئېدىرلىقنى كېسىپ ئۆتكەن يولدىن ئۆتكەندە، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېرىقلار كۆپ بولۇپ، ھارۋىنى بەك سىلكىۋېتەتتى - دە، ھارۋىنىڭ چاقى بىر يار چوڭقۇرلۇقتىكى ئېرىققا چۈشەتتى (تەلىيىمىزگە ھارۋا چاقىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى يارد كېلەتتى). ئالدى بىلەن ھارۋىنىڭ بىر چاقى «تاق!» قىلىپ ئېرىققا چۈشەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقىمۇ چۈشەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال بىر چاقى، ئارقىدىن يەنە بىر چاقى ئېرىقتىن چىقاتتى. ھارۋىدىكى كىشى ئۇيان سىلكىنىپ، بۇيان سىلكىنىپ زادىلا ئارام ئالالمايتتى. شۇڭلاشقا، يولىمىز زادىلا ئاۋۇمىدى، ھەر كۈنى گىرۇنۋېدېل پېتېرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېرىم كېچىدە ياكى سائەت بىردە يولغا چىقاتتى. بىز بولساق ئەتىگەن سائەت ئۆتلەرگىچە ئۇخلاپ ئاندىن يولغا چىقاتتۇق، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا يېرىم يولدا ئۇلارغا يېتىشىۋالاتتۇق - دە، داۋاملىق مېڭىپ قونالغۇغا بېرىپ، ئوت قالاپ، غىزا تەييارلاپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتۇق.

يىراقتا يورۇش قىلغۇچى ئەترىتىمىز 8 - يانۋار مارالبېشىنىڭ يېنىدىكى تۇمشۇققا كەلدى، ئۇ يەردە ئۆتەڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى بوۋدا خارابىلىكىنى ئىزدىگەن

بولماقمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىن سەل كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن پروفېسسور پېللىئوت بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ يەرنى كەڭ دائىرىدە قېزىپ نۇرغۇن نەرسە تېپىپتۇ. ئۇ يەنە گانداراچە تاشكېمىرلەر تۇركۈمىنى بايقاپتۇ.

يول ئۈستىدە مالىيىم مىراب كۆچانىڭ يېنىدىكى قىزىلغا يېقىن تاغلىق رايوندا ياۋروپالىقلار زادىلا ئاياغ بېسىپ باقمىغان بىرمۇنچە قەدىمىي تاشكېمىر بارلىقىنى، ئۇرنى چەت بولغانلىقتىن، يەرلىك كىشىلەرمۇ ئانچە ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، ياپونىيىنىڭ ئوتانى كوزى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902 ـ يىلى ياكى 1903 ـ يىلى ئۇ يەرنى قازغانىكەن، بىراق يەر تەۋرەپ كەتكەنلىكتىن، قورقۇپ قېچىپ كەتكەنىكەن.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بارتۇس بىلەن دەرھال يولغا چىقتىم. بىز بىر خەتەرلىك قاپچىغايدىن ئۆتۈپ، مۇزات دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيالىقتا يوزلىگەن تاشكېمىر بارلىقىنى كۆردۇق.

## ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈش

1906 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئەنگلىيىنىڭ باش كونسۇلى ماكارتنېي (ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ كونسۇل ئىكەن)نىڭ يەنە قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا مەن خېلىلا قاتتىق ئاغرىپ قالغاندىم، ماكارتنېي خانىم ھالىمدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە داۋالاندىم. شۇ ۋاقىتتا رۇسىيىدە ئىنقىلاب پارتلىغانلىقتىن، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە رۇسىيە ئارقىلىق قايتالمايدىغان بولدۇم.

سالامەتلىكىم ئازراق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھۆججەتلەرنى بىخەتەر ئېلىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم، شۇنىڭ بىلەن قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىمگە قايتىشنى قارار قىلدىم. ماكارتنېي سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇنداق قىلىشىمغا قوشۇلمىدى. شۇ ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ بالۇچىستان (Baluchistan) ئۆلكىسىنىڭ كۋېتتا (Quetta)[1]دا تۇرۇشلۇق توپچى ئەسكەرلەر پولكىغا قاراشلىق ئەنگلىيە ئوفىتسېرى ستارشى لېيتېنانت شېرېر (J.D.Sherer)[2] قەشقەردە ئىكەن. بۇ ئوفىتسېر ئەسلىدە پامىر ئېگىزلىكىدە ئېيىق ئوۋلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ماكارتنېي شېرېرغا بىرگە مېڭىشنى، يولدا ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

شېرېر بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، ئەمما بىز ئالدى بىلەن چاپقۇر ئات تاپقاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقالايتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىز خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. قەشقەردىن خوتەنگە بېرىشقا ئەسلىدە 17 كۈن كېتەتتى، بىز 12 كۈندىلا خوتەنگە كەلدۇق.

قاغىلىق (Kargalik)، ئۇيغۇر تىلىدا قاغا ماكانى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنى كۆرسىتىدۇ)قا ئاز قالغاندا ياقۇپبەگ سالدۇرغان، مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ ياخشى ساراي بار ئىكەن. ساراي پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ،

---

[1] كۋېتتا ــ پاكىستانغا جايلاشقان، غەربىي ئافغانىستان بىلەن قوشنا.

[2] ستارشى لېيتېنانت شېرېر ــ ھىندىستاننىڭ مۈلكىي ئەمەلدارى جون شېرېر (John sherer)نىڭ ئوغلى. جون شېرېر كاۋنپور (Cawnpore) شەھىرىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن شەھەرگە كىرىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرغان. قانلىق دېلودا ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى قاماقتىكى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئايال ۋە بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ھەممىلا يەرنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى، ھەممىلا يەرنى جەسەت پارچىلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن، ھازىر بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە خاتىرە مۇنار(ستونا) تىكلەندى.

«چولاق لەڭگەر» (Cholak Langar) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ «چولاق كىشىنىڭ سارىيى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، سارايىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. بۇ يەردە بىز شوتلاندىيىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى داۋىد فراسېر (David Fraser) بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، كۆڭۈللۈك بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق.

مەن شېرىپ بىلەن ياركەنتتە يەنە شۋېتسىيىنىڭ تەرغىباتچىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى راكېتې دوختۇر (Dr·Gosta Raquette) بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ چىشىمنى زاماسكىلاپ قويۇپ، مېنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزدى. ئۇ چىشىمنى ئىنتايىن ياخشى زاماسكىلىغانىدى، كېيىنكى يىلى 1 - ئايدا بېرلىنغا قايتىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى بېشىمنى ياستۇققا قويۇشۇم بىلەنلا چىشىم قايتا ئاغرىشقا باشلىدى.

ياركەنت ئاۋات، چوڭ شەھەر ئىكەن، شەھەردە نۇرغۇن بازار بار ئىكەن. بىز ئەنگلىيىگە تەۋە، ھىندىستانلىق سودىگەرلەر ئىچىدىكى «ئاقساقال» (aksakal، «ئاق ساقاللىق» دېگەن مەنىدە) لەقەملىك بىر كىشى بىلەن بىللە تۇردۇق. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى راي (Rai Sahib Bhuta Ram) ئىكەن. ئۇ يەنە بىزنى مەردلىك بىلەن گۈللۈك داچىسىدا تۇرغۇزدى.

ئۇنىڭ گۈللۈكىدە ئۆتكۈدەك يول يوق ئىكەن، چۈنكى گۈللۈك ئېرىق بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، كىرەلمىسەڭ كەتكەن نۇرغۇن گۈللۈك بار ئىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، يەنە بىر رەت يوپۇرماقلىرى بۈك - باراقسان ياڭاق دەرىخى بار بولۇپ، بۇ خىل دەرەخ بۇ جايدا ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇچا ئەتراپىدىكى كىرىشتىمۇ بىرقانچە تۈپ ياڭاق دەرىخىنى كۆرگەنىدىم، ئەمما بۇ خىل دەرەخ شىمالدا كۆپ ئۇچرىمايدىكەن.

ئۇ ساندۇقلىرىدا ھىندى تىللىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ بېقىشنى ھەم سەجدە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەن

ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلدۇم. ئۇ خۇش پۇراق گۈل، پاكىز سۇ تەييارلىدى. ساندۇقنىڭ ئۈستىگە گۈل قويۇپ، سۇ سەپكەندىن كېيىن دوستلىرى بىلەن جىددىي قىياپەتتە ساندۇقنى چۆرىدەپ ماڭدى. بۇ يەردە تۇرسام ئۇلارغا دەخلى قىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ، كېتىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نەتىجىسى بولغان نوملارنى ئۇلۇغلاش پوزىتسىيىسى كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەتتى.

بىز بۇ يەردە فرانسىيىلىك بىر قوماندان — لاگوست (Commandant De Bouillane Lacoste) بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ كېيىن ئافغانىستاندا ساياھەت قىلدى.

بىز ئافغانىستان سودا كارۋىنىنىڭ باشلىقىدىن يۈك — تاقلىرىمىزنى ئارتىش ئۈچۈن بىر ئاتنى 45 رۇپىيىدىن سېتىۋېلىپ، كۈزنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋالىق بىر كۈنى ياركەنتتىن يولغا چىقتۇق. بىز ھەربىر ئاتقا بىردىن مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان بولساقمۇ، شەھەردىن چىقىپلا ئاتلار ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ئاتلار قورسىقى تويۇپ روھلۇق يولغا چىققان، لېكىن يولدا چايقىلىپ، ساندۇقلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغانلىقتىن ئۈركۈپ كەتكەنىدى. بىردەمدىلا ساندۇقلار ئاتلارنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئاتلارمۇ قېچىپ كەتتى، ئات باقارلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. بىز ياللىۋالغان كىشىلەر ئاران تەستە ئاتلارنى تۇتۇپ كېلىپ، ماللارنى قايتىدىن ئارتتى. مۇشۇ ئىشقىلا نەچچە سائەت ۋاقتىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى. سەپەر داۋامىدا بۇنداق ئىش قايتا - قايتا يۈز بەرگەچكە، ئامالسىز چاكار ياللىۋېلىپ، ھەربىر ئاتقا مەخسۇس ئادەم قاراتتىم. بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بىز تاغلىق رايونغا كېلىپ ۋاقىتلىق ياللىۋالغان بۇ كىشىلەرنى قايتۇرۇۋەتتۇق. ئۇلار نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىپ خۇشال ھالدا كېتىپ قېلىشتى. شاش ئاتلارمۇ مېڭىش تەس بولغان تاغ يولىغا كەلگەندىن كېيىن ياۋاشلىشىپ كەتتى.

قىش كەپىقالغانلىقتىن بىز قىش پەسىللىك يول لىنىيىسى، يەنى كوكيار (Kokyar)دىن ھالقىپ ئۆتۈشنى قارار قىلدۇق. بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى سەككىز ھەپتىدە ئۆگزىسى بار ئۆيدە ئاخىرقى قېتىم ئۇخلىشىمىز ئىكەن. سارايىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇرگە بولغانلىقتىن، شېرىر كېچىچە يېڭى بىلەن بۇرگىلەرنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇرگىنىڭ قالايمىقان سەكرەپ كىشىنى زېرىكتۈرۈۋېتىشىدىن باشقا زىيىنى يوق ئىكەن. ھېچبولمىغاندا پىتقا سېلىشتۇرغاندا بۇرگە ئاللا يارانقان مەۋجۇدانلار ئىچىدىكى پايدىلىق ھاشارات. ئالدىنقى بابتا مەن سىماب ساندۇچ ئارقىلىق پىتقا تاقابىل تۇرغانلىقىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم.

بۇ يولدا تىزناب (Tisnab) دەرياسىنى بويلاپ تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ھەر قېتىم دەريا بويىدا بۇلۇنتقا تاقاشقان تىك قىيالارغا دۇچ كەلگەندە، بىز يا بولمىسا تىك قىيادىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز، يا بولمىسا سۇ كېچىپ دەريادىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاقتىكى بىرقەدەر تۈز يول بىلەن مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ بىر كۈندە دەريادىن 30 — 40 قېتىم ئۆتەتتۇق، بىر كۈنى بىز دەريادىن 64 قېتىم ئۆتتۇق.

دەريا بويىدا ئادەتتە كېمە بولمىغاچقا، دەريادىن ئاتلىق ئۆتەتتۇق. بۇ ئەلۋەتتە خەتەرلىك ئىكەن. چۈنكى، دەريادا چوڭقۇر ئازگاللار، تىك، يوشۇرۇن خادا تاشلار بولغاچقا، ئازاراقلا دىققەت قىلمىساق خەتەرگە ئۇچرايتتۇق.

بىر قېتىم چىنە - قاچىلار ئارتىلغان بىر ئاتنىڭ بىر پۇتى چوڭقۇر ئازگالغا پېتىپ قالدى. ئاتقا سۇدان، چەينەك، قاچا قاتارلىقلار قاچىلانغان چامادان ئارتىلغانىدى. ئارتىمدىغان چاغدا مالاي بىخەستەلىك قىلىپ ياخشى تاڭمىغانلىقتىن، ئات سىلكىنگەندە، چامادانىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ، ياركەنتتىن

سېتىۋالغان ئېسىل چەينىكىم سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى. سۇ شىددەتلىك ئېقىۋاتقاچقا، چەينەكنى ئېلىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. بىر ئىراقلىق بىر چامداپلا چاي قۇتىسىنى تۇتۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن چېيىمىزنى ساقلاپ قالدۇق. لېكىن، شېكەر بىلەن سۈت پاراشوكىنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى.

شېرىپنىڭ كەشمىردىن كەلگەن بەستلىك ئۈچ مالىيى بار ئىكەن. ئۇلار تاغقا يامىشىشقا ماھىر بولۇپ ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن تىپىك كەشمىرلىكلەرگە ئوخشاش، بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالسا، ھودۇقۇپ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئاتقا قارايدىغانلار تۈركلەر بولۇپ، بەزىلىرى كابۇلدىن كەلگەن تاجىك (Tajiks) لار ئىكەن، يەنە بەزىلىرى بالتىس (Baltis)[1]لار، لاداقلار، ئافغانلار ئىكەن، يەنە تېخى بىر گىدرال (Chitrali)[2]مۇ بار ئىكەن. مېنىڭ مالىيىم ئىگەمبەردى مەرگىلان (Marghilah)[3]دىن كېلىپ بىزگە قوشۇلغانىدى.

ياركەنتتىكى ۋاقتىمىزدا بىز ئارىلاش قانلىق بىر ئافغانىستانلىق بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ دادىسى ياقۇپبەگنىڭ قول ئاستىدا سەركەردە بولغانىكەن، ئانىسى قەشقەرلىك تۈرك پومېشچىكنىڭ قىزى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزى بېنگال 9 - ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش خېتى بولمىغان ئەسكىرى بولۇپ، داۋىد فراسېر (David Fraser) بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنىكەن. ئۇ سادىق، ئىشەنچلىك ئادەم بولۇپ، يولدا بىز ھەمسەپەر بولۇپ، راۋالپىندى (Rawalpindi)غا قاراپ ماڭدۇق. كېيىن شېرىپ ئاغرىپ

---

[1] بالتىس — ھىندىستان 2 - چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، جامۇ ھەم پاكىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا جايلاشقان.

[2] گىدرال — ھازىرقى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى مالاكاند ئۆلكىسىگە جايلاشقان.

[3] مەرغىلان — ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەرغانە ئوبلاستىدىكى بىر شەھەر.

قالغانلىقتىن، بىز ئىككىمىز ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولدۇق.

13 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتە كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن، ئاتلارنىڭمۇ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشاتتى. لېكىن، سەپەردە ئات مىنىشكە مەجبۇر بولاتتۇق، چۈنكى پىيادە ماڭغاندا يۈرەكنىڭ سوقۇشىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. تاغقا چىقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار پۇختا قەدەم تاشلاپ ماڭسىمۇ، چوڭقۇر ھاڭ بويىدىكى تاغ يولىنىڭ چېتىدا مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى. مېنىڭ ئاسانلا بېشىم قايىدىغان بولغاچقا، ئاتلارنىڭ بۇنداق مېڭىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدىم، ھېلىمۇ ياخشى لۈكچۈن ۋاڭى ماڭا سوۋغا قىلغان پىچان (ھازىرقى پىچان ناھىيىسى)نىڭ قوڭغۇر ئېتىنىڭ تاغ يولىنىڭ چېتىدا ماڭىدىغان ئادىتى بولمىغاچقا، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

يول بويىدىكى دەڭلەرنىڭ نامى ئاجايىپ - غارايىپ ئىكەن. بەزىلىرىگە، ھەتتا ئۇ يەرلەردە قونغان سودىگەرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن كىچىك ئىشلاردىن پايدىلىنىپ نام قويۇلغان. مەسىلەن، «گۈرۈچ قالدى» (Gruc Kaldi، گۈرۈچ ئۇنتۇلۇپ قالغان دېگەن)، «چىراغ قالدى» (Chiragh kaldi، چىراغ ئۇنتۇلۇپ قالغان دېگەن) ياكى «دۆلەتبەگ ئۆلدى» (Daulat Bak oldi، دۆلەتبەگ ئۆلگەن دېگەن) قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «دۆلەتبەگ ئۆلگەن دېگەن» قاراقورۇم تېغىغا يېقىن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق نام قويۇلۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، قەشقەر سۇلتانى سەئىدخان (Saidkhan) تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ قايتىش سەپىرىدە ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، مۇشۇ دەڭدە قازا قىلغانىكەن.

تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغان كىشىلەر تاغقا چىقسا ئاسانلا ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. تىبەتلىكلەر ئىممۇنىتېت كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، ھىندىستان تۈزلەڭلىكىدە ئۇزاق ۋاقىت تۇرسا، ئۆپكە ھاۋا ئىششىقى ياكى باشقا كۆكرەك

بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. تۈرك تىلىدا ئېگىزلىك كېسىلى «ياس» (yas) ياكى «تۇتەك» (tutak)، پارس تىلىدا «تام» (dam)، ياكى «دامگىرى» (damgiri) دېيىلىدىكەن. ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەردە باش ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدىكەن، كېيىن ئۆزىنى يوقىتىپ، جۆيلۈشكە باشلايدىكەن، بەزىدە، ھەتتا گەپتىن قالىدىكەن، ئاخىرىدا ئالىقان ۋە تاپانلىرى ئىششىپ بىر كېچىدىلا تىنىقتىن قالىدىكەن.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئېگىزلىكى قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدىن پەس بولغان تاغ ئۈستىدە ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، كېسەللىك ئالامەتلىرىمۇ كۈچلۈك ئىكەن. قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 19 مىڭ 68 فۇت ئېگىز بولسىمۇ، ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ساسېر پاس (Saser Pass) تاغ ئېغىزىدىكىدىن تۆۋەن ئىكەن. ساسېر پاس تاغ ئېغىزى ئېگىز بولمىسىمۇ، ئېگىزلىك كېسىلىگە گىراپتۇر بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭلىق ئىكەن.

بىز ئاتلارغا قەرەللىك يەم بېرىپ تۇرساقمۇ، كېچىسى ئاتلارنى قارنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇق ئوتلارنى يېيىشكە قويۇپ بېرەتتۇق. ئاتلار ھەممىشە تەرەپ - تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىساق ئاتلار كۆرۈنمەدى، ئات باقارلار تەرەپ - تەرەپكە ئات ئىزدەپ كەتتى. شۇڭا، بەزىدە ئەسلىدە ئەتىگەن سائەت 7 ـ 8 لەردە يولغا چىقماقچى بولغان بولساقمۇ، سائەت 11 ـ 12 لەردە ئاران يولغا چىقالايتتۇق.

سەپەر جەريانىدا ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن، بورۇنقىلار ئېيتقان تۈرلۈك خەتەرلەر ئاشۇرۇۋېتىلگەنمىكىن دەپ گۇمانلاندىم، ئەمما گۇمانىمنىڭ خاتالىقىنى ناھايىتى تېزلا بىلدىم. سالامەتلىكىم پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ،

سەپەردىشىم، بەستلىك ستارشى لېيتېنانت شېرىر ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن كېسەلچان بولۇپ قالدى. ئۇ پىيادە مېڭىشتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئېگىزلىك كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

مەن ھەربىرنى بىر رۇپىيىدىن بىر قوتان قوي سېتىۋالدىم. كۈن ئولتۇرغاندا قويلارنى قوتانغا سولاپ قوياتتۇق. كەشمىرلىك چاكىرىم ئەڭ ئېپتىدائىي ئوچاقتا تەملىك شورپا پىشۇراتتى. يەنە بىر جەھەتتىن شېرىرنىڭ كېسىلى ئېغىر بولۇپ، ئاتقا مىنەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

دېپساڭ ئېگىزلىكى (Depsang Plateau)گە كەلگەندە، كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. دېپساڭ ئېگىزلىكى قار بىلەن قاپلانغان، ئادىمىزاتسىز، چەكسىز كەتكەن يۇمىلاق ئېگىزلىك ئىكەن. ئېگىزلىكنىڭ تۆت ئەتراپىنى چېركاۋ مۇنارىغا ئوخشاش قار - مۇزلار ئوراپ تۇراتتى، ئېگىزلىكتە خۇددى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەر قاتلىمىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، باشقىلار ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردىم، ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارمۇ ئوق ئېتىپ جاۋاب قايتۇردى، مەن قايتىدىن يۈنىلىشنى تېپىۋالدىم.

سەپەر جەريانىدا ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى، لېكىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدا دائىم تۇيۇقسىزلا بوران - چاپقۇن چىقىپ تۇرىدىكەن.

قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 19 مىڭ 680 فۇت ئېگىز بولسىمۇ، ھاۋا ياخشى چاغلاردا يول راۋان بولىدىكەن، ئەمما بوران - چاپقۇن چىقىپ قالسىلا مېڭىش تەسلىشىپ كېتىدىكەن. بىز تاغدىن چۈشكەندە يېكەن ۋە پاخمۇاش بۇركۇتنى كۆردۇق. ئۇلار بۇ رايوندا ياشايدىغان بىردىنبىر جانلىق ئىكەن.

سەپەر جەريانىدا ھەممىلا يەردە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ياكى قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلەرنى ئۇچراتتۇق. بەزى جايلاردا يەنە تاش دۆۋىلىرىنىمۇ كۆردۇق، بۇ يەرلەرگە بەختكە قارشى قازا قىلغان سودىگەرلەرنىڭ جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغانىدى.

بىز يەنە شوتلاندىيىلىك داڭلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جاينى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان تاش بەلگىنىمۇ كۆردۇق، لېكىن تاش بەلگىنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى.

تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ ھىندىستان زېمىنىغا قەدەم قويدۇم.

(ئالبېرت فون لېكوك: «شىنجاڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت خەزىنىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى).

# ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى

## چوقان ۋەلىخانوف

### ئالتە شەھەر (قەشقەرىيە)نىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئالتە شەھەر — ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ - داۋانلار بىلەن ئورالغان، بىر تەرىپى، يەنى كۈنچىقىش تەرىپى چوڭ چۆللۈككە تۇتىشىدىغان بىر قۇملۇق زېمىن. چېگرىداش تاغلار ئىچىدە تەڭرىتېغىنىڭ قاتنىشى نىسبەتەن قولايلىق بولۇپ، بۇ تاغ ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە ئۆتكىلى بولىدىغان ئۈچ يول بار. تەڭرىتېغىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى چۆللەرگە سىڭىپ كەتمە، يەنە بىر مۇنچىسى تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرى لوپنۇر كۆلى (يۇلتۇزلۇق دېڭىز)گە بېرىپ قۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ دەريالار بولمىغان بولسا، بۇ چۆللۈكتە ئادەم ياشىمىغان بولاتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى مۇشۇ دەريالارنىڭ سۈيىدە زىرائەت تېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن.

بۇ دەريالار ئىچىدە پەقەت تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىلا كېمە قاتنىيالايدۇ. ئىچكى جۇڭگودىن ئالتە شەھەرگە تۇتاشقان بىرلا يول بولۇپ، بۇ يول تۈزلەڭلىكتىن ئۆتىدۇ، يولدا تاغ - داۋانلار يوق، يول بويىدا ئاھالىلەرمۇ بار.

ئالتە شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ پايدا قىلىپ مىجەزى ئوڭلىنىپ قالىدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۇرۇزۇك قار ياغمايدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ كان بايلىقلىرى

تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئالتۇن، مىس كانلىرى ئېچىلدى. گۈڭگۈرت، نۆشۈدۈر، سېلىتىلارنىڭ زاپىسى كۆپ، يەنە باشقا يۇرتلاردىن تاپقىلى بولمايدىغان شەرق يەشمىسىمۇ (كۋارتسنىڭ بىر خىلى) چىقىدۇ.

ئالتە شەھەردە ئۈزۈم، پاختا، ئاشلىق قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدۇ. دەريا بويلىرىدا كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر، تاغلىرىدا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ نوپۇسى 580 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. شەھەرلەرنى ئېگىز سېپىللار ۋە سېپىل سىرتىدىكى چوڭقۇر خەندەكلەر قورشاپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىمۇ توپا تام قوپۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىنىدۇ. شەھەرلەر ئاساسەن بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولغاچقا، كىشىنى جەلپ قىلالمايدۇ.

ئالتە شەھەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئەڭ دەسلەپتە مەجۇسىي ئىدى، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، X ئەسىردىن باشلاپ XIV ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئۆزىنى مۇھەممەد



قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىل سىرتىدىكى هارۋىكەشلەر (1906-يىلى مانىنېرھېيم تارتقان)

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدىغان خوجىلار كېلىپ بۇ يۇرتنى ئىسلامغا كىرگۈزگەن. ئەمما، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. مەسىلەن، قەشقەرىيىدە ئاياللارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن. خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەسىرى ھازىرمۇ كۈچلۈك. خوجىلار ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دەپ بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، پۇرسەتتىن پايدىلانغان جۇڭغارلار 1750 - يىلى قەشقەرنى ئىستېلا قىلغانىدى. ئەمما، جۇڭغارلارمۇ ئۇزاق ئۆتمەي (1758 - يىلى) خوجىلارغا ئوخشاش يېڭىدىن بېسىۋالغان زېمىنلىرى بىلەن بىللە چىڭ ئىمپېرىيىسىگە بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى.



قەشقەر شەھەر ئەترابى (1906- يىلى مانىېرھېم تارتقان)

ئالتە شەھەرلىكلەر چىڭ ئىمپېرىيىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەندىن كېيىن، خوجىلار قوقەنتكە قېچىپ كەتتى. ئالتە شەھەردە يايلاقلارنىڭ بولمىغانلىقى ۋە چارۋا مالنىڭ قىسلىقى مانجۇ ھۆكۈمىتىنى قوقەنتلىكلەرنىڭ بۇ يۇرتلارغا چارۋا مال ئەكېلىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇشىغا يول قويۇشقا

مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى مانجۇ هۆكۈمرانلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان يەرلىك خەلقنى قوقەنتلىكلەر ياردىمى بىلەن قەشقەر ۋە باشقا شەهەرلەردە ئۆزلۈكسىز ئىسيان كۆتۈرۈپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتقان خوجىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1826 - يىلى قەشقەردە ئىسيان كۆتۈرۈلدى. مانجۇلار مالىمانچىلىقنى ناهايىتى تەسلىكتە تىنجىتقاندىن كېيىن، قوقەنتلىكلەرنىڭ قەشقەرگە كېلىشى چەكلەندى. ئەمما، قوقەنتلىكلەر قوللىرىغا قورال ئېلىپ، تىغمۇتىغ ئېلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ سودا مەنپەئىتىنى قوغدىدى. نەتىجىدە قوقەنتلىكلەر ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، 1830 - يىلى مانجۇ هۆكۈمىتىنى قوقەنت بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. شەرتنامە بويىچە قوقەنتلىكلەر ئالتە شەهەردە ئەركىن سودا قىلىش، هەتتا يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش هوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. مۇشۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشكەن قوقەنتلىك خوجىلار 1847 - يىلى ۋە 1857 - يىلى قوزغىغان يېغىلىقلارغا ئارقا تىرەك بولدى. 1857 - يىلىدىكىسى ۋەلىخان تۆرە ۋەقەسى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە غەلىبە قىلغانىدى. ئەمما، ۋەلىخان تۆرە قانخور، رەهىمسىز كىشى بولغاچقا، ئۆز هىمايىچىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى.

بۇ ئىسيانغا قوقەنتلىكلەر بىۋاسىتە قاتناشقان بولسىمۇ، مانجۇلار ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى توسۇيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن قوقەنتلىكلەر هازىرغىچە ئالتە شەهەردە كاتتا ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ يۈرۈۋەردى.

## ئالتە شەهەر ئاهالىلىرى

پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە «قۇرئان كەرىم» ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ. قانۇن - پەرمانلار،

ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تاشقى ئالاقىلەردە «قۇرئان كەرىم» ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، ئالتە شەھەر ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر دۇنيا. بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە - يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازادلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ئالتە شەھەردە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈك بولالماسلىقىنى بۇ يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئالتە شەھەر دىنىي ئەقىدىلەر كۈچلۈك بولغان قوشنىلىرى بىلەن ئېگىز تاغ - داۋانلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ئوچۇق ھالەتتە بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى خەنزۇلار بىلەن ئەركىن باردى - كەلدى قىلىشىپ، ئۇلاردىن دىنىي جەھەتتىكى ئېغىر - بېسىقلىقنى ئۆگەنگەن.


ياقۇپبەگنىڭ جاللاتلىرى (1873- يىلى روبېرت شاۋ تارتقان)

بۇ ماقالىدە بىز كىچىك بۇخارا (قەشقەر) لىكلەر ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى ھەمدە ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىدىغان

ئالاھىدىلىكلىرىنى قوقەنت بىلەن بۇخاراغا سىڭىشتۇرغان ئاساستا كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

كىچىك بۇخارانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قۇمۇللۇق دېگەندەك ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ. مانجۇلار (خەنزۇلار) ئۇلارنى چەنتۇ دەپ ئاتىسا، قالماقلار خوتۇن دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇق قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى توركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىشىدۇ. خاراكتېرى ۋە رەڭگىرويىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىر مىللەت. بۇ خەلقنى ياشىغان ئورنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى: قۇمۇل ۋە تۇرپان ۋادىلىقلىرىدىكى ھەمدە لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ۋە شۇ كۆل نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى. تاغنىڭ شىمالىدىكى غۇلجىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ مۇشۇ ئەۋلادلارغا قوشۇۋەتسەك بولىدۇ.

2. دولانلار: دولانلار — ئاقسۇ، ياركەنت، قارا شەھەر رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاقسۇ دولانلىرى بىلەن ياركەنت دولانلىرى قەشقەر دەرياسى بىلەن ياركەنت دەرياسى ئارىلىقىدىكى يۇرتلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دولانلارنىڭ بۇ يەردە بىر نەچچە چوڭ يېزىلىرى بولۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى ساقلاۋاتقان بارچۇق بىلەن مارالبېشى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يېزىلار ھېسابلىنىدۇ. قارا شەھەر دولانلىرى كورلا بىلەن بۈگۈرگە تارالغان. دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا — ئىشانلارنىڭ يانچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. دولانلار ئۆز شېۋىسى ۋە

ئاياللىرىنىڭ قازاق ۋە قىرغىز ئاياللىرىغا ئوخشاش باشلىرىغا رومال سېلىپ يۈرىدىغان ئەنئەنىسى بىلەن باشقا تۈركىستانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3. نوگېيتلار: نوگېيتلار ـ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بۇيرۇتلاردىن (قىرغىزلار) دىن ئايرىلىپ چىققان يېرىم كۆچمەن بىر قەبىلە. بۇلار مۇزئارت ئېغى ئېتىكىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۈچتۇرپان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. نوگېيتلار مۇزئارت داۋىنىدا مۇز چوقۇپ كارۋان يولىنى ئوڭلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس. بۇنداق ئەھۋال شەرقتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

كىچىك بۇخارالىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نوگېيتتىن باشقا خەلقنىڭ ھەممىسى ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى خەلقتۇر. ئەمما، لوپنۇرلۇقلارنىڭ قايسى دىنغا ئىشىنىدىغانلىقى نامەلۇم.

ئالتە شەھەر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن يات مىللەتلەر مۇنۇلار:

1. مانجۇلار، شىبە ـ سولونلار، داغۇرلار، خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلار.
2. قىپچاق قان سىستېمىسىغا تەۋە تورايغىر قىرغىزلىرى.
3. ئاسىيالىق مۇھاجىرلار ۋە شالغۇتلار (چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللار ئارىسىدىن تۇغۇلغانلار).

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مانجۇ، شىبە، سولون، داغۇرلار ۋە خەنزۇ، تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەردۇر. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى ئامبال ياكى ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ، كىچىك بۇخارانىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ماندارىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەقتىن چىقىدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى جۇڭغارىيىنى ئىستېلا قىلغان چاغلاردىلا چىڭ

ئالاھىدىلىكلىرىنى قوقەنت بىلەن بۇخاراغا سېلىشتۇرغان ئاساستا كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

كىچىك بۇخارانىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ. مانجۇلار (خەنزۇلار) ئۇلارنى چەنتۇ دەپ ئاتىسا. قالماقلار خوتون دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇق قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىشىدۇ. خاراكتېرى ۋە رەڭگىرويىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىر مىللەت. بۇ خەلقنى ياشىغان ئورنى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى: قومۇل ۋە تۇرپان ۋاڭلىقلىرىدىكى ھەمدە لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ۋە شو كۆل نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى. تاغنىڭ شىمالىدىكى غۇلجىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ مۇشۇ ئەۋلادلارغا قوشۇۋەتسەك بولىدۇ.

2. دولانلار: دولانلار ــ ئاقسۇ، ياركەنت، قارا شەھەر رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاقسۇ دولانلىرى بىلەن ياركەنت دولانلىرى قەشقەر دەرياسى بىلەن ياركەنت دەرياسى ئارىلىقىدىكى يۇرتلارغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دولانلارنىڭ بۇ يەردە بىر نەچچە چوڭ يېزىلىرى بولۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى ساقلاۋاتقان بارچۇق بىلەن مارالبېشى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يېزىلار ھېسابلىنىدۇ. قارا شەھەر دولانلىرى كورلا بىلەن بۈگۈرگە تارالغان. دولانلارنىڭ كۆپ قىسمى خوجا ــ ئىشانلارنىڭ يانچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. دولانلار ئۆز شېۋىسى ۋە

ئايالللىرىنىڭ قازاق ۋە قىرغىز ئايالللىرىغا ئوخشاش باشلىرىغا رومال سىېلىپ يۈرىدىغان ئەنئەنىسى بىلەن باشقا تۈركىستانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3. نوگېيتلار: نوگېيتلار – ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار بۇيرۇتلاردىن (قىرغىزلار) دىن ئايرىلىپ چىققان يېرىم كۆچمەن بىر قەبىلە. بۇلار مۇزئارت تېغى ئېتىكىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۇچتۇرپان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ. نوگېيتلار مۇزئارت داۋىنىدا مۇز چوقۇپ كارۋان يولىنى ئوڭلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇنچە خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس. بۇنداق ئەھۋال شەرقتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

كىچىك بۇخارالىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نوگېيتتىن باشقا خەلقنىڭ ھەممىسى ئولتۇراق تۇرمۇشتىكى خەلقتۇر. ئەمما، لوپنۇرلۇقلارنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى نامەلۇم.

ئالتە شەھەر تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن يات مىللەتلەر مۇنۇلار:

1. مانجۇلار، شىبە - سۇلۇنلار، داغۇرلار، خەنزۇلار ۋە تۇڭگانلار.
2. قىپچاق قان سىستېمىسىغا تەۋە تورايغىر قىرغىزلىرى.
3. ئاسىيالىق مۇھاجىرلار ۋە شالغۇتلار (چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئايالللار ئارىسىدىن تۇغۇلغانلار).

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بىۋاستە قاراشلىق مانجۇ، شىبە، سۇلۇن، داغۇرلار ۋە خەنزۇ، تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەردۇر. مانجۇلارنىڭ ھەممىسى ئامبال ياكى ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ، كىچىك بۇخارانىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ماندارىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەقتىن چىقىدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى جۇڭغارىيىنى ئىستېلا قىلغان چاغلاردىلا چىڭ

ھۆكۈمىتى ئۇسسۇرى، سوڭخۇاجياڭ، ئامۇ دەريا بويلىرىدىن بىر قىسىم شىبە، سولون، داغۇرلارنى چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىلى دەرياسى بويىغا كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى رۇس كازاكلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «يېشىل تۇغلۇق قوشۇن»دا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئاز بىر قىسمى ئەمەلدار، ھۈنەرۋەن ۋە باشقا ئادەتتىكى پۇقرالار ھېسابلىنىدۇ. يەنە نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرالىرى بولۇپ، شەھەرلەردە تۇرىدۇ.

تۇڭگانلار جۇڭگونىڭ شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خۇيخۇي دەپ ئاتىلىدۇ. تۇڭگانلار ئالتە شەھەردە ئاشخانا ئاچىدۇ ياكى چاي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چىڭ ئىمپېرىيىسى كىچىك بۇخارانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ يېنىدا ياكى شەھەردىن ئىككى چاقىرىمدىن يەتتە چاقىرىمغىچە بولغان يىراقلىقتا باشقىدىن سېپىل سوقتۇرۇپ يېڭى قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇ شەھەرلەرنى مەنچېڭ (مانجۇلار شەھىرى) دەپ ئاتىدى، ئالتە شەھەرلىكلەر بولسا بۇ سۆزلەرنى يېڭىشەھەر ياكى گۈلباغ دەپ ئاتىشىدۇ. ئىچكىرىدىن يۆتكەپ چىققان ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار مۇشۇ شەھەرلەردە تۇرىدۇ. مانجۇ، خەنزۇ پۇقرالار ئەسلىدىكى كونا شەھەرلەرگە پەقەت كۈندۈزىلا كىرىپ چىقالايدۇ. خەنزۇ، شىبە ۋە سولونلار چېگرىلاردا ۋە راباتلاردا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. كونا شەھەرلەردىمۇ خەنزۇ، مانجۇ ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشىدىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىياز بويىچە قاۋاقخانا ئېچىپ پۇل تاپىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ 1758 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسىگە كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەكىم ئىسمىلىك قەبىلە ئاقساقىلىغا تاشمىلىقنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى بەرگەن. 1857 ـ يىلىدىكى خوجىلار يېغىلىقىدا

ھېلىقى ھاكىمبەگنىڭ سادىق بەگ دېگەن ئەۋلادى يەنە چىڭ ئارمىيىسىگە ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا قىزىل قۇببە مونچاقلىق مەنسەپ قالپىقى تەقدىم قىلدى، شۇڭا قەشقەر ئامبىلى ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ. يۇتكۇل قىرغىزلار ئىچىدە مۇشۇ سادىق بەگنىڭ تورايغىر قەبىلىسىلا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئەل بولغانىدى.

ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە سودا - سېتىقتىكى زور پايدىنى قوغلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەم ئاددىي پۇقرالار ئالتە شەھەرگە يىغىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوقەنتلىكلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلاردىن قالسا بۇخارا، بەدەخشان ۋە كەشمىر ئاھالىلىرى بولۇپ، كېيىنكىلىرى ئاساسەن ياركەنت، خوتەنلەردە تۇراتتى. ئالتە شەھەردە يەنە ھىندىلار، كابۇللۇق ئافغانلار، بۇخارالىق يەھۇدىيلار، پارسلار، تاتارلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بەدەخشانلىقلار بىلەن كەشمىرلىكلەردىن باشقىلىرىنى ئالتە شەھەرلىكلەر «ئەنجانلىقلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەنت خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە، قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇق ئىمتىيازى بار قوقەنت ئاقساقىلىغا قارايدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللاردىن تۇغۇلغان شالغۇتلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز بويىچە ئوخشاشلا مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇھاجىرلارنىڭ قەشقەرلىك ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق توي قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقتىن، شالغۇتلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. شالغۇتلار تىلى ۋە تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىچىك بۇخارالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ بېقىنمايدىغان ئالاھىدە بىر تەبىقە ئىدى.

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ سانىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. يەرلىك ھۆكۈمەت خەلقتىن باج - سېلىق

ئىلىشتا يەنىلا بۇ يۇرتلارنىڭ مانجۇ خانىدانلىقىغا قوشۇلغان چاغدىكى نوبۇسىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇ چاغدىكى سان بويىچە بولغاندا ئالتە شەھەردىكى ئاھالىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 16 مىڭ ئائىلە، يېڭىساردا 8 مىڭ ئائىلە، ياركەنتتە 32 مىڭ ئائىلە، خوتەندە 18 مىڭ ئائىلە، ئاقسۇدا 12 مىڭ ئائىلە، تۇرپاندا 6 مىڭ ئائىلە بار. بۇ ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى شەھەرلەردە تۇرىدۇ، يېزا - قىشلاقلىرى كۆپ ۋە چوڭ بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئاھالىسى كۆپ ئەمەس. مانجۇلار شەھەر دەپ ئاتىدىغان ئەڭ چوڭ يېزىلارنىڭ ئۆزىدىمۇ ئادەم ناھايىتى ئاز. مەسىلەن، قەشقەرگە قاراشلىق يېزىلاردىن پەيزاۋات بىلەن خانئېرىقتا 2 مىڭ ئائىلە، ئاستىن ئاتۇشتا 1 مىڭ 500 ئائىلە، ئۈستۈن ئاتۇشتا 500 ئائىلە بار. ياركەنتكە قاراشلىق گۇمىدا 200 ئائىلە، قاغىلىقتا 350 ئائىلە بار ئىدى. ئاقسۇغا قاراشلىق باي يېزىسىدا 500 ئائىلە بار ئىدى. ھەر بىر ئائىلىدە تەخمىنەن تۆت جان بار دېسەك يېزا ئاھالىسىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا يەنە 27 مىڭ دولانىنى (ئاقسۇ، ياركەنت دولانلىرىنى) قوشساق ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى 579 مىڭ دەپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاشمىلىقتىكى 500 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ سانى 2 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ شەرقىدىكى يۇرتلاردىن كوچادىن باشقىلىرىنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى ئاز. ئالتە شەھەردىكى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

قەشقەردە 5 مىڭ 550 كىشىلىك، ياركەنتتە 2 مىڭ 200 كىشىلىك، خوتەندە 1 مىڭ 400 كىشىلىك، ئاقسۇدا 600 كىشىلىك، تۇرپاندا 800 كىشىلىك قوشۇن تۇرىدۇ. بۇلارغا بارچۇقتىكى 300 كىشىلىك، سايرامدىكى 300 كىشىلىك قوشۇننى ھەم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى قوشساق جەمئىي 15 مىڭغا يېقىنلىشىدۇ.

چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭمۇ ئېنىق سانىنى ھېسابلاپ چىقىش تەسرەك. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قەشقەردە تۇرىدۇ. قەشقەردىكى ئەنجانلىقلار 6 مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. قەشقەردىن قالسىلا ياركەنت، خوتەنلەردە بىرئاز كۆپرەك. ئاقسۇ بىلەن ئۈچتۇرپاندا يوق دېيەرلىك. ئادەتتە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى، يەنى 145 مىڭ كىشى مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ.

ئالتە شەھەرلىكلەرنى ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن ھاكىمبەگلەر (بەگلەر)، دىنىي مۆتىۋەرلەر (ئاخۇنلار) ۋە ئاددىي پۇقرالار (ئالۋانكەشلەر) دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىش مۇمكىن. ھوقۇق ئىگىلىگەن بەگلەر، ئاخۇنلار باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان بولىدۇ. پۇقرالار يەنە شەھەر ئاھالىسى ۋە دېھقانلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەھەرلىكلەر باج - سېلىق ئۈچۈن پۇل تۆلەيدۇ. دېھقانلار بولسا ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. بەزى ھەكىمبەگلەر، مەسىلەن قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى مانجۇ



ياركەنتتىكى ئامرانلار كوچىسى (1906- يىلى ماننېرھېيم تارتقان)

خانى بەرگەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئاساسەن ۋاڭلىق ئورنىغا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم بەگلەرگە خان ئوردىسى ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار مال - دۇنياسى، تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ 100 يىللاردىن بېرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بەگ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دىنىي مۆتىۋەرلەرگە مەخسۇس دىنىي ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار، ئاتا مىراس شەيخلەر كىرىدۇ. دىنىي مۆتىۋەرلەر قارىماققا ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە تەسىرى، ئارتۇقچىلىقى ھەم قەدىر - قىممىتىمۇ يوق. ئالتە شەھەردە سودىگەرلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىق ۋە ئۆشرە - زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئۈرۈمچىلەرگە چىقىپ كېتىدۇ ياكى مال - دۇنياسىنى خەقتىن يوشۇرۇپ بىرەر يېڭى ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ. ئالتە شەھەردە تېخى بىر سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللىنىپ بولالمىغان. بەگلەر بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، بەگلەر تولىمۇ تەكەببۇر. پۇقرالار بەگلەرنىڭ ئالدىدا پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، يەرلىك چوڭ - كىچىك بەگلەر، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن مۇھاجىر بەگلەرمۇ يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە خۇشامەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئامبال - دارىنلار، چوڭ - كىچىك بەگلەر، ھەتتا ئەسكەرلەرمۇ ئاھالىلەرنى يانچىلار قاتارىدا بۆلۈشىۋالغان. شەھەردىكى يانچىلار ئۆز خوجايىنلىرىنى باغ، گۆش، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلىسە، يېزا دېھقانلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ، ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. بىچارە پۇقرالار ئاچ كۆز ئامبال، بەگلەرنى بېقىپ سەمرىتىش بەدىلىگە ئۆلۈپ قالماي كۈن كۆرەلىگىنىگە خۇش بولۇپ، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي

ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولماي ھۆكۈمەت بەرگەن مائاش بىلەن خەلقتىن يىغقان باج ـ سېلىقنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قانچە ئون جايدا ئايۋان سارايى (داچا)، باغ ـ ۋارانلىرى بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۇقىرىغا پارا بېرىپ تۇرىدۇ. ئەملىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئەمەل تۇتقان كۈندىن باشلاپ بىرىمل بولا بولماي ئەمەلگە خەجلىگەن پۇلنى ھەسسىلەپ تېپىۋالىدۇ. ئادەتتە 5 ـ دەرىجىلىك بەگلەر بەگ بولغان ھامان قىلىدىغان ئىشى يەر ئىگىلەپ ئايۋان سارايى سېلىش بولىدۇ. بەگ باللىرى ئۆمۈر بويى باياشات، راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدۇ. ئەگەر ئالتە شەھەرلىكلەر ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىگە ئۆزلىرى ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئۇلار شەرقتىكى ئەڭ باي مىللەتكە ئايلانغان بولاتتى. بۇلار ئۆتكەن زامانلاردا ھەقىقەتەن بىر باي مىللەت ئىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز ئېغىر ئالۋان ـ سېلىقلار، مەھكۇم تۇرمۇش، بەگلەرنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى بۇ بىچارە مىللەتنى نامراتلاشتۇرۇپ سويغان پىيازدەك قىلىۋەتكەن. ئالتە شەھەردە بىراۋنىڭ ئامىتى كېلىپ مال ـ دۇنياسى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن زۇلمىمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تاپقان دۇنياسىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي يۇرتىنى تاشلاپ، بېشىنى قېقىپ باشقا يۇرتقا كېتىدۇ. قالغانلىرىمۇ بار تەئەللۇقاتىنى تىقىۋېتىپ غورىگىل قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئالتە شەھەردە بەگلەر ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن سېلىقلارنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ يىغىۋالىدۇ، يەنە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى ئايرىم يىغىپ يەرلىك ئامبال ـ بېگىملەرگە سوۋغا ـ سالام تەييارلايدۇ. ئاخۇنلار، مازارغا قارايدىغان شەيخلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بار بولغاچقا، ئۇلارمۇ بايلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئالتە شەھەرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان پادشاھ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاستىن ئاتۇشتىكى مازىرىغا قارايدىغان شەيخ ئاشۇنداق بايلارنىڭ بىرى

ئىكەن. ئېگىلىشىمىزچە، ئۇنىڭ جاي - جايلاردا قورۇ - جايلىرى، تېرىلغۇ يەر، باغ - ئۇتاقلىرى، زاپاس ئاشلىقلىرى، قولىدا يېرىم مىليونغا يېقىن يامبۇسى بار ئىكەن. 1857 - يىلى ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلىۋالدى. شۇ ئىشتىن كېيىن بىرقىسىم شەيخلەر مال - دۇنياسىنى يوشۇرۇپ نامرات قىياپەتكە كىرىۋېلىشتى.

بۇ يۇرتتىن ئىلىم - مەرىپەت ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئاسىيادا دىنىي مائارىپتىن باشقا مائارىپ يوق، مەدرىسەلەر ئامىمغا ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، خەلق يەنىلا ساۋاتسىز ياشىماقتا. ھەتتا بەگلەرمۇ خەت تونۇمايدۇ. ئالتە شەھەرگە قوشنا قوقەنت بىلەن بۇخارالاردا ئەھۋال باشقىچە. قوقەنت، بۇخارالاردا ئۆلىمالار بىلەن سودىگەرلەر ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىدۇ. ئالتە شەھەردە بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇزىنى



قەشقەر يېڭىساردىكى ئايال نەغمىچىلەر (1902 - يىلى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

بىلىملىك كۆرسىتىپ، گەپنى ھەدىسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەرخىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول، بىلىملىك ئادەم سانىلىدۇ. مۇنداق بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئارىلاپ قۇلاق موللىسى بولسىلا كۇپايە. بىراق، دەۋرىشلەرنىڭ ئۆزىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناخشا - قوشاققا قېتىپ ئېيتىپ يۈرمەكتە. بۇخارا، قوقەنت خانلىقلىرىدىكى ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ قېشىدا كاتىپنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

كىچىك بۇخارادا بەگزادىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىنى بىلىشى شەرت، ئۇلارغا خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى بىلىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ مۇرەككەپ تىللارنى ئۆگىنىش ئاسان بولمىغاچقا، بەگلەر جان ساقلاشنىڭ كويىدا ئۇلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدۇ. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئامبال - بېگىملەر ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ، پۈكلىنىپ تەزىم قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇ بەگلەر كەسپىي ئەسكەرلىكتىن يېتىشىپ چىققان زالىم، قانخور، بۇزۇق ئامبال - بېگىملەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ. بۇ «مەكتەپ»تىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئادەممۇ، ھايۋانمۇ ئەمەس بىرخىل مەخلۇق دەپ قارايدىغان مەنتىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقنىڭ خەت - ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى قوقەنت ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكىدەك بۇ يەردىمۇ ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىدە تۇرماقتا. بىر قىسىم باللار بىلەن قىزلار مەدرىسەگە بارغىنى بىلەن دىنىي قائىدىلەرنى ئوقۇيالا بولدى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بارى - يوق دەسمايىسى شۇ بولۇپ قالىدۇ. پەقەت دىنىي ئەمەلگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىغان باللارلا مەدرىسەلەرگە بېرىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ ئۆلىمالىرى قوقەنت ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە، ئۆز

يۇرتىنىڭ تارىخىغا ناھايىتى پىششىق.
بۇ ئۆلىمالار دۇنيا قاراش جەھەتتە بۇخارا موللاملىرىغا قارىغاندا خېلىلا ئىلغار. دىن ساۋاتى ئالىدىغانلار ئاساسەن شەھەرلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. يېزىلاردا ناگان ـ ناگاندا بىر ئۇچراپ قالمىسا، ئادەتتە دېھقانلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساۋاتسىز قالىدۇ.
ئالتە شەھەردە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خېلى مۇكەممەل يازما تەرجىمە ئەدەبىياتى بار. ئاۋام خەلقىنىڭ پارس تىلىنى بىلمەسلىكى كىچىك بۇخارالىقلارنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى دىنىي روھتا يېزىلغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئالتە شەھەرلىكلەر تەرجىمە ئەدەبىياتىغا باي بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈك مىللىي ئەسەرلىرى يوق. ئۆز سىللىتىدىن چىققان بىرەر شائىر ياكى ئەدىپلىرىمۇ يوق. ئۇلاردا پەقەت بىر قىسىم دىنىي تۈسكە ئىگە ئەسەرلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ تەزكىرىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى ئىشەنچلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆز شائىرلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ئادەتتە ئەلشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدۇ. شېئىرىيەت ساھەسىدە تۆت مىسرالىق خەلق قوشاقلىرى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ قوشاقلاردا سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ئىشق ـ مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ يۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.
مۇزىكا ساھەسىدە ئالتە شەھەرلىكلەر پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا پىر ئۇستاز بولالايدۇ. ئۇلاردا ئىككى تارلىق دۇتار، 18 سىم تارلىق ساتار، ئىنچىكە تارلىق غىجەك، زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان راۋاب، قالۇن ۋە داپ قاتارلىق بىر يۈرۈش چالغۇلار بار. ئالتە شەھەردە يەنە خەنزۇلارنىڭ سوناي، دۇمباق، چاڭ دېگەندەك چالغۇلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. ئامباللار چوشلۇك تاماققا ئولتۇرغاندا سېپىلنىڭ ئېگىز راۋاقلىرىدا دۇمباق، ناغرا ـ سوناي

ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئالتە شەھەردە نەغمە - ناۋاسىز توي ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ناخشىچى - سازەندىلەر قوللىرىدىكى داپلىرىنى تاراڭلىتىپ، نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشتىن باشلىسا، بىردەمدىن كېيىن ئىشق - مۇھەببەت غەزەللىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە - يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خانىدانلىقىنىڭ ئامبال - بەگلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھۇرۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولسا ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ.

بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. لېكىن، بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئوچۇق - يورۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە - يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما، ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە - يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئالتە شەھەردە قاتىللىق قىلىدىغان ئىشلارنى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئوغرىلارمۇ جىق ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنى ھۇرۇن دېسەك، تېخىمۇ خاتالاشقان بولىمىز. ئۇلارنى قورقۇنچاق دېگەندىن كۆرە كەڭ قورساق دېگىنىمىز تۈزۈك. ئۇلار قوقەنتلىكلەر ئۆزىنى - كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن نوچىلىق قىلمايدۇ. كۈچىنى چىقىرىدىغان يەردە چىقىرىدۇ. ئافغانلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، خوجىلار غەليان

كۆتۈرگەندە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلار يەنىلا ئالتە شەھەرلىكلەر ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئادەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن قوسۇر تېپىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلار ئالتە شەھەرلىكلەرنى دىنى سۇس، ئاسىي بەندىلەر دەپ كەمسىتىشىدۇ. بورنىس ئەبەندى بۇخارادا دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «بۇخارادا دىنىي قائىدىلەر خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى باشقۇرۇۋاتقاندەك بۇرۇنقى پېتى بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. ھازىرمۇ بۇخارادا قەدىمكى رىمدىكىگە ئوخشاش قامچا تۇتقان ساقچىلار كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئۇلار يولدىكى خالىغان بىر مۇسۇلماندىن شەرىئەت بىلىملىرىدىن سوئال سورايدۇ. جاۋاب بېرەلمىگەنلەرنى قاتتىق جازاغا تارتىدۇ. ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ساقچىلار يولدا ئادەم قويماي ھەممىنى مەسچىتلەرگە قوغلايدۇ. ساقچىلار يەنە چارلاش ئېلىپ بېرىپ، مەي - شاراب ئىچكەن، نەشە چەككەنلەرنى تۇتۇپ سولايدۇ.

قەشقەردە بولسا كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى مەجبۇرىي ئەمەس، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. ساقچىلارنىڭ مەي ئىچكەن، نەشە چەككەنلەر بىلەن كارى يوق. ئۇلار پەقەت جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ھاراقكەشلەرنىلا تۇتۇپ سولاپ قويىدۇ.

ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ياركەنت ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765 - يىلى ياركەنتتە تۇزۇملەرنى چىڭىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپتۇرغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكىمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ.

چۈنكى، ئاياللار خالىغان چاغدا ئەرلەرنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئايالى ئاجراشماقچى بولسا، ئۆيدىن بىر نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ. ئەگەر ئۆزى ئاجراشماقچى بولسا، ئايالىنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تۆلەم بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالتە شەھەردە مۇسۇلماندارچىلىقتا يات كەڭ يېيىلغان يەنە بىر ئاجايىپ ئادەت بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقا يۇرتتىن كېلىپ توختاپ قالغانلارنى ۋاقىتلىق ئۆيلەپ قويىدىغان ئادەتتۇر. ۋاقىتلىق نىكاھقا قەتئىي يول قويمايدىغان ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتىدىغان سۈننىيلەر تۇرۇقلۇق، قەشقەرلىكلەرنىڭ بۇخىل ئادەتكە يول قويۇشى بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. ئېھتىمال بۇ بۇتپەرەسلىك زامانىدىن قالغان ئادەت بولۇشى مۇمكىن.

ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئادىتى مۇھاجىرلار كۆپرەك جايلاشقان ئالتە شەھەر تەۋەسىدىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، كۇچانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسەك بۇنداق ئادەت يوق. چۈنكى، ئۇ ياقلارغا باشقا يۇرتلۇقلار ئانچە بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ناھايىتى ئاسان: ئەر بولغۇچى خوتۇنغا تويلۇق ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەن تەرەپلەردە بىزنىڭ كۈمۈش پۇل ھېسابىمىزدا بىر يېرىم سەر كۈمۈش خەجلىسىلا خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ. ياركەنتتە ئېنىقى مەخسۇس خوتۇن بازىرى بولۇپ، ئەرگە تېگىدىغان خوتۇنلارنى بازاردىنلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاقسۇ، تۇرپانلاردا توي قىلماق تەسرەك. ئالتە شەھەردە ئاياللارغا نىكاھ ئەركىنلىكى بېرىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، كىشىلەر ئائىلىنى قەدىرلىمەيدىغان، نىكاھنى ئويۇن - تاماشا قاتارىدا كۆرىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىدا ئاياللارنى ئاممىۋى سورۇنلاردىن يىراق قىلىشنى، ھاراق ئىچمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، كېيىنكى ئۈممەتلىرىنى ھەرخىل گۇناھلاردىن نېرى قىلماقچى بولغانىدى. ئەمما، كېيىن كىشىلەر

پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن چەتنەپ كەتكەچكە، جەمئىيەتتە يەنىلا مۇرتەدلىك ۋە زىناخورلۇق يامراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھازىر ھاراقنىڭ ئورنىنى نەشە ئىگىلىدى. ئالتە شەھەردە نەشە چېكىدىغانلار بەڭگى دېيىلىدۇ. بەڭگىلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق بىر تەبىقە. بەڭگىلەر نەشە چەككەنسېرى ئاجىزلىشىپ، تەرسالىشىپ كېتىدۇ. نامرات بەڭگىلەر ئاشىق قەلەندەر بولۇۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدۇ. قەشقەردە بەڭگى، جاھانكەزدى، دەرۋىش، قىمارۋاز دېگەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئاددىي پۇقرالاردىمۇ نەشە چەكمەيدىغانلىرى ئازراق. بەگلەر خەنزۇلارنى دوراپ سورۇن تۈزۈپ چىلىم تارتىدۇ ياكى ھاراق ئىچىدۇ. قەشقەردە ھاراق ۋە بوزا ئىچىشنى ھۆكۈمەت چەكلىمەيدۇ.

ئالتە شەھەردە خەنزۇلارنىڭ مەيخانىلىرىنىڭ سودىسى جانلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا مەي قايناتتىدىغان كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلىرى بار. بەزىدە مەيخانىلارغا كەلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇستەللەر يېتىشمەي قالىدۇ. ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامىدىن بوزۇقتۇم بولغان قەشقەردىكى چەت ئەللىكلەر قەشقەرگە كەلسە، يەرلىك ئادەتنىڭ كەڭ ـ كۆشادىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھاراكەشلىك ۋە پاھىشىۋازلىققا قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. كىچىك بۇخارادا قىمار بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ كەتكەن بولۇپ، بۇ كېسەلدىن، ھەتتا ئاياللارمۇ خالىي ئەمەس. نەشىكەش، ئەپيۇنكەش ۋە قىمارۋازلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ ناچار، باشباشتاق بىر تەبىقە بولۇپ، ھەرقانداق يېغىلىق ۋە ئۇرۇشتا ئاشۇنداق قۇلاق كەستىلەر ئەڭ ئالدىن ئاتلىنىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقەنتتە ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلىشى ئۇنچىۋالا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۆيلىرىگە بېكىنىپ، كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇرغاچقا، ھەرەمخانىلارنىڭ تېرىسىغا ئۆتمەيدىغان خۇپىيانە ھەرىكەتلەرگىلا قانائەت قىلىپ قالىدۇ. بۇ

ئەللەردە زىناخورلۇق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى قانۇنىق جازاغا ئۇچراش خەۋپى ئۇلارنى زىناخورلۇقتىن چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇخارا بىلەن قوقەنتتە زىنا قىلغانلار چالما - كېسەك قىلىنىدۇ. ئالتە شەھەردە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا پاھىشىخانىلار بار، ئايالللار شۇ يەرلەردە پاھىشىلىككە سېلىنىدۇ. قەشقەردە پاھىشە ئايالللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدە ھەرخىل سەۋەبلەر بولىشى مۇمكىن، لېكىن نامراتلىق ۋە موھتاجلىقنى ئەڭ مۇھىم سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ.



قەشقەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغان نىسكارلار (1902- ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان)

ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ياخشى خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق ۋە مېھماندوستلۇقى. ئۇلار دائىم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر ھاراقسىز، نەغمە - ناۋاسىز ۋە

ئاياللارسىز ئۆتمەيدۇ. ئادەتتە مېھمان كۈنكۈچى ساھىبخان ئۆيدىكى ئايال خوجايىن بولىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر قالتىس ھەشەمەت بىلەن، چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن سىپايىگەرچىلىك ۋە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئۆتىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆز قائىدە - يوسۇنلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قانتىق ھوزۇرلانسا كېرەك. قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كىچىك پېئىللىقىنى مېھمانلارنىڭ بىر - بىرىگە چىلىم، شاراب ياكى باشقا نەرسىلەرنى سۇنغان چاغدىكى ھاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋېتىشىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ. ئالتە شەھەرلىكلەر رەھمەت دېگەننىڭ ئورنىغا ھەشقاللا دەيدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار مۇنداق قائىدە - يوسۇنلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. قوقەنتلىكلەر ئادەتتە قارشى تەرەپكە رەھمەت ئېيتمايدۇ. پەقەت دېمىسە بولمايدىغان ئەھۋالدىلا ئىلاجىسىز «مەرتىۋىڭىز زىيادە بولسۇن»، «خۇدا ساقلىسۇن» دېگەندەك ناققا - تۇققا گەپلەرنى تەكرارلايدۇ.

قەشقەردە مەشرەپ بولسا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، ھەتتا ھاكىمبەگمۇ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. قەشقەردە «ئاچا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ئۇسسۇلچى خېنىملار بار. ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۇسسۇلى لېزگىنكا (كاۋكازىيىدىكى لېزگىنلارنىڭ ئۇسسۇلى) غا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەمدى بىز ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ئالتە شەھەردە بەگزادىلەر مانجۇچە جابدۇپ، پەيتۇنلاردا ياكى تەختىراۋانلاردا ماڭىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك بەگلەر بىلەن شەھەرلىكلەر رەڭگى ۋە تىكىلىشى مانجۇ (خەنزۇ)لارنىڭ تونىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. ئاياللار قېنىق رەڭلىك يىپەك ۋە چىت رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەرنى، ئۈستۈن تەرىپىگە تىك ياقىلىق چاپانلارنى كىيىپ، بېشىغا

ئۇزۇن رومالLarنى ئارتىۋالىدۇ. ئاياللار ئۆيدىن سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئۈستۈبېشىغا ئۇزۇن پەرىجە ئارتىۋالىدۇ. يۈز - كۆزلەرنى يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چۈمبەل يېزا كىيىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئالتە شەھەر ئاياللىرىنىڭ چۈمبەلنى قائىدە - يوسۇن دەپ سالمىسا، ئادەتتە يۈزىنى ياپمايدۇ. قوقەنتلىكلەر بىلەن بۇخارالىقلار ئاياللىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى چۈمكەپ يوشۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يازدا، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى بېشىغا يېرىم تاۋۇزغا ئوخشاپ قالىدىغان دوپپا كىيىۋالىدۇ. قىشتا كۆرپە تۇماق ياكى تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماقلارنى كىيىۋالىدۇ. دۆلەتمەن ئائىلىلەردىكى ئاياللار قىشتا ئۇزۇنچاق كەلگەن كۆرپە تەلپەكلەرنى كىيىدۇ. ئەرلەر پۇتىغا ئورۇس ئۆتۈكى ياكى تاتار مەسسىنى كىيىدۇ، ئاياللار قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيىدۇ. ئالتە شەھەرنىڭ تاماق تۈرلىرىگىمۇ خەنزۇ تائاملىرىنىڭ تەسىرى سىڭگەن. ئۇلار چۈشتە كۆكتاي شورپىلىرى، لەڭمەن، سامسا، مانتا ھەم ھەر خىل قورۇمىلارنى يەيدۇ. ئۇلار يەنە بىر قىسىم تاماقلارنى ئېتىشنى خەنزۇلاردىن ئۆگەنگەن. خەنزۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ بۇ يەرگە مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. يەنە ئۇلارنىڭ تىلىدا ئاز بولمىغان خەنزۇچە سۆزلەر بار. بۇ سۆزلەر ئادەتتە سەنئەت، كۆركەم ئۆي جابدۇقلىرى، قائىدە - مۇراسىم كىيىملىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ. خەنزۇچە سۆزلەر ئاۋام خەلققە كۆپرەك سىڭگەن. بۇ مىللەتنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە قارا - قويۇق ئىشەنمەي، بەلكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدىغانلىقى ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلار مانجۇ ھاكىمىيىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆچمەنلىك ئۇلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەمدى بىز ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلىتى ۋە ئالتە شەھەردىكى «ئاق تاغلىق»، «قارا

تاغلىق»تىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خوجىلارغا چوقۇنۇش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇنداق ئېتىقاد ھادىسىسى ئالتە شەھەردىن باشقا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تېپىلمىسا كېرەك.

## ئالتە شەھەرنىڭ مەمۇرىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى

ئالتە شەھەر چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە قارايدۇ. جياڭجۈن - بۇ ئۆلكىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇلكىي ھۆكۈمرانى ھەم ئۆلكىدىكى بارلىق ھەربىي قىسىملارنىڭ باش قوماندانى. جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ئۈچ مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى، يەنى جياڭجۈننىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى، ئۆلكىنىڭ شىمالىدىكى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋە ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدىكى ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى قارايدۇ. مانجۇ قوشۇنلىرى خوجىلارنى ئالتە شەھەردىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەرتىپىنى ساقلاپ قالدى. ئالدى بىلەن ئۇلار چېگرىنى قوغداپ، يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ھەرقايسى شەھەرلەرگە، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جايلارغا، چېگرا بويلىرىغا ھەربىي قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. ھاكىمبەگلەر ھەربىي قىسىم قوماندانلىرىغا بويسۇنىدۇ. مەسلىھەتچى ئامبال ھەربىي قىسىم بىلەن ھاكىمبەگلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ. پۈتكۈل ئالتە شەھەرگە مەسئۇل مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ ئورنى دەسلەپتە ياركەنتتە ئىدى، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. 1865 - يىلى ئۈچتۇرپانغا يۆتكەلدى، كېيىن يەنە ياركەنتتە تۇرىدىغان بولدى.

مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ئالتە شەھەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىۋالمايتتى. پەقەت ھاكىمبەگلەرنىلا مانجۇ خان ئوردىسى ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى.

ھاكىمبەگلەر، بولۇپمۇ چېگرىغا يېقىن شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئاساسەن ئەڭ ئاۋۋال مانجۇ خانغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن قومۇل، تۇرپان ۋاڭ جەمەتلىرىدىن تاللىنىپ تەيىنلىنەتتى. ھاكىمبەگنىڭ يېنىدىكى ئىشكىئاغا بەگلەر ۋە شۇ دەرىجىلىك مەنسەپتىكى بەگلەرمۇ مانجۇ خان تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. ئادەتتىكى بەگلەرنى جىياڭجۈن ياكى مەسلىھەتچى ئامباللار تەيىنلەيتتى. يەرلىك بەگلەرگە ئەمەل بېرىش – ئامبال - دارىنلارنىڭ بايلىق توپلاشتىكى بىردىنبىر يۇرستى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا مەلۇم بىر يۇرتنىڭ ھاكىمبېگى پۈتكۈل ئالتە شەھەرلىكلەر نامىدىن بېيجىڭ خان ئوردىسىغا سوۋغا - سالام ئاپىرىدۇ. قايسى ھاكىمبەگنىڭ بېرىشىنى ئىلى جىياڭجۈنى بەلگىلەيدۇ. ھاكىمبەگلەر ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئامبالغا سوۋغا - سالام ئاپىرىپ ھال سورايدۇ.

باھار بايرىمىدا ھاكىمبەگلەر يەنە ئىلى جىياڭجۈنىنىڭ بايرىمىنى مۇبارەكلەپ سوۋغا - سالام ئاپىرىشىدۇ. يەنە چىڭ ئوردىسىغىمۇ سوۋغا - سالام يەتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىزگە ئىنتايىن نومۇس قىلغان ھالدا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەر يىلى باھار بايرىمىدا ئامباللار ھاكىمبەگلەرنى ۋە باشقا كىچىك بەگلەرنى يىغىپ، پادىشاھنىڭ سۈرىتىگە قارىتىپ تەزىم قىلدۇرىدىكەن.

ئالتە شەھەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ھاكىمىيەت ئىشلىرى جەھەتتە، بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەن ئايرىم گەۋدە. ھەربىر شەھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىمبېگى، ئىشكىئاغىسى ۋە خەزىنىچى بېگى بار. باشقۇرۇشقا ۋە باج - سېلىق يىغىشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى شەھەرلەرگە قاراشلىق يۈزلۈك ۋە مىڭلىقلار تەشكىل قىلىنغان. يۈزلۈكلەرنىڭ باشلىقى يۈزبېگى، مىڭلىقلارنىڭ باشلىقى مىڭبېگى دېيىلىدۇ. مىڭبېگىلەر مىرابېگلەرگە قاراشلىق بولىدۇ. مىرابېگلەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، ئۇلار يىل بويى جېدەل - ماجىرالارغا سەۋەب بولىدىغان

سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەردۇر.

مانجۇ ھۆكۈمىتى شەھەرلەردە ئامانلىقنى قوغدايدىغان ساقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، يەرلىك پاششاپبەگلەردىن تەشكىل تاپقان داگزا دېيىلىدىغان ئامانلىق قوغداش مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىققان.

ئالتە شەھەردە خانلىق تەرىپىدىن قۇببەمونچاق ئىنئام ئېلىپ بەگ دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەزىپىسى يوق بەگلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ياكى ئارىلىشالماسلىقى ئۇلارنىڭ ئامبال ۋە ھاكىمبەگلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار تېخى ئۆز ئالدىغا يانچى ئىگىلىيەلەيدۇ. ئامبالنىڭ تۆگچىلىرى، دورغا بەگلەر، مىراخوربەگلەر (ئامبال، ھاكىمبەگلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى باشقۇرىدىغانلار)، كىچىك بەگلەرنىڭ غوجىدارلىرى ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك بەگلەر ئاشۇ خىلدىكى بەگلەرگە كىرىدۇ. ئامبال - ھاكىمبەگلەرنىڭ چاكارلىرىمۇ خېلى ھوقۇقى بار كىشىلەر ھېسابلىنىپ، ئۇلار دارازا دېيىلىدۇ.

ئالتە شەھەردە ئەدلىيە ھوقۇقى يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي ئۆلىمالارغا بېرىلگەن. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەم دىنىي رەھبەر، ھەم باش سوتچى. ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قول ئاستىدا قازىلار بىلەن مۇپتىلار بولىدۇ. يەنە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، خاتىپ، مەزىن، مۆتىۋەرلىرى (ئۆشرە - زاكات يىغىشقا مەسئۇل) ۋە كىچىك خانىقالارنىڭ ئىماملىرىمۇ مەخسۇس دىنىي ۋەزىپىدىكى ئۆلىمالار ھېسابلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىن سىرت، ياشلارغا ئىسلام تەربىيىسى بېرىش ۋەزىپىسىمۇ بار. مەدرىسەلەردە دەرس بېرىدىغان ئۆلىمالار مۇدەررىس دېيىلىدۇ. چوڭراق يېزىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەلەم، قازى، مىراب، مىڭبېگى ۋە يۈزبېگى دېگەندەك مۇلكىي ۋە دىنىي ئەمەلدارلىرى بار. كىچىك يېزىلارنى مىرابىەگ بىلەن مىڭبېگى باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. يېزا بەگلىرى شەھەردىكى

ھاكىمبەگكە بويسۇنىدۇ. قەشقەردە ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن مائاش ئالىدىغان بەگلەر 61، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر 55، ياركەنتتە بەگلەر 36، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر 95. بەگلەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك تەرتىپى ئىلگىرىكى خانلار دەۋرىدىمۇ، خوجىلار دەۋرىدىمۇ ھەم ھازىرقى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىدى. مانجۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى ھاكىمبەگلەرنى خەلق سايلاپ چىقاتتى ھەم خالىغان چاغدا يەنە خەلق ئېلىپ تاشلىيالايتتى. ھەتتا ھاكىمبەگلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكىمۇ بولاتتى. ئەمما، ئۇ چاغدىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ۋە ئەسىر كۈچىمۇ بار ئىدى. ئۇلار دۆلەتمەن ھەم خەلق ئىچىدە ئابرۇيلۇق بولۇپ، ياسىداق ئارغىماقلارغا مىنىپ، توغ - ئەلەملەر لەپىلدىتىپ ماڭىدىغان بولسا، ناغرا - سۇناي سادالىرى ئىچىدە ئاۋام خەلق كەينىدىن بىللە ماڭاتتى. خەلق ھاكىمبەگلەرنى ھۆرمەتلەپ ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىرىشاتتى. ھازىرقى ھاكىمبەگلەرنىڭ بىر يەرلىرى ئامبال - دارىنلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇلار ئامبال - دارىنلارنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ. ئۇلار دەبدەبە بىلەن يولدىن ئۆتسە، لەشكەرلەر يولدىكى ھەممە ئادەمنى قوغلاپ يېقىن يولاتمايدۇ. ھازىر ئىلگىرىكىگە ئوخشايدىغىنى پەقەت نەغمە - ناۋا. ئالتە شەھەر بەگلىرىنىڭ قەسىرلىرىنىڭ يېنىدا مەخسۇس ياسالغان مۇنارلار بولۇپ، بەگلەر چۈشلۈك تاماقتا ئولتۇرغاندا ئاشۇ مۇنارلاردىن ناغرا - سۇنايلار ياڭراپ ئىشتەي نەغمىسى قىلىپ بېرىدۇ.

ئالتە شەھەردىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ خەزىنىگە تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقلىرى تەكشى ئەمەس. ھۆكۈمەت رەسمىي نوپۇسقا ئالغان دېھقانلار چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى، باشقا دېھقانلار ھوسۇلنىڭ 1/10 نى غەللە - باراق ھېسابىدا تاپشۇرىدۇ. تىجارەتچى ۋە ھۈنەرۋەنلەر باج - سېلىق ھېسابىدا پۇل تۆلەيدۇ. يىغىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ بىر قىسمى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە دېھقانلار ئاشلىق ئورنىغا

پاختا، رەخت دېگەندەك نەرسىلەرنى بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئالتە شەھەرنىڭ مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قانچىلىك باج تاپشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئالتە شەھەردە بىر مەزگىل تۇرغان بىر خەنزۇ ساياھەتچى «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بىر كىتاب يازغان بولۇپ، كىتابقا تۆتۈن سېلىق ۋازارىتىنىڭ بىر سانلىق مەلۇماتى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ مەلۇماتتا، ئالتە شەھەرنىڭ تۆلەيدىغان باج - سېلىقى خاتىرىلەنگەنىكەن. بۇ ساياھەتچى ئالتە شەھەردە تۇرغان كىشى بولغاچقا، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولاتتى. بىراق، ئىياكىنىف ئەپەندى بۇ كىتابنى «جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام بىلەن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان. تەرجىمە نۇسخىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلار كىتابتىكى سانلار بىلەن ئۇدۇللاشمىغان. بىز قەشقەرىيىدە يەرلىك ئاھالىلەردىن سوراپ توپلىغان سانلىق مەلۇماتلار ئەسلىي كىتابتىكىگە ئاساسەن يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا، بىز يەرلىك ئالتە شەھەرلىكلەردىن ئىگىلىگەن سانلارنى ئاساس قىلدۇق. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: ياركەنتتىن يىلىغا 61 مىڭ ئاي (توپ) گەزلىمە، 31 مىڭ تاغار بۇغداي، 30 مىڭ تەڭگە پۇل (ئېيىغا 2 مىڭ 500 تەڭگە) يىغىلىدىكەن. ھېلىقى كىتابتا، ئالتە شەھەردىن يەنە 35 مىڭ 370 سەر كۈمۈش دېھقان بېجى، 1 مىڭ 649 سەر كۈمۈش تاپاۋەت بېجى، 30 سەر ئالتۇن، 800 گىن (ئېغىرلىق بىرلىكى بولسا كېرەك - ت)، ياغ 1 مىڭ 500 گىن، پاختا 3 مىڭ گىن، مىس 1 مىڭ 432 تاغار، 1 مىڭ 297 باغلام ئارغامچا يىغىلىدۇ دېيىلگەن. قەشقەردىنلا 3 مىڭ 600 سەر كۈمۈش، 1 مىڭ 400 تاغار ئاشلىق يىغىلاتتى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئىشلار بولۇپ ھازىر ھۆكۈمەت بۇنداق كۆپ ئالۋان - سېلىقلارنى يىغالمايدۇ. ھازىر مۇھاجىرلار بىلەن قىرغىزلار باجنى قوقەنت ئاقساقىلىغا تاپشۇرىدۇ. چاي سودىگەرلىرىمۇ باجنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، ياكى

ئۈرۈمچىدە تۆلەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئالتە شەھەرلىكلەر چەتتىن يىپەك رەخت ۋە بۆز رەخت ئەكىرسە 10%، باشقا تاۋارلاردىن 5% باج ئېلىنىدۇ. چارۋا مال، ئولتۇراق ئۆي، مال ـ مۈلۈك سودىسىدىن 100 سەر كۈمۈشكە 3 سەر كۈمۈش باج ئېلىنىدۇ.

ئالتە شەھەردە باج ـ سېلىق مىڭلىق، يۈزلۈك تەۋەسىدىكى ئائىلىلەرنى دەرىجىلەرگە بۆلۈپ دەرىجە پەرقى بويىچە يىغىلىدۇ.

بۇنداق باج ـ سېلىق ئېلىش ئۇسۇلى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مانجۇلار ئالتە شەھەردە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندە يولغا قويۇلغان. ھازىر ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنلىكتىن باج ـ سېلىق يىغىش ئۇسۇلىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. ھازىر بۇرۇنقىدەك يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان سېلىقنى ئايدا بىر قېتىم ئېلىشقا ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭدا ھاللىق دېھقان ئائىلىلەردىن ئادەم بېشىغا 6 تەڭگىدىن 12 تەڭگىگىچە، نامرات ئائىلىلەردىن 1 تەڭگىدىن 3 تەڭگىگىچە ئېلىنىدۇ. 6 تەڭگىدىن ئۆتەلەيدىغان ئائىلىلەر يىلىغا 2 خو (3 پۇت)، 10 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 4 خو، 12 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 15 خو ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. نامرات ئائىلىلەردىن ئېيىغا 1 تەڭگە تۆلەيدىغانلار يىلىغا 10 خو، 2 تەڭگە تۆلەيدىغانلار 20 خو ئاشلىق تاپشۇرىدۇ. يۇقىرىقى سېلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، يەرلىك بەگلەر يەنە ئۆز ئالدىغا ھەسسىلەپ سېلىق چاپاتتى.

شەھەرلەردىكى ئوقەتچى، ھۈنەرۋەنلەرمۇ سېلىقتىن خالىي بولالمايتتى. شەھەرلەردە ئېيىغا 6 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 3 تەڭگىدىن 4 تەڭگىگىچە، 1 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 12 تەڭگە، 2 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 20 تەڭگە، 3 تەڭگە جان بېجى تۆلەيدىغانلار 30 تەڭگە ئاپاۋەت بېجى تاپشۇراتتى.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ ۋە سالمىقى ئېغىر ئىدى ھەم ھەرخىل كىرىملىك ئائىلىلەرگە چېچىلىشىدىمۇ تەقسىمات ئۇسۇلى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ

سېلىقلارغا يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ رەڭگارەڭ ئالۋان - ياساقلىرى قوشۇلۇپ خەلقنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى.

باج - سېلىقتىن كىرگەن كىرىمنى يەرلىك ئامباللار ھەربىي خىراجەتكە سەرپ قىلىشمۇ يەنىلا يەتكۈزەلمەيتتى. چىڭ ئوردىسى ئىلى جياڭجۈنگە ھەريىلى 2 مىليون سەر كۈمۈش (4 مىڭ 544 پۇت 74 قاداق) ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ پۇلنىڭ يېرىم مىليون سەرى ئالتە شەھەرنىڭ ھەربىي خىراجىتىگە كېتەتتى. كېيىنكى يىللاردا ئىچكى جۇڭگودا ئۇرۇش پارتلاپ يۇقىرىدىن كېلىدىغان تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئالتە شەھەر ئامباللىرى ئوردىغا ئەۋەتىلىدىغان سېلىق كىرىمىنىڭ بىر قىسمىنى ئەۋەتمەي يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالتە شەھەردە 15 مىڭدەك ھۆكۈمەت ئەسكىرى بار. يەرلىك پۇقرالارنىڭ ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتى يوق. ئۇلار دېھقانچىلىق قىلىدۇ. بۇيرۇتلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يۇرت مانجۇلار قولىغا ئۆتكەن دەسلەپكى چاغلاردا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆز ئارمىيىسى بولىدىغان، كېيىن مانجۇلار يەرلىك ئارمىيىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى تارقىتىۋەتكەن.

باشقا جايلاردىكى مانجۇ قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ئالتە شەھەردىكى قوشۇنلارمۇ ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان. ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلەردىلا مىلتىق بولۇپ، كۆپ سانلىقلىرى يەنىلا نەيزە، ئوقيا دېگەنلەرنى ئىشلىتىدۇ. سېپىل مۇداپىئەسىدە زەمبىرەك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۈچ ئادەم بىرلىشىپ ئاتىدىغان ئېغىر تىپتىكى مىلتىقلارنى ئىشلىتىدۇ. ئەسكەرلىرى تولىمۇ بوشاڭ، ئەپيۇنكەش ھەم كېسەلمەن. بىرەر قوزغىلاڭ پارتلاپ قالغۇدەك بولسا، ئەسكەرلەر سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ ئىلى تەرەپنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچ ئىلاج قىلالمايدۇ.

ئالتە شەھەردىكى ئامبال - دارىنلارنىڭ روھى چۈشكۈن بولۇپ، دائىم بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك ھالەتتە تۇرىدۇ، ھەتتا قىرغىزلار ھۆكۈمەتنىڭ كارۋانلىرىنى بۇلاپ كەتسىمۇ ئامال قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار پەقەت ئالتە شەھەردىلا ئەمەس، شىمال تەرەپتىمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، چۆچەكتە بۇلاڭچىلار شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىلا سودا كارۋانلىرىنى بۇلاشقا باشلاپتىكەن، سودىگەرلەر ئامباللاردىن ياردەم سوراپتۇ، ئامباللار سودىگەرلەرگە «ئەڭ ياخشىسى بۇلاڭچىلارنىڭ چىشىغا تەگمەڭلار» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. دېمەك، بۇ يۇرتلاردا خانلىق قوشۇنلىرى تاشقى دۈشمەن بىلەن ئىچكى مالىمانچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئىچكىرىدىكى قوشۇنلار بىلەن ئىلى جياڭجۈنى قوشۇنلىرى ياردەم بېرىپ بولالمايدۇ. ئەينى چاغدا جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا خانلىق ئارمىيە بىلەن ئىلى جياڭجۈنى قىسىملىرى ياردەمگە كەلگەنىدى. ئەمما، كېيىنكى بىر قانچە قېتىملىق قوزغىلاڭلاردا ئىچكىرىدىن قوشۇن چىقمىدى. ئىلى جياڭجۈنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ ئەسكەر ئەۋەتمىدى. پەقەت 1847 - يىلىدىكى قوزغىلاڭدا قالماقلار بىلەن تارانچىلاردىن چېرىك تۈتۈپ ئەۋەتتى. ئۇرۇش تەييارلىقى يۈزىسىدىن مانجۇ ھۆكۈمىتى لەنجۇدا زاپاس ئارمىيە ساقلىدى ھەم قومۇل، ئۈرۈمچىلەردە ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى سالدى.

ئالتە شەھەر بىلەن مانجۇ خان ئوردىسى زۆرۈرىيەت بولسا ئايدا بىر قېتىم، بولمىسا 4 — 5 ئايدا بىر قېتىم ئالاقىلىشالايدۇ. قوزغىلاڭلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن يولغا چىققان خان قوشۇنلىرىمۇ ئالتە شەھەرگە ئالتە ئايدا ئاران يېتىپ كېلەلەيدۇ. غۇلجا تەرەپ بىلەن 18 — 20 كۈندە بىر قېتىم ئالاقىلىشالايدۇ. شۇڭا، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئالتە شەھەرگە ئەسكەر ئەۋەتكىنىنىڭ پايدىسى يوق. ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولغاچقا يەرلىك خەلقلەر تاشقى كۈچ بىلەن بىرلىشىۋالالىسا

مانجۇ قوشۇنلىرى ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

غەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئاقسۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ شەھەر ئالتە شەھەرنى ئىلى ۋە ئىچكى جۇڭگو بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئاقسۇدىن قالسا چېگرا شەھەرلەردىن قەشقەر، ئىچكى قاتناش تۈگۈنلىرىدىن بارچۇق ۋە بۈگۈرلەرنىڭ ئورنى مۇھىم. ئالتە شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز تاغلار تەبىئىي توسۇق بولغاچقا، بۇ توسۇقلاردىن ئۆتمەك تەس. قىش پەسلىدە بۇ تاغلارنى قار بېسىپ كەتكەچكە، تېرەك داۋىنىدىن باشقا تاغ يوللىرى ئېتىلىپ قالىدۇ.

قۇرۇم، بولور تاغلىرىنىڭ يولى بەك خەتەرلىك بولغاچقا، مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇ يەردىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ يەردىكى تاغ ئېغىزلىرىنى ئازغىنە ئەسكەر ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. قەشقەر چېگرا شەھەر بولغاچقا، ئۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىر مانجۇ ھۆكۈمىتى قەشقەرنى ئوبدان قوغدىيالماي قالدى. ئوتتۇرا قىسىمدىكى شەھەرلەرمۇ تىنچ بولمىغاچقا، قەشقەردىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى ئاشۇ شەھەرلەرگە يۆتكەپ كېتىلدى. 1825 - يىلىدىن كېيىن مانجۇلار ھەرقايسى شەھەرلەردە سېپىل سوقۇپ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بۇ سېپىللار ئانچە پۇختا بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ يەنىلا رولى بار. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئاشۇنداق سېپىللاردىن بۆسۈپ كىرەلمەي، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، سېپىل ئىچىدىكىلەرنى ئاشلىقتىن قىيناش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ شەھەر ئالىدىغان ئۇرۇشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئالتە شەھەردىكى ھەددى - ھېسابسىز ئالۋان - سېلىقلار، ئامبال، ھاكىمبەگ، بەگلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە مۇشتۇمزورلۇقى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلارغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ قىلىۋەتكەن.

ئالتە شەھەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا پايدىسىز بولغاچقا، ئۇلار ئىشنى ئوڭ قىلاي دېسە، ئالدى بىلەن ئالتە شەھەرلىكلەرگە يۇمشاق قوللۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ھۆكۈمرانلار بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە يەرلىك خەلقنى قانلىق باستۇرۇۋاتىدۇ. خەلق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجىلارنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىپ بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، زۇلۇمغا سەۋر قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمىتى ھەربىر قوزغىلاڭدىن كېيىن چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، مەسچىتلەرنى چاقتى. قوزغىلاڭدا خەلق زىيان تارتقىنى بىلەن، يۇرت ئىچىدە ئىناۋىتى بار بەگلەر مەيلى ئۇلار قوزغىلاڭغا قاتناشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا يۇقىرى ئەمەلگە ئېرىشىپ، داۋاملىق يۇرت سورايدۇ. مانجۇلارنىڭ بۇ قىلمىقى تۈركىيە سۇلتانلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرگە قاراقچىلار ئاتامانىنى باش ۋالىي (گوبېرناتور) قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكىنىگە بەكمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرى شەيخىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەھۋالى بولسا باشقا گەپ. ئۇ شەيخنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى تاسادىپىي بولماستىن، ئەينى چاغدىكى قەشقەر بايۋەچچىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئامبالدىن ئۆلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ئالتە شەھەردە مانجۇ چېرىكلىرى يوللاردا ئاتتىن چۈشۈپ ئۆزلىرىگە تەزىم قىلمىغانلارنى كۆرسە تۇتۇۋېلىپ دۇمبالايتتى، بازارلاردا نەرسە - كېرەك سېتىۋالسا، ئاشپۇزۇللاردا تاماق يېسە، مۇتتەھەملىك قىلىپ ھەق تۆلىمەيتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى قەشقەردە خوجىلار ھەققىدە پاراڭ سېلىشنى چەكلىگەن بولۇپ، ئاغزىدىن «خوجا» دېگەن گەپ چىقىپ كەتكەنلەرنىمۇ باشقا يۇرتلارغا پالىۋېتىدۇ. ئەسلىدە «خوجا» سۆزى تۈركچە «ئەپەندىم» دېگەنلىك بولاتتى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن قەشقەرلىكلەر «خوجا»

دېيىشىنىڭ ئورنىغا «ئاخۇن» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئالتە شەھەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىرى قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭ جەمەتىدىن قويۇلىدىغان بولغاچقا، بۇ ھاكىمبەگلەر يەرلىك خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولماي، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئامبال ـ دارىنلارغا خۇشامەت قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ، خەلقنى رەھىمسىز جازالايدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئالتە شەھەرلىكلەر يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدۇ. ئامباللار يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقىنى ئوبدان بىلىسىمۇ بىلمەسكە سالىدۇ. ئالتە شەھەردە ئۇزاق مۇددەت ۋەزىپە ئۆتىگەن بىر خەنزۇ ئەمەلدار ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار ھەققىدە مەلۇمات» دېگەن ئەسىرىدە، «كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ، بەگلەر زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. نامراتلار ئازراقلا بىر نەرسىگە ئېرىشسە، ئۇلارنى قۇرۇقداپ قويغىلى ئون بەگ قاراپ تۇرىدۇ» دەپ يازغىنىدەك ئەھۋاللار ئالتە شەھەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئامباللار يەرلىك بەگلەرگە كۆڭلىدە غوم ساقلىسىمۇ، ھەسەت قىلىسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يەرلىك بەگلەرگە تايانمىسا ئەلنى باشقۇرالمايدۇ. ئامباللار يەرلىك بەگلەر بىلەن خەلقنىڭ بىرلىشىۋېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. مانجۇلار قەشقەرلىكلەرگە ھەرگىز ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئادەتتە قەشقەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەر چىقمايدۇ. بىر چاغلاردا قەشقەردىن قۇتلۇق بەگ ئىسىملىك بىر ھاكىمبەگ چىقىپتىكەن، ئەمما ئۇ ئۇزاق تۇرالماي ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىپتىكەن. بەگلەر 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىككە ئېرىشكەن ھامان ئۆزگىرىپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىدۇ. ئادالەتنى ياقلايدىغان بەگلەر تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر ئارىسىدىن ۋە يېزا بەگلىرى ئارىسىدىن ئانچە ـ مۇنچە چىقىپ قالىدۇ. ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ مىڭبەگلىرىدىن خالىق بەگ بىلەن تاھىر بەگلەر ئەنە شۇنداق

خەلقپەرۋەر بەگلەر ئىدى.

ئالتە شەھەردە مانجۇ خانلىق قىسىملىرى نىسبەتەن ئاجىز. ئۇلار يەرلىك خەلق بىلەن قوقەنت كۆچلىرىدىن ئىبارەت مۇھاسىرىنىڭ ئىچىدە پايدىسىز ئورۇندا تۇراتتى. ئاشۇنداق ئەھۋالدىمۇ خوجىلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋېرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئالتە شەھەرلىكلەر خېلى بۇرۇنلا «ئاق تاغلىق» لار ۋە «قارا تاغلىق»لاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ ئىككى مەزھەپ ئەسلىدە دىنىي مەزھەپ بولسىمۇ، ھازىر سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئالتە شەھەردە «قارا تاغلىق»لار باش كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭگىۋارلار ۋە مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، «ئاق تاغلىق»لار مانجۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، «قارا تاغلىق»لارنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان. 1758 - يىلى «ئاق تاغلىق» خوجىلار مۇستەقىللىق كۈرىشىنى باشلىۋىدى، «قارا تاغلىق»لار جىم تۇرۇۋالدى. «قارا تاغلىق»لار ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر دۈشمىنى بولغان مانجۇلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنىمۇ خالىمايتتى. بۇ ئىككى مەزھەپ پەيدا بولغان چاغلاردا، بىر تەرەپ كىشىلىرى بېشىغا ئاق تەقىيە، يەنە بىر تەرەپ كىشىلىرى قارا تەقىيە كىيىۋالاتتى. «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دېگەن شۇنىڭدىن قالغان. قوقەنتلىكلەر قەشقەردىن بارغان مۇھاجىرلارنى «تاغلىق» دېيىشىدۇ. ھازىر بۇ ئىككى مەزھەپ مۇرىتلىرىنى باش كىيىمگە قاراپ ئايرىغىلى بولمايدۇ. ئىككى مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى ئۇرۇشۇپ قالغاندا، بىر - بىرىنى «سېپىنىڭ پىرىڭگە لەنەت» دەپ تىللىشىدۇ. «ئاق تاغلىق»لاردا قانچىلىك

ئادەم بار، «قارا تاغلىق»لاردا قانچىلىك ئادەم بار، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچالاردا «ئاق تاغلىق»لار كۆپ بولسا، يېڭىسار، ياركەنت، خوتەنلەردە «قارا تاغلىق»لار كۆپرەك. قەشقەرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوخشاش ئەمەس. قەشقەر شەھىرى بىلەن ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى يېزىلاردا «ئاق تاغلىق»لار كۆپ بولسا، غەربىي جەنۇبىتىكى يېزىلاردا «قارا تاغلىق»لار كۆپ. قەشقەردىكى مۇھاجىرلار بىلەن شالغۇتلار گۇرۇھى ئايرىلمايدۇ. قايسى مەزھەپنىڭ خوجىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرسە شۇنىڭغا قاتنىشىۋېرىدۇ. ئالتە شەھەردە «ئاق تاغلىق»لارنىڭ سانى كۆپرەك، ئەمما ئازراق ئىمكانىيىتى بار «ئاق تاغلىق»لار قوقەنتكە چىقىپ كېتىپ ئۆز خوجىلىرىنىڭ يېنىدا پاناھلىنىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئىككى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ سانى ئاساسەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاتۇشلۇق شەيخ ئاخۇن بولسا «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

قەشقەردىكى ئاپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدا ھازىرمۇ «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرى ناھايىتى كۆپ. تېخى بۇ مازارنىڭ بىر سوپىسى مانجۇ ئامبىلى تەرىپىدىن قوقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. «قارا تاغلىق» سوپى - ئىشانلار ھازىرمۇ مەرغىلاندىكى پىرلىرىغا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. خانئېرىق يېزىسىغا ئەلەم بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر سوپى دانىيال خوجىنىڭ پۇشتى بولۇپ، ئۇ قەشقەردىكى «قارا تاغلىق»لارنىڭ كاتتىسى ھېسابلىناتتى. «قارا تاغلىق»لار بۇ سوپىغا كارامەت چوقۇنىدۇ.

ئەينى چاغدا ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدىغان «ئاق تاغلىق» خوجىلار قەشقەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە، مانجۇ ھۆكۈمدارلىرى «قارا تاغلىق» خوجىلارغىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىغا چەك قويمىغان. چۈنكى، ئۇ چاغدا مانجۇلار بۇ ئىككى مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىشنى تېخى بىلمەيتتى. مانجۇلار پەقەت «ئاق

ئاغلىق»لارنى بېيماۋزى[1]، «قارا ئاغلىق»لارنى خېيماۋزى[2] دەپلا چۈشىنەتتى.

ئالتە شەھەردە يۈنكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلالماسلىقى ۋە خوجىلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ داۋاملىق مەغلۇپ بولۇۋېرىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبنى يەنىلا مۇشۇ ئىككى گۇرۇھتىكى خوجىلارنىڭ ئۆزئارا پېتىشالماسلىقىدىن كۆرسەك بولىدۇ.

ھەرقانداق ئەلدە شۇنداق بىر كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ مۇقىم بىر غايىسى، كۆزقاراش، تەشەببۇسلىرى بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت جاھاننىڭ ئۆڭتەي - تۈڭتەي بولۇپ كېتىشىنى، تىنچ تۇرماسلىقىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

قەشقەردە ياكى يۈنكۈل ئالتە شەھەردە ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دەرۋىش، بەڭگى، قىمارۋاز، ماكانسىز سەرگەردانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. بىرەر قوزغىلاڭنىڭ شەپىسى چىقىشى ھامان ئۇنداقلار قارامىلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، ئامبال - دارىن، بەگ - دورغىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ناۋادا خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ كەتكۈدەك بولسا، يەنە ئاشۇ يالاڭتۆشلەر خوجىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، مانجۇلارغا يانتاياق بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى ئالتە شەھەرنىڭ ۋەزىيىتىنى مانجۇ ھۆكۈمىتىگىمۇ، خوجىلارغىمۇ پايدىلىق دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمدى قوقەنتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالتە شەھەرگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

قوقەنتلىكلەرنىڭ ئالتە شەھەرگە تەسىر كۆرسىتەلىشىدىكى سەۋەب، بىر تۈركۈم قەشقەر خوجىلىرىنىڭ قوقەنتكە قېچىپ بېرىپ، پەيت كۈتۈپ ياتقانلىقىدا.

---

① بېيماۋزى ــ ئاق قالپاقلىقلار.
② خېيماۋزى ــ قارا قالپاقلىقلار.

شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىدە ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايدىغان خوجىلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، كاتتا نوپۇزغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنى سەئىد، خوجا، شەيخ، ئەمىر دېگەن ناملار بىلەن ئاتىشىپ، يۇقىرى دىنىي ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە دىنىي ئۆلىمالار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىرخىلى مۇرىتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ھەتتا چوڭ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئاتا مىراس خوجا ئەۋلادلىرى، يەنى سەئىدلەر. يەنە بىر خىلى، شەيخۇلئىسلام ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن قازى، مۇدەررىس دېگەندەك دىنىي ئۆلىمالار. بىرىنچى خىلدىكىلەر سەئىدلەر (خوجىلار)، خەلىپىلەر، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ بۇشتى دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوجىلارنىڭمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك دەرىجىسى بولۇپ، دەرىجە ئورنى كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى خوجا كالان دېيىلىدۇ. خوجا كالاننىڭ ئاستىدا ئىشان نەقىب (باش سوپى)، ئىشان سەدىر (باش ئىشان) دېگەندەك ھەر دەرىجىلىك سوپىلار بولىدۇ. مۇنداق ناملارغا پەقەت سەئىد ئەۋلادى بولغان كىشىلەرلا ئېرىشەلەيدۇ.

يەنە بىر خىلى شەيخۇلئىسلام بېكىتكەن دىنىي ۋەزىپىدىكى ئۆلىمالار بولۇپ، ئەمىرلىكتە بىر شەيخۇلئىسلام، ئىككى قازى كالان، بىر قازى ئەسكەر (ھەربىي سوتنىڭ سوتچىسى)، بىر رەئىس (شەرىئەتنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلغۇچى) ۋە بىرمۇنچە قازى ـ قۇززات (سودىيەلەر)، ئەلەملەر (قازىنىڭ ھۆكۈمىنى بېكىتكۈچىلەر)، يەرلىك قازىلار ۋە مۇپتىلار تەيىن قىلىنغان بولىدۇ. يەنە ئىمام، خەلپەت، خاتىپ ۋە ئادەتتىكى موللاملارمۇ ئىككىنچى خىلدىكى ئۆلىمالارغا تەۋە كىشىلەردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادا دىن كۈچلۈك ھەم يېگىلىقتا ئىنتىلىش يوق. شۇڭا خوجا، ئىشانلار بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، ئىناۋەت تېپىۋالغان. سوپى ـ ئىشانلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «مېنىڭ ئەۋلادلىرىم قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى

ھۆرمەتلەڭلار، ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلەرنى مېنى ھۆرمەتلىگەنلەر بىلەن باراۋەر» دېگەن ھەدىسنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۆز خوجىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن خوجىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ. خوجىلار ئەمىرلەرنىمۇ ئۆز گېپىگە كىرگۈزەلەيدۇ. خەلقمۇ خوجىلارنى ئەۋلىيا دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادا خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. ساھىپزادىلەر: ساھىپزادىلەر فەررۇخىيلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان خوجىلار جەمەتى. بۇ جەمەتتىكى خوجىلار مىيانلارنىڭ ئەۋلادى. بۇ خوجىلار ئاتا تەرەپ ئەجدادىنى ئىبرىسى خەلىپە ئۆمەرگە، بىرىسى ئىمام رابباننىغا تۇتاشتۇرىدۇ. ئانا جەمەت ئەجدادىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمەگە ئاپىرىدۇ. بۇلار پىشاۋۇردىن كۆچۈپ كەلگەن جەمەت. بۇ جەمەتتىكى خوجىلاردىن مىيان فازىل ئۆلىما قادىر بۇخارادا، ئۇنىڭ ئىنىسى مىيان بۇزرۇك (كاتتا ھەزرەت) قوقەنتتە، يەنە بىر ئىنىسى مىيان مۇھەممەد خېلىل ئىشان 1842 - يىلى بىزنىڭ رۇسىيىدە ئەلچى بولغان. بۇخارا ئەمىرىنىڭ ساھىپزادىلەردىن ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلى ھازىر ئاقچىدا بولۇپ، ئۇ ئافغانىستاندىكى دوست مۇھەممەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ساھىپزادىلەر جەمەتىدىكى خوجىلارغا ھەزرەت دېگەن نام بېرىلگەن.

2. قەشقەر خوجىلىرى: قەشقەر خوجىلىرى ئاساسەن قوقەنت بىلەن مەرغىلانغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. قوقەنتلىكلەر ساماق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئاق تاغلىق خوجىلارغا تەۋە. مەرغىلاندىكىلىرى ئابدۇللا خوجا، خان خوجىنىڭ مۇرىتلىرى بولۇپ، «قارا تاغلىق»لارغا تەۋە. «قارا تاغلىق» خوجىلارغا «تۆرە» نامى بېرىلگەن.

3. تۈركىستان خوجىلىرى: بۇ خوجىلارمۇ قەشقەر خوجىلىرىغا ئوخشاش ھەقىقىي سەئىدلەر دەپ قارىلىدۇ. بۇ خوجىلار ئۆزلىرىنى پاتىمەنىڭ ئەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار تۈركىستان شەھىرىدە، ھەزرەتتە ۋە كۆچمەن قىرغىزلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

4. كاسان خوجىلىرى: بۇلار كاسان بىلەن نەمەنگاندىكى خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارمۇ سانى كۆپ جەمەتلىك خوجىلاردۇر.

5. مەيدان خوجىلىرى: مەيدان خوجىلىرى ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىدىكى خوجىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خوجىلار جەمەتىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار چېچەك كېسىلىگە شىپا بولىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنى تېرىشنى كەسىپ قىلغاچقا، چەكمە خوجىلار (تېرىغۇچى خوجىلار) دەپ ئاتىلىدۇ.

6. خەلپە ئۆمەر ئەۋلادىدىكى خوجىلار: بۇلار تاشكەنت شەھىرىدە ياشايدىغان خوجىلاردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ھەرخىل جەمەتتىكى خوجىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

قوقەنت بىلەن ئالتە شەھەردە كىشىلەر ئۇلۇغ بىلىدىغان گۈمبەزلىك مازارلارغا قارايدىغانلارنى شەيخ دەپ ئاتايدۇ. بۇ شەيخلەر ئۆزلىرىنى ئاشۇ مازارلارغا كۆمۈلگەن شېھىتلارنىڭ ئەۋلادى ياكى مۇرىتى دەپ قاراپ، بىر ئۆمۈر ئاشۇ مازارلارنى باقىدۇ. مازارغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن مۇخلىسلارنىڭ سەدىقە - پىتىرلىرىنى ئېلىپ تۇرىدىغان بۇ شەيخلەرنىڭ بەزىلىرى كاتتا بايلارغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ مازارلارنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا مۇناستىرلىرىدىن قېلىشمايدۇ. مازارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ۋەخپە يەرلەر ۋە چارۋا ماللار بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مازارلار مۇنۇلار: ئۆزگەنچ (خىۋە خانلىقىدا) تىكى پالۋان ئەھمەد جەمشى مازىرى، بۇخارا ئەترابىدىكى باھاۋۇدۇن نەقشىبەندى مازىرى بىلەن جاھان خوجا مازىرى، تۈركىستاندىكى خوجا ئەھمەت يەسسەۋى مازىرى

قانارلىقلار. بۇ يەردە يەنە مال ـ دۇنيا توپلاش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان يالغان مازارلارمۇ خېلى بار.

مەرغىلاننىڭ جەنۇب تەرپىدە شاھىمەردان مازىرى دېگەن بىر مازار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھەزرىتى ئەلىنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىغان دەپ ئىشىنىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۇفە چۆللۈكىدە شېھىت بولغانلىقى پاكىت بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئاللاتائالا ئاسماندىن بىر ئاق تۆگىنى چۈشۈرۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مازىرىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكىگەن دەپ، ئۆز قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ.

ئوش ئەتراپىدا تەختى سۇلايمان (سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ تاش بار. كىشىلەرمۇ مۇشۇ تاشنىڭ يېنىدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەسەف ئەلەيھىسسالام بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار دېيىشىدۇ. ئوش شەھىرى ھەققىدە يېزىلغان دىنىي كىتابلاردا دېيىلىشىچە ئوش ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدا ساھابىلەرگە: ھاياتىڭلاردا بىر قېتىم بولسىمۇ ئوش شەھىرىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىڭلار دېگەنىكەن. ئوش شەھىرىگە ھەر يىلى باشقا جايلاردىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تاۋاپچىلار كېلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

خوجىلار ئۆلۈم جازاسىدىن ۋە ئالۋان ـ ياساقلاردىن كەچۈرۈم قىلىنغان. ساھىپزادىلەر بىلەن قەشقەر خوجىلىرى ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن كىشىلەر دەپ قارالغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىرلەر (خانلار) ئۇلارنىڭ پەتىۋاسىغا بەك ئىشىنىدۇ. بۇ ئەمىرلەر خوجىلارغا قول بېرىپ، ئۇلارغا مۇرىت بولغان. بۇخارادىكى ئەڭ چوڭ خوجا ھېسابلىنىدىغان خوجا كالان ساھىپزادىلەر جەمەتىدىن چىققان بولسا، قوقەنتتىكى ئەڭ چوڭ خوجا سابىرخان تۆرە قەشقەر خوجىلىرىدىن چىققان. 1842 ـ يىلى رۇسىيىدە ئەلچى بولۇپ تۇرغان مىيان مۇھەممەد خېلىل ئۆزى

ئىشان نەقىب (باش سوپى) دەرىجىسىدىكى خوجا دېيىلىدۇ. ئىشان سەدىر (باش ئىشان) دەرىجىسىدىكى بىر خوجا 1829 - يىلى پېتىربۇرگدا ئەلچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. دېمەك، خوجىلار دۆلەتنىڭ سىياسىي، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا بىمالال ئارىلىشالايدۇ. خوجىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىرى باي بولغىنى بىلەن، كىچىك خوجىلار نامرات بولۇپ، ئۇلار تۇمار پۈتۈپ سېتىش، ياۋاش كەمبەغەللەرنى ئالداش ۋاسىتىلىرى بىلەن جان باقىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ بۈيۈك بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم پادىشاھ قاتارىدا ھۆرمەت قىلىنغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا «شاھزادە»گە تەڭ كېلىدىغان «تۆرە» نامى بېرىلگەن.

ھازىر قوقەنت بىلەن مەرغىلاندا تۇرۇۋاتقان قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى 200 كىشىدىن ئاشىدۇ. مەرغىلاندىكى «قارا تاغلىق» خوجىلار ھازىرچە قوزغىلاڭ كۆتۈرمەي جىم تۇرۇۋاتىدۇ. «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ تەسىرى «قارا تاغلىق»لاردىن كۈچلۈك ھەم ئۇلارغا قىرغىزلار يانتاياق بولىدۇ. ئەنجان، شەھرىخان، قاراسۇ يېزىلىرىدا 50 مىڭغا يېقىن قەشقەرلىك مۇھاجىر بولۇپ، ئۇلار ھەرقاچان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شەھەرلەردىمۇ قەشقەر مۇھاجىرلىرى ئاز ئەمەس. تاشكەنت ئەتراپىدا قەشقەر مۇھاجىرلىرى بەرپا قىلغان يېڭىشەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا بار. 56 مىڭدىن ئوشۇق بۇ مۇھاجىرلار «ئاق تاغلىق» خوجىلار ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنياسىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. باي، دۆلەتمەن «ئاق تاغلىق»لار ئاساسەن قوقەنتتە پاناھلىنىدۇ.

كىشىلەر خوجىلارغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنىدۇ. ھەممەيلەن بەدەخشان ئەمىرلىكىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئاكا - ئۇكا خوجىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. بۇ گەپ تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، خۇددى بورس ئەپەندى ئېيتقاندەك: «مانجۇلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىپ، ئۇلارنى خوجىلاردىن

قورقىدىغان قىلمىۋەتتى».
ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ ماشاق قەبىلىسى ئاپەتكە ئۇچراپ ھالاك بولغاندا، بارلىق قىرغىزلار بۇ قىسمەتنى ماشاق قەبىلىسىنىڭ ئەينى چاغدا جاھانگىر خوجىنى مانجۇلارغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن كۆرۈشتى. ھازىر قوقەنتلىكلەر جاھانگىر خوجىنىڭ تۇزالغۇسىدا مەسچىت سېلىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىۋاتىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خوجىلارنىڭ ھەممە ئىشىنى قەتئىي توغرا دەپ ئىشىنىدۇ. خوجىلار زىناخورلۇق قىلسا، ھاراق ئىچسە، كوچىلاردا ئاياللارنى تۇتۇۋېلىپ چۇمبىلىنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرگە ئۇلار ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر خوجىلارنى كاتولىك مۇخلىسلىرى پاپانى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار خوجىلارنى بارلىق ئىنسانلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدۇ.
مانجۇ خانىدانلىقى قوقەنتلىكلەر ئالتە شەھەرگە نەقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ بورھانىدىن بىلەن خوجا جاھاننى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئەۋەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، مانجۇلار بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، ھەريىلى سۇلتان شاھقا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇردى. بۇنداق سوۋغا - سالام ئەۋەتىش تاكى قۇندۇز ئەمىرى بەدەخشاننى مۇنقەرز قىلغانغا قەدەر داۋام قىلدى. تاشقى سودىغا سەل قارايدىغان مانجۇ خان ئوردىسى ئالتە شەھەرنىڭ تاشقى سودا بېجى يىغىش ھوقۇقىنى قوقەنت تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە قوقەنت خانىغا دائىم سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇردى. مانجۇلار مۇشۇ شاپائەتلەرنىڭ بەدىلىگە قوقەنت ئەمىرىدىن خوجىلارنىڭ قوقەنتتىكى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ھەققىدە ۋەدىگە ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. مانجۇ خانىدانلىقى ئالتە شەھەرنى

ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىنلا قوقەنت بىلەن سودا قىلىشنى باشلىغانىدى.

ئەينى چاغدىكى قوقەنت خانلىرىدىن ئېردەنى، ناربوتالار مانجۇلارنىڭ ئالتە شەھەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بېيجىڭ خان ئوردىسى قوقەنتتە تۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتتى. قوقەنتمۇ ئالتە شەھەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىلەن ئالاقە تۇرناتتى. ئەمما، 1825 - يىلىدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، قوقەنتلىكلەر مانجۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، خوجىلار مەسىلىسىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، مانجۇلارغا بېسىم ئىشلەتتى، نەتىجىدە 1831 - يىلىدىكى شەرتنامە تۈزۈلدى. شەرتنامە بويىچە ئالتە شەھەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوقەنتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقىلى باشقۇرىدىغان، تاشقى سودىدىن كىرىدىغان باجغا قوقەنت تەرەپ ئىگە بولىدىغان بولدى.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقال (سودا ۋەكىلى) نى قوقەنت خانى ئۆزى تەيىنلەيتتى ھەمدە تاشقى سودا بېجىنى ئاقساقالغا ھۆددىگە بېرەتتى. ئاقساقالمۇ ئالتە شەھەرنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى كىچىك ئاقساقاللارغا باجنى ھۆددىگە بېرەتتى. دەسلەپكى ئاقساقال سودىگەرلەردىن تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن ھەربىيلەر ئارىسىدىن تەيىنلىنىدىغان بولدى. باش ئاقساقال قەشقەردە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا زاكاتچى (باجگىر)، خەزىنىچى، مىرزا (كاتىپ) ۋە ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئالتە شەھەردە قوقەنتلىكلەر سودا - سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، قوقەنتلىكلەر ئالتە شەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىدىن تاپىدىغان ئومۇمىي پايدىنى خوتەندىن تاپىدىغان پايدىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئاقساقال ھەرقايسى يېزىلارغا باج يىغىش ئۈچۈن دىۋانبەگكە بىرمۇنچە ئەسكەر قوشۇپ ئەۋەتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ چوڭ باغىش قەبىلىسىدىكى ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئەلبەگلىرىمۇ ئاقساقاللارغا زاكات يىغىپ بېرىدۇ.

ئاقساقالنىڭ قەشقەردە ساقچىلىرى، قازى ۋە ئىماملىرى بار.

ئاقساقالنىڭ كىرىمىنىڭ قانچىلىكلىكى نامەلۇم، ئاقساقال باج ئالغاندا مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ئاپقان پايدىسىنىڭ 40 دىن بىرىنى، يەھۇدىي ۋە ھىندىلاردىن 10دىن بىرىنى ئالىدۇ. شالغۇتلار قوقەنتلىكلەر قاتارىدا باج تاپشۇرىدۇ. پاختا بىلەن ئاشلىققا ئون پاتمانغا بىر پاتمان زاكات ئېلىنىدۇ. مېۋىلىك، كۆكتاتلىق باغلاردىنمۇ زاكات ئېلىنىدۇ. قىرغىزلار 40 قويغا بىر قوي زاكات بېرىدۇ. بىز قەشقەردىكى چېغىمىزدا زاكاتچىلارنىڭ بىر كۈندە 900 تىللا (كۈمۈش پۇل ھېسابىدا 4 مىڭ 500 سوم) زاكات يىغقانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. ئەمما، ئاقساقال قوقەنت خانىغا يىلىغا 800 ياكى 1000 تىللانى سوۋغا ـ سالام سۈپىتىدە ئەۋەتىپ، ئىشنى بولدى قىلىدۇ. بىز قەشقەردىكى چاغدا ئاقساقال بولغان نۇرمۇھەممەت دادخا قوقەنت خانىغا 30 ئات، 18 يامبۇ، 18 جۈۋا، چاي، فار فور قاچىلار ۋە يىپەك رەختلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

قەشقەردە قوقەنتلىكلەر ۋە شالغۇتلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن خوجىلارنىڭ قوقەنتكە چىقىپ پاناھلىنىشى بەكمۇ ماس كەلگەچكە، قوقەنت ھۆكۈمرانلىرى بۇنداق ئوبدان پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ئۆتتىن بىر قىسمى، يەنى 145 مىڭغا يېقىن ئاھالە قوقەنتلىكلەر باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قوقەنتلىكلەر مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن قىلچە تەپ تارتمايدۇ. قوقەنت ئاقساقىلى خەنزۇچە شاڭيۇ (سودا بېشى) دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاقساقال بۇ يەردە بىر گوبىرناتور (باش ۋالىي)نىڭ رولىنى ئويناۋاتىدۇ.

تەكەببۇر ۋە سۆلەتۋاز قەشقەر ھاكىمبەگلىرى دەسلەپكى چاغلاردا قوقەنت ئاقساقىلىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. ئاقساقال بىلەن ئالاقە قىلغاندا «سەنلەپ» سۆزلەيتتى. كېيىن بايخان ئىسىملىك بىر ئاقساقال كېلىۋىدى، ھاكىمبەگلەر ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلالمىدى. بايخان قەشقەرگە كېلىپلا

ئەنجانلىقلارنىڭ ھاكىمبەگلەرگە ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلىشىنى چەكلەپ، قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق يوسۇندا تەزىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بىر كۈنى بايخان ئۆزىگە ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلمىغان بىر كىچىك بەگنى تازا قامچىلاپ، پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە، مەيدە كېلىۋاتقان ھاكىمبەگكە ئۇچراپ قالدى. بايخان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاتلىق بولغاچقا، بىر يىگىتنىڭ ئېتى ھاكىمبەگنىڭ مەپىسىگە ئازراق تېگىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھاكىمبەگ ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، قوقەنتلىك يىگىتلەرنى تۇتماقچى بولدى. جېدەل ئۇلغىيىپ چوڭ ۋەقەگە ئايلاندى. قوقەنتلىكلەر ئۆي - ماكانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قوللىرىغا قىلىچ، مىلتىقلارنى ئېلىشتى. ئامباللار بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، قوقەنتلىكلەرنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ھېلىقى بەگنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

قەشقەرلىكلەر چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى يەكلىمەي ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ. جاھاندا ئۆز ئىززىتىنى بىلمەي قالىدىغان شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، سەن ئۇلارغا يول قويۇپ، ئىززىتىنى قىلساڭ، ئۇ سېنى ئاجىز چاغلاپ، جاھاندىكى جىمى ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرگە يول قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇنداقلارنى دەل ۋاقتىدا ئەدەپلەپ دەككىسىنى بېرىش كېرەك. قوقەنتلىكلەر ئەنە شۇنداق كىشىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

كىشىلەر بىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: 1845 - يىلى نادەمخان ئىسىملىك بىر سودىگەر قەشقەردە ئاقساقال بولۇپ تۇرغاندا، تىللا ئىسىملىك بىر قىرغىز ئۆزىنىڭ بىر دۈشمىنىنى قوغلاپ، ئالتە شەھەر چېگرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ قاپتۇ. بۇ قىرغىز قوقەنت پۇقراسى بولغاچقا، چېگرا قاراۋۇللىرى ئۇنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماي ھۆكۈمەت ئارقىلىق

نادەمخان ئاقساقالغا خەۋەر قىلىپ، تىللانى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ھەمدە ئاقساقالنىڭ كۆچ چىقىرىپ قوراللىق قىرغىزلارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى توسۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام بېرىپتۇ. ئاقساقال شۇنىڭدىن باشلاپ سوۋغاتقا كۆنۈپ قېلىپ، ئەمدىلىكتە ئۆزى قىرغىزلارنى چېگرىدىن كىرىشكە قۇترىتىدىغان بولۇۋاپتۇ.

خوجىلارغا يانتاياق بولىدىغان قوقەنتلىكلەر قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقىلىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن بەخىرامان يۈرۈشلىرىمۇ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت ئىدى. مانجۇلار قوقەنتلىكلەرنىڭ خوجىلار يېغىلىقىغا قاتناشقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بىز قەشقەردىكى چاغدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىككىلا ئاقساقال بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ياخشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى بىز ياخشى بىلەتتۇق. ئىلگىرىكى ئاقساقال نەسىردىننىڭ يېنىدىكى زاكاتچى، ھۆدەيچى، خەزىنىچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېغىلىققا قاتناشقانلار ئىدى.

نەسىردىن ئاقساقال ھاكىمبەگ بىلەن پەقەت چىقىشالمايتتى ھەم دائىم ئامبال - دارىنلارنىڭ ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ بەگلەرنى قورقىتاتتى. مانجۇ چېرىكلىرى بازار كۈنلىرى كوچىلاردا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كىشىلەرگە ھەيۋە قىلاتتى. تېز يول بوشاتمىغانلارنى قامچىلاپ، يۈز - كۆزلىرىنى قان قىلىۋېتەتتى. بىز بىر بازار كۈنى كوچىدا چېرىكلەرنىڭ ئوتۇنچى دېھقانلارنىڭ ئېشەكلىرىنى يامۇلغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئوتۇنلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئېشەكلىرىنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى، بىچارە دېھقانلارنىڭ ھەپتە - ھەپتىلەپمۇ ئېشەكلىرىنى تاپالماي، نالە - پەرياد ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. نەسىردىن ئاقساقال بۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى بىر ئامال قىلىپ توختىتىۋالالايتتى.

بىر كۈنى غەرق مەست بولۇپ، خۇدىنى يوقاتقان بىر شىبە ئەسكەر كاروۋان سارىيىمىزغا ئاتلىق ئۇسۇپ كىرىپ، خېلى ئىناۋىتى بار بىر قوقەنتلىك بۇرادىرىمىزگە بىر قامچا سالدى. غەزەپلەنگەن باشقا قوقەنتلىكلەر ھېلىقى ئەسكەرنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، راسا دۇمبالىغاندىن كېيىن، داڭزا (ساقچىخانا) غا ئاپىرىپ بەردى. ئاشۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر كوچىلاردا ئەسكىلىك قىلالمايدىغان بولدى.

نەسىردىن ئاقساقال يەرلىكلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى بىلەن قەشقەردىكى بىرقانچە چوڭ پاھىشىخانىلار تاقىۋېتىلدى. پاھىشە ئاياللارنىڭ شەھەرگە كىرىشى چەكلەندى. ئاقساقال ئۆزى تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، ھاكىمبەگدىن تەلەپ قىلىپ، قەشقەردە دىنىي ئىشلارنى نازارەت قىلىدىغان رەئىس قويدۇردى. بىر بەگنى مەخسۇس دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. بۇ بەگ بېشىغا سەللە يۆگەپ، قولىدا تەسۋىي سىيرىگەن ھالدا جامائەت ئالدىغا چىققىنىدا پۈتكۈل خالايىق ھەيرانۇھەس بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

بۇ بەگ ئۇزاققا قالماي مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ھاكىمبەگ رەئىسنىڭ دىنىي كىشى ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەنجانلىقلارنىلا جازالاتقۇزغۇسى كەلدى. لېكىن، ئاقساقال بۇنىڭغا كۆنمىدى. ئۇ ھاكىمبەگ ئەنجانلىقلاردىن ئالالمايۋاتقان كونا ئۆچىنى ئاشۇ رەئىسنىڭ قولى ئارقىلىق ئالغۇسى كېلىۋاتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئەھۋال راست ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى، لېكىن رەئىس ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتمەي جىمجىتلا غايىب بولدى. نەسىردىن ئاقساقالنىڭ ئورنىغا كەلگەن نۇرمۇھەممەت دادخا ئادەمگەرچىلىكى بار، شۇ ئەلدە ئۇزاق تۇرۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنى ياخشى بىلگەن كىشى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ

قەشقەرلىكلەر ئۈچۈن بىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان كۆرۈنۈشتىكى سىپايىگەرچىلىك ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ ھاكىمبەگ ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ، ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام بېرىشىپ تۇردى. مانجۇلارنىڭ يېڭى يىل بايراملىرىدا ئامبالغا سوۋغات ئەۋەتىپ تۇردى (بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئاقساقاللارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى). نۇرمۇھەممەتكە پەقەت بىرلا ئىش قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ تۇراتتى كېيىنكى مەزگىلدە قوقەنتلىك ئاقساقالغا قارشى بۇخارالىق بىر تۈركۈم كۈچلۈك ئۆكتىچىلەر پەيدا بولدى. بۇخارالىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ياركەنتتە سودا قىلاتتى. بۇخەقنىڭ كاتتىلىرى 1857 ـ يىلىدىكى يېغىلىقتىن پايدىلىنىپ قوقەنتلىكلەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىقىپ، كامىلنى ئۆزئالدىغا ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، كەشمىرلىكلەر ۋە بەدەخشانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خوجىلارغا قارشى كۈرەشلىرىگە ياردەملىشىدۇ. ۋەلىخان تۆرە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بارلىق ئەنجانلىقلار تۇتقۇن قىلىنغاندا، بۇخارالىقلارنىڭ بىرسىمۇ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشمىلىق يېزىسىنىڭ بېگى سادىقبەگ شۇ كەمگىچە قوقەنت ئاقساقىلىغا باج تۆلەپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە تاغلىق تاجىكنى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ. نەسىردىن ئاقساقال بىلەن نۇرمۇھەممەت دادخا ئالتە شەھەر زېمىنىدىكى بارلىق چەت ئەللىكلەرنىڭ قوقەنت ئاقساقىلىغا بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، بۇخارالىق كامىلنى تۇتۇپ بېرىش ۋە تاجىكلارنى ئۆز ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مانجۇلار بۇ تەلەپكە ياق دېيەلمىگەن بولسىمۇ دەرھال تۇتۇش قىلماي ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋەرگەندە، يېڭى ئاقساقال بىللە قەشقەرگە كەلگەن قوقەنت ئەلچىسى مەتكېرىمباي يۇقىرىقى تەلەپنى قەتئىي ئورۇنداپ بېرىش لازىملىقىنى، بولمىسا قوقەنت بىلەن مانجۇ

خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. بۇ دەۋرنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى نامەلۇم، شۇنداقتىمۇ بۇخارالىقلارنىڭ ئالتە شەھەردىكى نوپۇسىنىڭ ئازلىقىنى، مانجۇ خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئالاقىنىڭ ئورنىتىلمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرى بۇخارالىقلارغا پايدىسىز بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق ۋەقەلەر بۇرۇن قوقەندتىمۇ يۈز بەرگەنىكەن. ئۇ چاغدا ۋەقەگە چېتىلىپ ئەيىبلەنگەن جاۋابكارنىڭ پوت ـ قوللىرىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنىپ، چېرىكلەر ئارقىلىق قەشقەردىكى خوتەن ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنىكەن. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەتتە مانجۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن ئەھۋال ئاستىدا قوقەندلىكلەرگە ئاز ـ تولا چەك قويۇشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. جاھانگىر خوجا ئىسيانىدىن كېيىن مانجۇلار قوقەندلىكلەرنى جازالاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى توختاتتى ھەمدە بۇخارا ئەمىرىدىن ياردەم سوراش ۋە ئۇلارنى قوقەندلىكلەرگە قارشى قويۇش مەقسىتىدە بۇخاراغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇخارا ئەمىرى مانجۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بەلكىم، تەقۋادار مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغان بۇخارا ئەمىرى بۇددىست مانجۇلار بىلەن بىر يولدا مېڭىشنى توغرا تاپمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇش يەنە بۇخارانىڭ مانجۇ ئېلىگە يىراق بولغانلىقى ھەم مانجۇلار ئەلچىسىنىڭ بۇخاراغا دۈشمەن بولغان قوقەنت، قۇندۇز قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدىغانلىقىدەك سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. مانجۇلار قۇندۇز ئەمىرلىكى بىلەنمۇ دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ۋە ئەمىر مۇراتبېكنىڭ ئەلچىلىرىمۇ مانجۇلار يېرىگە بارغانىدى. ئەمما، قۇندۇز ئەمىرى خوجىلارنى تىزگىنلىمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1830 ـ يىلدىكى ۋەقەلەر مانجۇلارغا قوقەندلىكلەر قانچىلىك

دەرىجىدە خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق تونۇتۇپ قويغانىدى. شۇڭا، مانجۇلار بۈگۈنكىدەك ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. قوقەنتلىكلەردىن ئەنسىرەپ كۆنۈپ كەتكەن مانجۇلار گەرچە قوقەنت خانلىقىنىڭ بىر قەدەر ئاجىز ۋە تۇراقسىز ۋەزىيىتىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى توسۇۋالالماي قالدى. قوقەنتلىكلەر بۇ خىل بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋېلىشقانىدى. مانجۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدىغان ياۋايى خەلقلەر دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلار ھەققىدىكى بىلىملىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. مانجۇلار كىچىك بۇخارا (قەشقەر) دىن نارىتىپ تاكى مەككىگە سوزۇلغان مۇسۇلمانلار شەرقىنى قارا - قويۇقلا «خۇي - خۇي» دېگەن نام بىلەنلا ئاتايدۇ ياكى ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنجانلىقلار دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پارسلار، كابۇللۇقلارمۇ ئەنجانلىقلار ھېسابلىنىدۇ. كېيىن مانجۇلار ئالتە شەھەرنىڭ تىنچ بولۇش - بولماسلىقى قوقەنتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزلىرى ياۋايىلار دەپ ئاتىغان بۇ ئەللەرگە دىققەت قىلىشقا ۋە بۇ ئەللەردىكى ۋەقەلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھازىر مانجۇلار بۇخارانى خاۋ خەن، قوقەنتنى ئەندىجيەن دەپ ئاتىشىپ، بۇ ئىككى ئەلنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولدى. قوقەنت بىلەن بۇخارانىڭ چىقىشالمايدىغانلىقىنى مانجۇلار ئوبدان بىلىدۇ ھەم قوقەنتلىكلەرمۇ بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. مانجۇلار قوقەنتنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قوللانغان بىردىنبىر چارىسى ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى ئالاقە تەرتىپىنى ئۆزگەرتمەسلىك بىلەنلا چەكلەندى. ئىلگىرى قوقەنتكە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر مانجۇلاردىن تەيىنلىنەتتى. قوقەنتتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزى قوبۇل قىلاتتى.

قوقەنتكە مانجۇلاردىن تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى ئەلچى شىرئەلى خاننىڭ تەختكە چىقىشىغا ئۇلگۇرۇپ بارغانىدى. مانجۇ ئەلچىسى دۈشمەن قولىدا ئۆلگەن مەدەلىخاننىڭ نەزىرىسىگە ۋە يېڭى خاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئاتاپ 200 يامبۇ بىلەن شايى، ماتا، فار فور قاچا دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ بارغانىدى. شۇ ئەلچىدىن كېيىنلا مانجۇلار قوقەنتكە يەرلىك بەگلەردىن ئەلچى ئەۋەتىشنى باشلىغان ۋە قوقەنت ئەلچىلىرىنى قەشقەر ئامبىلى قوبۇل قىلىدىغان بولغانىدى. مانجۇلارنىڭ قوقەنتكە يەرلىك دىندار بەگلەردىن ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ پايدىسى بار ئىدى. چۈنكى، يەرلىك بەگلەر قوقەنتكە بارسا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايتتى. بولمىسا مانجۇ ئەلچىلەر قوقەنتتە ئېغىر كەمسىتىلىشكە ئۇچراپ، ھەرخىل قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئورۇنداشقا مەجبۇر قىلىناتتى، ھەتتا قوقەنت خانى مانجۇ ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولسا، ئىسمىنى ئاتىماي «كاپىر» دەپ ئاتايتتى. قوقەنت ئەلچىلىرى قەشقەردىكى ھاكىمبەگ قەسىرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ھاكىمبەگ قوقەنت ئەلچىسى ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنىڭ تورمۇش ئىشلىرىغا كېپىللىك قىلاتتى. قوقەنتلىكلەر ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئانچە مۇھىم دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار سوۋغا ـ سالام ئېلىشنىلا بىلىدۇ، ئالغاندىمۇ ئاز نەرسىگە قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئەركىن ھالەتتە يۈرسىمۇ، يەنە ئالتە شەھەر چېگرىسى ئىچىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشتىن باش تارتىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار 1831 ـ يىلىدىكى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. بۇنى ئاز دەپ، مانجۇلاردىن كېلىشىمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يولسىزلىق قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشتا شۇقەدەر سەۋرچانلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قوقەنتلىكلەر بارلىق ئىسيانلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئىلگىرى قەشقەرنى خوجىلارغا

ئېلىپ بەرگەنلەرمۇ قوقەنت خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ۋەكىلى بولغان ئاقساقاللار ئىدى. بۈگۈنكىدەك ئەھۋال ئاستىدا، ئالتە شەھەردە تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىدىن گەپ ئاچماق تەس. قوقەنت ھۆكۈمىتى بۇ ئىشلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئىككى ئەلنىڭ باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىگە ۋە قوقەنتلىكلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازلىرىغا چوڭ جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ بولالمايدۇ. ناۋادا يۇرت تىنچىپ، مانجۇلار سوۋغا - سالاملىرىنى ئازايتسا ياكى توختاتسا قوقەنتلىكلەر خوجىلارنىڭ 1847 - يىلدىكىگە ئوخشاش غازات ئۇرۇشى قوزغىشىنى چەكلىمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر خوجىلارنىڭ كۈچى كۈچىيىپ كېتىپ، ئىسيان ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، قوقەنتلىكلەرنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسا، قوقەنتلىكلەر ئىشنى بۇزۇپ، كەشنى توغرىلاپ (قېچىشنى پىلانلاپ)، خوجىلار ھەرىكىتىنى نەس باستۇرىدۇ. مانجۇلار ئىسيان دەپ ئاتالغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قانلىق باستۇرۇپ، قوقەنتلىكلەرگە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. دېمەك، جاھان تىنچ چاغلاردا قوقەنتلىكلەر مانجۇلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرى ۋە باجدىن مەنپەئەت ئالسا، مالىمانچىلىق مەزگىلدە خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، خوجىلاردىن سوۋغا - سالام ئېلىپ، دۇنيا يىغىۋالىدۇ. دېمەك، داۋاملىق تۈردە مانجۇلار بىلەن يەرلىك بەگلەرگە قارشى تۇرۇپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىش، ئۆز ئېلىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىش — خوجىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ ئاساسىي كۈرەش مەنتىقىسى بوپقالغانىدى.
مانجۇلار بۇ مەنتىقىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، قوقەنتلىكلەرنى چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدۇ. بىر قېتىم يېڭىشەھەر (خەنچىڭ) گە چاي سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرگىنىمىزدە، ئۇ يەردىكى مانجۇ (خەنزۇ) ئاھالىسى بىزنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. بىز ئاران دېگەندە دۇكانغا

كىرىپ قۇتۇلۇپ قالدۇق. بىزنىڭ يېڭىشەھەرگە كىرىشىمىزنى خوجىلار ئىسيانىدىن كېيىن قوقەنتلىكلەرنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ شەھەرگە قەدەم بېسىشى دېيىشكە بولاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى بىزنى كۆرۈپ قاتتىق ئالاقزادە بولۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن بىزگە قاراپ، «ئوغرىلار» دېيىشىپ قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. قوقەنتلىكلەر بىلەن يەرلىك بەگلەر پات - پات تۇتۇشۇپ قالاتتى. بىر كۈنى بىز چۈشكەن سارايدا بىر داڭدار بەگ بىلەن بىر قوقەنتلىك ئۇرۇشۇپ قالدى. قەشقەرلىك بەگ قوقەنتلىككە قارىتىپ قامچىسىنى شىلتىپ بېرىۋىدى، بىر ئافغان يىگىتى بەگكە بىر مۇشت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بەگنىڭ چاكارلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ماجىرانى كېڭەيتتى. بىردەمدىلا ئەتراپنى ئادەملەر قاپلاپ كەتتى. بىز بىر ئاماللارنى قىلىپ سىرتتىن كىرگەنلەرنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقىۋالدۇق. بۇ ئىشتا ئافغانلارنىڭ باتۇرلۇقى ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىشىلەر سارايىنى قورشىۋېلىپ ھويلىغا تاش ئېتىپ، ئۇزاققىچە بىزنى ئاۋارە قىلدى. كېيىن ئاقساقالنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت سۈرۈشتە قىلىپ، ھېلىقى بەگ ئەيىبلەندى ۋە دەررە بىلەن ئۇرۇش جازاسىغا بۇيرۇلدى. يەنە بىر قېتىم، يېڭىساردىكى سودا ئاقساقىلى شۇ يەردىكى ئىشىكئاغا بەگ ھاكىمبەگنىڭ قەسرىگە قېچىپ كېلىپ مۆكۈنۈۋالغاندا، قوقەنتلىكلەر ئۇنى قوغلاپ كېلىپ ھاكىمبەگنىڭ قەسرىنى قورشىۋېلىپ خېلى ئاۋارە قىپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئىشىكئاغا بەگ ئەيىبلىنىپتۇ. ئامبالنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان تىلماچنىڭ بىرنەچچە بالىسى مەست بولۇۋېلىپ، ئىككى قوقەنتلىك ھارۋىكەشنى بىزگە سالام قىلمىدىڭ، دەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە بارلىق مۇھاجىرلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاقساقال ئامبالنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارماقچى بولغاندا، ھېلىقى تىلماچ ئابرۇيلۇق بىر قوقەنتلىك بايىنى ئارىغا سېلىپ، ئالتە سەر يامبۇ تۆلەپ، بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە جامائەت

ئالدىدا ئاقساقالدىن ئەپۇ سورايتتى. يۇقىرىقى ۋەقەلەرگە قارىماي يەرلىك بەگلەرنىڭ قوقەنتلىكلەرنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئاسان بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاۋام خەلقىنىڭ قوقەنتلىكلەرگە بولغان قارىشى بەگلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. خەلق قوقەنتلىكلەرنى ئۆزلىرى ئۆچ كۆرىدىغان مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى ياخشى كۈچ دەپ قارايدۇ ۋە قوقەنتلىكلەرنى ئۆزلىرىگە يولباشچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى، بىرەر ئىسيان بولۇپ قالسا، قوقەنتلىكلەر داۋاملىق باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلق بىلەن مۇھاجىرلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان نىكاھ ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ مەۋجۇت. يەرلىك بەگلەر مەنسەپكە ئولتۇرۇپ مال - دۇنياغا يېتىشكەن ھامان ھاكاۋۇرلىشىپ، خەلقنى ئۆزلىرىگە يېقىن يولاتمايدۇ. ئەكسىچە، خېلى ئابرۇيى بار قوقەنتلىكلەرمۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق ياتسىرىماي، بىمالال ئارىلىشىپ ئۆتتۈۋېرىدۇ. ئالاتاۋ قىرغىزلىرىنىڭ خوجىلار ئىسيانلىرىغا قاتنىشىپ تۇرۇشىمۇ قوقەنت بىلەن مانجۇلارنىڭ ئالاقىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قىرغىزلار ئالتە شەھەردىكى ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان چېگرا بويلىرىدىكى يۇرتلارغا تارقىلىپ ماكانلاشقان بىر خەلق بولغاچقا، ئۇلار XVI ئەسىردىن بۇيان ئالتە شەھەرنىڭ تەقدىرىنى تولا ئۆزگەرتىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئېغىر كۈلپەتلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان ماجىرالارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئالاتاۋ قىرغىزلىرى بىر قانچە دۆلەتنىڭ زېمىنىدە ياشىسىمۇ يەنىلا قوقەنت خانلىقىغا بېقىنىدۇ. ئەمما، 1852 - يىلىدىن بۇيان بىزگە (رۇسىيىگە) تەۋەلىك بىلدۈرۈپ قويۇپ، ھازىرغىچە قوقەنتلىكلەرگە ئۆشرە - زاكات، مانجۇلارغا سېلىق تۆلەپ كېلىۋاتقان بۇغا قەبىلىسىدىكى قىرغىزلار بىلەن تاشمىلىقتىكى مانجۇلارغا تەۋە 500 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ ئەھۋالى بولسا

باشقىچىرەك. قىرغىزلارنى قوقەنت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قوقەنت ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىرغىزلار ۋە قوقەنت ھامىيلىقىدىكى قىرغىزلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئۆزبېكلەر بىلەن تەڭ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، بەزى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، ھەربىي ۋە مۇلكىي ھوقۇقلارغا ئىرىشەلمەيدۇ. كېيىنكىسى بولسا پەقەت قوقەنتكە زاكات تابشۇرۇپ قويۇپ، ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئەسكەرلىككە ئادەم چىقىرىپ بېرىدۇ.

قوقەنت خانلىقى ھەربىي ئىشلار ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىن بىرقانچە ئەمىرلىك (ئۆلكە) لەر ۋە ھەربىي ئايماقلارغا بۆلۈنگەن. ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايلىرىغا ئاساسەن، مەرغىلان، ئوش، ئەنجان، نەمەنگان ۋە تاشكەنت ئەمىرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. فەرغانە ۋادىسىدىكى قىرغىزلارمۇ ئۆزلىرىگە يېقىن جايدىكى بەزى ئايماقلارغا سېلىق تۆلەپ، شۇ ئايماقتىكى ئەسكەرلەر سانىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار تامامەن قوقەنت خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. ئۇلار ئەدىگېنە، ئىچكىلىك، مۇندۇ، مۇنولۇر قەبىلىلىرى ۋە نايمان قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزلىرىنى قوقەنتنىڭ ھامىيلىقىدا دەپ قارايدىغان قىرغىزلار ئەنجان ۋە تاشكەنت ئەمىرلىرىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولۇپ، پامىر ۋە كوئىنلۇن تاغلىرىدىكى چارۋىچى قىرغىزلار ئاشۇ خىلدىكى قىرغىزلارغا كىرىدۇ. قوقەنت ھۆكۈمىتى قىرغىزلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئالاھىدە بەگلەرنى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن.

ياقا يۇرت دەپ ئاتالغان تاغلىقلار بىلەن نارىن دەرياسى ۋادىسىدىكى كۆچمەن قىرغىزلار قۇرتقا، توققۇزتارا، جىمتال قەلئەلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنجان ئەمىرىگە قارايدۇ. قوقەنت خانلىقى يۇقىرىقى قىرغىز قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن چولاققورغان، ئەۋلىيا ئاتا، سۇلۇققورغان، مەركە، بىشكەك ۋە

توقماق قەلئەلىرىنى سالدۇرغان. يەنە پامىر تاغلىرىدىكى بولۇر قىرغىزلىرىنى باشقۇرىدىغان بوستانتېرەك ۋە تاشقورغان قەلئەلىرى بار. خوتەن ئەرەپكە سوزۇلغان قىرغىزلار ئارىسىغا بەزىدە مەرغىلاندىن، بەزىدە ئوشتىن ئەسكەر بېرىپ زاكات يىغىپ كېلىدۇ. چوڭباغىش قەبىلىسى زاكاتنى قەشقەردىكى قوقەنت ئاقساقىلىغا تاپشۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن قىرغىزلار ئارىسىدا قوقەنت ئەمىرلىرىنىڭ پەرمانلىرى ئانچە ئۆتمەيدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى چاغلاردا قىرغىزلار قوقەنتكە ئانچە بېقىنمايدىغان بوپقالدى.

مەلىبەگ قىرغىز ۋە قىپچاقلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىقتى. قوقەنتنىڭ ھازىرقى ۋەزىرى ئالىمبەگ دادخامۇ ئالاتاۋ قىرغىزلىرىدىن چىققان كىشى. يەنە نۇرغۇنلىغان قىرغىز بەگ ۋە سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. قىرغىزلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىق قائىدىلىرى ئانچە چىڭ ئەمەس. ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمى كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ خوجىلار ئىسيانلىرىغا قاتنىشىشىمۇ ئولجا بۆلۈشۈشنى مەقسەت قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خەلق دىنىي بىلىمى ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە، يەنە يەرلىك ئادەت - ئۆيدۇرمىلارغا زىيادە ئىشىنىدۇ. بىز تەڭرىتاغلىرىدا قىرغىزلارنىڭ قالماق قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ چىققان كىچىك بىر قەبىلىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بۇ بىر باي قەبىلە بولۇپ، بۇ قەبىلىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ باي بولۇشىنى بۇرۇنقى زامانلاردا مەككە ۋە شوپاق دېگەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بۇرھانىدىن، خان - خوجىلارغا خىزمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايدىكەن. بۇ قىرغىزلار ئاشۇ خوجىلاردىن تەۋەررۇك قالغان بىر زەنجىرلىك چىدىرنى ئۇلۇغلاپ ساقلايدىكەن. ئۇلار بىزنى، ئاغرىپ قالغان ئاتنى مۇشۇ چىدىر بىلەن چېتىپ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ

ئىشەندۈرمەكچى بولۇشتى.

قىرغىزلار بۇرۇندىن باشلاپ خوجىلارغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرىغا پائال قاتنىشىۋاتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قاتنىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. جاھانگىر خوجا زامانىدا ساياق، شىبىرىك، باسىز ۋە بۇغا قەبىلىسىدىكى قىرغىزلار خوجىلارغا ئەگىشىپ پىدائىي بولۇشقان بولسا، چوڭباغىش قەبىلىسىدىكىلەر مانجۇلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ تۇرغان. چوڭباغىشنىڭ ئىسمائىل ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى جاھانگىر خوجا بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «قارا تاغلىق» دەپ ئاتىلىپ قالغان. خوجىلارغا ئەگەشكەن قىرغىزلار ئاساسلىقى تەڭرىتاغلىرىدىكى قىرغىزلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇغا، سار باغىش ۋە سولتى قەبىلىلىرى خوجىلار ئىسيانىغا بىۋاسىتە قاتناشمىغان. 1846 - يىلى تەۋەككۇل خوجا غازات ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات يىغماق بولۇپ يۇقىرىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى ئارىسىغا كەلگەندە، قىرغىزلار ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆشرە - زاكات يىغىپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويغان. مانجۇلارنىڭ خوجىلاردىن ئەنسىرەيدىغىنىنى قىرغىزلار ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلار بۇنى ئولجىغا ئىگە بولۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان. كۆكشال دەرياسى بويىدىكى شىبىرىك قەبىلىسىنىڭ تۇردەكە ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى تۇرپان (ئۈچتۇرپان بولۇشى مۇمكىن - ت) ئامبىلىنى قورقىتىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن، بىر سارت (ئۇيغۇر) نى تۇتۇپ ئەكىلىپ، بېشىغا سەللە يۆگەتكۈزۈپ خوجا قىياپىتىدە كۆرسىتىپ، شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرگۈزۈپ پاراكەندىچىلىك سالغان. ئۇ قىرغىز كېيىن مانجۇلاردىن قىزىل قۇببە مونچاقلىق مەنسەپ قالپىقى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئالغاندىن كېيىن بولدى قىلغان. قىرغىزلار خوجىلارغا چوڭ بىر پايدا يەتكۈزۈپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ خوجىلارغا ئەگىشىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. خوجىلار يېڭىلىپ كېلىشى ھامان قىرغىزلار قوقەنتكە بېقىنىشتىن قۇتۇلۇپ، خوجىلارنىڭ سىزغان

سىزنىقىدىن چىقماس بولۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «غازات» قىلىمىز دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە بۇزرۇك خان (جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى) نىڭ تەختكە چىقىشىنى ئوت كۆزى بىلەن كۈتۈشىدۇ. مانجۇلار قىرغىزلارنى قوقەنتلىكلەر كۈشكۈرتكەن دەپ قارايدۇ ھەم شۇنداق ئويلىغانسېرى قوقەنت خانلىقى شۇنچە كۆچىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ھازىر مانجۇلار قىرغىزلارغا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تارتىشنىڭ كويىدا بولماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن قىرغىز قەبىلىلىرى ئارىسىغا ئۆز جاسۇسلىرىنى ئەۋەتمەكتە. مانجۇلار نىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر دائىرىسىگە ئىنگلىزلارنى كىرگۈزمەسلىكنىڭ چارىلىرىنى قىلىپ ھوشيارلىقىنى ئاشۇرماقتا.

ياركەنت ئامبىلى گىلدىتلارنىڭ ئەلچىلىرىنى كەمدىن - كەم قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۇلار ئەكەلگەن كۈمۈش، چاي قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى قايتۇرۇۋېتىدىغان بوپقالدى.

مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆز زېمىنىغا چەت ئەللىكلەرنى كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدىكى پەرمانلىرى ئالتە شەھەردە، پەقەت ئىنگلىزلار بىلەن رۇسلارغا قارىتىلغان. چۈنكى، ئىلگىرى بىر قىسىم ئەرمەنلەر قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار سالغان چېركاۋ ھازىرمۇ ئۇ يەردە بار. جەمئىيەتتە ھىندىستان ھۆكۈمىتى (ئىنگلىزلار) كىچىك بۇخاراغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ خوجىلارنى كەشمىرگە چاقىرتىپتىمىش ۋە خوجىلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتىپتىمىش دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەچكە، مانجۇلار ئىنگلىزلاردىن تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى. بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىغا ھازىرچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر 1855 - يىلىمۇ ياكى 1856 - يىلىمۇ، ئىشقىلىپ ئىككى يىلنىڭ بىرىدە بىر قېتىم ئىنگلىزلار ياركەنتكە كەلگەن ھامان قايتۇرۇۋېتىلگەن دېيىشىدۇ. بىز قەشقەردىكى چېغىمىزدا ئىلگىرى خوتەندە قازاغا ئۇچرىغان

بىر ياۋروپالىقنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن چەت ئەلدىن مەخسۇس پايلاقچى كەپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ھېلىقى ياۋروپالىقنىڭ قازاغا ئۇچرىغان ۋاقتى ۋە باشقا ئالامەتلىرىگە قارىغاندا، ئۇنى دەل گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولوف شلاگىنتۋېيتنىڭ ئۆزى دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى ئۇ كىشىنى ئىسيانچىلار ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇ ئىشلاردىن بىز خەۋەرسىز دەپ ئۆزىگە ئالمىدى. ئالتە شەھەردىكى مانجۇ ھۆكۈمىتىگە رۇسلارنىڭ قانچىلىك خەۋپلىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى بىزنىڭ كارۋان قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىزگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپمۇ بىلىۋالغىلى بولاتتى.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلارغا قاراپ ھازىرقى ئالتە شەھەرنىڭ ناھايىتى مۇشكۇل ۋەزىيەتتە قالغانلىقىنى، بۇ ۋەزىيەتنىڭ مانجۇلارغا قانداق پايدىسىز بولسا، خوجىلارغىمۇ شۇنداق پايدىسىز بولىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مانجۇ ھۆكۈمىتى قوللىنىۋاتقان تەدبىرلەرنىڭ ھېچبىر ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرى بۇ يۇرتقا تىنچلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. بۇ سىياسەتلەر ھەربىر ئىسياندىن كېيىن خەلقنى رەھىمسىزلەرچە جازالاش، بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈش، ئاندىن يەنە بىر قېتىملىق ئىسياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن خۇلاسىلىنىۋاتىدۇ، خالاس. خوجىلار غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن «ئاق تاغلىق»لار بىلەن «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى تۈگىتىپ، ئاداۋەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەمما، بۇنداق قىلىش ئىنتايىن بىر مۇشكۇل ئىش. قوقەنتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھەمىشە خوجىلارغا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ يۇرتلاردا پات ئارىدا ئىسيانلارنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. كىچىك بۇخارانىڭ بۇ ئىستىقبالسىز ھەم مۇشكۇل ئەھۋالىنى يەنە يېقىنقى مەزگىللەردە يۈز بېرىپ ئۆتكەن بىر قانار ۋەقەلەرمۇ

ئىسپانلاپ تۇرۇپتۇ.

1857 - يىلى يەرلىك بەگلەر خوجىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان ھەممە ئامالللارنى قىلىپ كۆردى. مانجۇ خانلىقى: يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز تەۋەسىدىكى شەھەرلەرنى تاشقى دۈشمەندىن ئۆزلىرى قوغدىشى كېرەك، دۈشمەندىن قورقۇپ شەھەرنى تاشلاپ قاچقان بەگلەر بىردەك ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەن. قارىغاندا بۇ پەرمان ئارقىلىق بىر قىسىم لايغەزەل، ھاڭۋاقتى بەگلەر قاتتىق ئەدەپلىنىدىغاندەك قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئالتە شەھەردىكى بەگ - ئامباللار پەقەت پارىخورلۇق قىلىپ، خەلقنى شىلىپ يېيىشنىلا بىلىدۇ. خوجىلار باستۇرۇپ كەلگۈدەك بولسا ھېچقانداق قارشى تەدبىر تۈزمەي، مانجۇ قەلئەلىرىگە مۆكۈنۈۋالىدۇ. ھاكىمبەگلەر تىزلىنىپ گۇناھلىرىنى تىلىشىدۇ ياكى ئىلى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ جان ساقلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ.

بۇ يېڭى پەرماننىڭ چىقىرىلىشى بەگلەرنى ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئەھۋالدا قويغانىدى. ئەگەر شەھەرنى خوجىلار ئىگىلىسە، ئۇ بەگلەر يا خوجىلارنىڭ جازاسىدىن، يا مانجۇلارنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار ئۆلۈم تەھدىتىدىن قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەر ئىككىلا خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق ئامال - چارىلەرنى ئىشلىتەتتى.

1. خوجىلارنىڭ توپىلىغان بايلىقلىرى ۋە ئەسكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن قوقەنت خانلىقىغا خۇسۇسەن ئوش (سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختى قويۇلغان شەھەر دەپ قارىلىدۇ) قەلئەسى ۋە تېرەكتى، ئۆزكەنت، نارىن دەريالىرى بويلىرىدىكى قىرغىزلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ يېنىغا جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇراتتى.

2. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن 1 مىڭ كىشىلىك جاساق تەشكىللەيتتى. بۇلارنىڭ 500 ى ئاستىن ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇش، بەشكېرەم، ئاغۇ يېزىلىرىنىڭ دېھقانلىرىدىن تەشكىللىنەتتى ۋە

شەرقىي شىمال تەرەپتىكى چېگرىنى قوغدايتتى، يەنە قالغان قىسمى غەربىي شىمال چېگرىدىكى تاغلاردا قاراۋۇللۇق قىلاتتى. جاساقتا تىزىملانغانلار پالتا، نەيزە، مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلاتتى. پالتا تۇتقانلار نەيزە بىلەن مىلتىق تۇتمايتتى، مىلتىق تۇتقانلار پالتا بىلەن نەيزە تۇتمايتتى. ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا ئۇلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۆز كىيىملىرى بىلەن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي نام ـ ئەملى ۋە دەرىجىسىنى مۈرىسىگە تىكىپ قويۇلغان خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن قىزىل لاتا (پاگون) غا قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە بولاتتى.

3. خوجىلار باستۇرۇپ كەلسە خەلقنى تېز قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن تۆمۈرچىلەرگە مەخسۇس بۇيرۇتۇپ سوقتۇرۇلغان پالتا، نەيزە دېگەندەك قوراللار شەھەر دەرۋازىلىرى بىلەن ساقچى ئورۇنلىرىغا يىغىپ ساقلىناتتى، تۆمۈرچىلەر بۇ قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى ئالۋان سۈپىتىدە ھەقسىز سوقۇپ بېرەتتى. تۆمۈرنى ھۆكۈمەت چىقىراتتى.

4. شەھەر سېپىلىنى داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار قويۇلۇپ بەگلەر، ئامباللار، ھەتتا دىنىي ئۆلىمالارمۇ نۆۋەت بىلەن سېپىلغا چىقىپ نۆۋەتچىلىكتە تۇراتتى. ئەگەر دۈشمەننىڭ شەپىسى ئاڭلانغۇدەك بولسا، قاراۋۇللار تېز كۆچەيتىلىپ، چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى سېپىلدىن چۈشەلەيتتى. كىشىلەر شەھەر سېپىلىنىڭ ئالتە چوڭ مۇنارىدا خوجىلاردىن قالغان تۆت دانە توپ (زەمبىرەك) بار دېيىشىدىكەن. ئەمما، مەن پەقەت بىرلا زەمبىرەكنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. قەشقەر ھۆكۈمىتى قوقەنت تەرەپتىكى ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بوپكەتكەندى، بولۇپمۇ ئوش شەھىرىدە تۇتۇپ قېلىنىپ تېخىچە قايتۇرۇلمىغان كارۋانلاردىن خەۋەر كەلمىگەنسېرى قەشقەر تەرەپ تېخىمۇ سەگەكلەشتى. قەشقەردىن قوقەنتكە ئەۋەتىلگەن جاسۇسلار ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى قەشقەر تەرەپكە پايدىسىز بولسا

كېرەك. شەھەر دەرۋازىسىدىكى ئەمەلدارلار تېخىمۇ كۆپەيتىلىپ، بىر بەگنىڭ مەسئۇللىقىدا قوقەنت تەرەپتىن كەلگەنلەر قاتتىق تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. شەھەر ئىچىدىمۇ ئامانلىق كۈچەيتىلىپ، كېچىلەردە پانۇس كۆتۈرگەن ئاتلىق چارلىغۇچىلار چارلاشنى كۈچەيتتى. قەشقەردە 1857 - يىلىدىن باشلاپ كەچ سائەت 9:00 لاردىن كېيىن يول يۈرۈش مەنئى قىلىنغانىدى. جىبەكچىلەر شەھەر كوچىلىرىدا ئامانلىق ساقلايتتى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، قەشقەرنىڭ بۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىشىگە قوقەنت تەرەپتىن ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەرنىڭ كېلىشى سەۋەب بولغانىكەن.

ئەلنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تەدبىرلەر ئىچىدە 5 - مارت چىقىرىلغان بىر پەرمان قەشقەرلىكلەرنىڭ يادىدىن ھەرگىز چىقماسلىقى مۇمكىن. ھىجرىيە شەبان ئېيىنىڭ 15 - كۈنى كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بارات ئايىمى قەشقەردە ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ چاغدا يىراق - يېقىندىن كەلگەن تاۋاپچىلار ھازىرقى خوجىلارنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان ئاپاق خوجىنىڭ مازىرىغا توپلىناتتى. گويا پۈتكۈل قەشقەر خەلقى تەۋرەپ كەتكەندەك مىغ - مىغ ئادەملەر مازار يېنىدىكى چوڭ باغقا يىغىلىدۇ. ئاشپەز، باققال، ناۋاي دېگەندەكلەر ئۆز ھۈنەرلىرى بىلەن بۇ جاينى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

كەچ كىرىشى بىلەنلا چىراغلار يېقىلىپ ئەترابىنى يورۇتۇپ دۇئا - تىلاۋەت باشلىنىدۇ. دۇئا - تىلاۋەت ئاخىرلىشىپ يەنە بىر ھەپتىگىچە باغ سەيلىسى بولىدۇ.

5 - مارت كۈنى ھاكىمبەگ مانجۇلارنىڭ ئەمرى بويىچە ئېلان چىقىرىپ، شەباننىڭ 15 - كۈنى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاپاق خوجا مازىرىغا بارماسلىقىنى، ئەگەر كىمدە - كىم پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا دەررە بىلەن ئۇرۇش جازاسىغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا

توپلىشىپ مېڭىشىمۇ چەكلەندى.

شۇ چاغدا مانجۇلارنىڭ خەلقنى بېسىش ئۈچۈن چىقارغان بۇ پەرمانىغا ئاۋام خەلق بىردەك نارازى بولغانىدى ھەم كىشىلەر بۇنداق ئۇلۇغ جايغا ھاقارەت كەلتۈرگەن ئاسىي بەندىلەرنى ئاپاق خوجىنىڭ روھى ئۇرىدۇ، دېيىشكەنىدى.

1857 - يىلىدىكى ئىسياندىن كېيىن مانجۇ ھۆكۈمىتى ئالتە شەھەردىكى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى، يەنى ئىسيان ئەھۋالىنى ۋاقتىدا، تېز ھەل قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قەشقەر ئامبىلىغا ئىلى جياڭجۈنى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش ھوقۇقى بېرىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەر ئامبىلى ياركەنت مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارقىلىقلا ئىلى جياڭجۈنىگە ئەھۋال مەلۇم قىلالايتتى، ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقەنتتىن قېچىپ چىققانلىقى راست بولۇپ، بىز بۇنى كېيىن بىلدۇق.

ئۆكتەبىر ئېيىدا خۇدايارخاننىڭ ئاكىسى مەللەبەگ مەرغىلانغا بېرىپ ئىنىسىغا قارشى لەشكەر تارتتى. بۇ چاغدا قوقەنتتىكى قەشقەرلىكلەر ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ غازاتقا تەييارلاندى. تىللاخان ئىسىملىك بىر بەگ ئۆزى بىلەن بىرگە قەشقەردىن چىققانلارنى توپلاپ تۇنجى بولۇپ مەللەبەگنىڭ بايرىقى ئاستىغا ھازىر بولدى. قوقەنتتىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە قارىتا يەنە بىر قېتىملىق غازات ئۇرۇشى قوزغاش ئۈچۈن قېچىپ چىققان كىچىك خان تۆرىمۇ قوقەنت شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان مەللەبەگنىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋەلىخان تۆرىمۇ مەللەبەگنىڭ يېنىغا بېرىپ قوشۇلدى. مەللەبەگ ئۇنىڭغا بۇنچۇق (مونچاق؟) تەقدىم قىلىپ، ئەگەر قوقەنتنى ئىشغال قىلالىسا ئۇنىڭغا خوجا كالانلىق نامىنى بېرىپ پۈتكۈل قەشقەرلىكلەرگە باش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەم كېلەر يىلى ئەتىيازدا ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەرنى ئېلىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ

قەشقەرگە بىللە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. مەللەبەگ خانلىق تەختكە چىقىپ، ئۆرمۆھەممەت دادخا قەشقەرگە ئاقساقال بولۇپ كەلگەن ھامان، ۋەلىخان تۆرىمۇ قوقەنتتىن قېچىپ چىققانىكەن، ئۇ تۇتۇلۇپ قېلىپ قايتا قوقەنتكە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەللەبەگ خان ۋەلىخان تۆرىنىڭ «بۇنچۇق» لۇق نام ئەمىلىنى تارتىۋېلىپ، كاتتاخان تۆرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بارلىق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ئىشىنى كاتتا خان تۆرىگە تاپشۇرۇپتۇ. مەللەبەگ يەنە ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىنى كۈندە ئۈچ قېتىم كېلىپ كاتتاخانغا سالام بېرىپ تۇرۇش، كەلمىگەنلەرنى تۆرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن قوقەنتتىن ئىجازەتسىز ئايرىلىدىغانلار كۆرۈلسە ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقى ياكى زىندانغا تاشلايدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقەنتتىن قاچقانلىقى راست، ئەمما قەشقەرگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت يوق. مەللەبەگ خاننىڭ خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى توسقانلىقى ۋە كاتتاخان تۆرىنى ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىغا داھىي قىلىپ بېكىتىپ قويغانلىقى راست. ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە بارغۇدەك دېگەن خەۋەرنى قەشقەردىكى ئاقساقال قوقەنت بىلەن مانجۇلارنىڭ سۆھبىتىدە مانجۇلارنى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن تارقاتقان خەۋەر بولۇشى مۇمكىن.

قەشقەر بەگلىرى قوقەنتلىكلەرگە ئىشەنمەيتتى. ۋەلىخان تۆرىنىڭ قوقەنتتىن قېچىپ چىققانلىق خەۋىرى خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. بەزىلەر ۋەلىخان تۆرە ئالاتاۋ قىرغىزلىرى ئارىسىغا قېچىپ بېرىپتۇ، دېيىشەتتى. شەھەر چاسىلىرىدا، ئاشخانىلاردا ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ ئاغزىدىن ۋەلىخان تۆرەم پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

قەشقەر خەلقى ۋەلىخان تۆرىدىن بەكمۇ قورقاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتا كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. كىشىلەر: «تۆرەم كەلسە ھەممىمىزنى بوغۇزلاپ تاشلاشتىن يانمايدۇ»، «ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ ئۇھ تارتىشاتتى. شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن چېرىكلىككە تۇتۇلغان دېھقانلار قوللىرىدىكى قوراللارنى كۆرسىتىپ «بۇنى بىزگە نېمىشقا تارقىتىپ بېرىدىغاندۇ؟ راستىنلا خوجىلارغا قارشى تىغ كۆتۈرەمىزمۇ؟ بىز دېگەن مۇسۇلمان. شۇڭا، ھەرگىز گۇناھقا پاتقۇمىز يوق» دەپ غۇدۇرۇشاتتى. يۇقىرىقى كەيپىياتتىنلا يەنە خوجىلار كەلگۇدەك بولسا ئاشۇ 1857 - يىلىدىكىگە ئوخشاشلا جىق كۈچ چىقارمايلا شەھەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنىڭ چوقۇملۇقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولاتتى.

خاتىرىلىرىمىزنىڭ ئاخىرىدا بىز كەلگۈسىدىكى ئىسيانلارغا باش بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىر قىسىم خوجىلار توغرىسىدا ئاز - تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

ئەينى چاغلاردا مانجۇلارنىڭ جازا يۈرۈشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ساماساق خوجىنىڭ يۈسۈپ خوجا، باھاۋۇدۇن خوجا ۋە جاھانگىر خوجا دېگەندەك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى يۈسۈپ خوجا 1830 - يىلى بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئوتتۇرانچىسى 1825 - يىلىدىكى ئىسيانىدا ئۆلگەنىدى. ئەڭ كىچىكى بولغان جاھانگىر خوجا ئالتە شەھەرگە ھۆكۈمران بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ ئاخىرى مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

يۈسۈپ خوجىدىن كاتتاخان تۆرە نامى بىلەن ئاتالغان ئىشانخان تۆرە، ۋەلىخان تۆرە ۋە كىچىكخان تۆرە دېگەن ئوغۇللار قالغانىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى بولغان ئىشانخان تۆرە 1847 - يىلىدىكى ئىسياننى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئاجىز، نەزەر دائىرىسى تار، گالۋاڭراق كىشى ئىدى. ئۇ يۇرت سورىغان چاغدا ھەرەمخانىغا ئاياللارنى يىغىۋېلىپ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ

كەنتى. ۋەلىخان تۆرە تىرىشچان، ئەقىللىق بولغىنى بىلەن، ئەپيۈن چېكىشكە كۆنۈپ قالغان، تەبىئىتى رەھىمسىز بىر كىشى ئىدى. كىچىكخان تۆرىنى قانداقتۇر بىر«ر خىسلەتكە ئىگە ئادەم دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر قانچە قېتىملىق غازات ئۇرۇشىغا باش بولغان بولسىمۇ ھەممىدە مەغلۇپ بولغان. بىرىنچى قېتىمقىسىدا قورتقا قەلئەسىنىڭ بېگى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قوقەنتكە ئەۋەتمەكەن. كېيىن ئۇ 1847 - ۋە 1857 - يىللىرىكى ئىسيانغا قاتناشقان بولسىمۇ، بىراق ھېچبىر نام - ئاتاققا ئىگە بولالمىغان.

جاھانگىردىن بۇزرۇكخان تۆرە ئىسمىلىك يالغۇز ئوغۇل قالغان. ئۇ چوڭ خوجىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا مەخدۇم ئەزەم دېگەن نامغا ئېرىشەلىگەن. يېشى 38 لەرگە ئۇلاشقان مۇلايىم بۇ كىشىنى ھەممەيلەن ئوقۇمۇشلۇق ھەم پەزىلەتلىك زات دەپ تەرىپلىشىدۇ. ۋەلىخان تۆرىمۇ قەشقەرنى ئېلىشتا بۇزرۇكخاننىڭ نامىدىن پايدىلانغان. كىچىك بۇخارالىقلار ھازىر بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ كىشىگە باغلىماقتا، قىرغىزلارمۇ ئاشۇ شاھزادە باشلايدىغان غازات ئۇرۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. قەشقەرلىكلەر يەنە ئاپاق خوجا جەمەتىدىن بولغان تۇردى خوجا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ. تۇردى خوجا ئەينى چاغدا مانجۇلار ئالتە شەھەرنى ئىستېلا قىلغاندا ئەسىرگە ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلگەنمىش ۋە بېيجىڭدا تۇرۇپ «گۇڭ» نامىنى ئالغانمىش. 1856 - يىلى تۇردى خوجا جەمەتىگە مەنسۇپ بىر كىشىنىڭ جەسىتى ئاپاق خوجا مازىرىغا قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىپتۇ. جەسەتنى ئەكېلىشكە مەسئۇل بولغان ئادەم تۈركىي تىلدا سۆزلىشەلمەيدىكەن، كىيگەن كىيىملىرىمۇ مانجۇلارنىڭ كىيىملىرىدىن پەرقلەنمەيدىكەن.

( چوقان ۋەلىخانوف (مۇھەممەتئىمىن ئۆمەر تەرجىمىسى) «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2001 - يىل 2 -، 3 - سان).

本书较系统、全面、详细地阐述了一些外国探险家、考古学家及学者关于喀什噶尔的纪实。

مەسئۇل مۇھەررىر: ئوسمانجان زۇنۇن
مەسئۇل كوررېكتور: قەمبەرگۈل ئوسمان

«قەشقەر» مەجمۇئەسى

# چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر

## (ئىككىنچى قىسىم)

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچىلەر: ئادىل مۇھەممەت
تەلئەت ئوبۇلقاسىم

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى ئاربوغوز يولى 14- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 11.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000

---

ISBN 978—7—5373—1773—3
باھاسى: 30.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق
ۋاڭ ياڭ



ISBN 978-7-5373-1773-3

9 787537 317733 >

（民文）定价：30.00元